# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

5

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش، ئۇ، ئا، ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

5

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى ئىچكى
سىرلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر .................. چىن فىڭ (1)

جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشى ۋە قۇمۇل ۋەقە-
سىنىڭ سەۋەبلىرى ھەم ئاقىۋىتى .......... پەن زۇخۋەن (42)

جىن شۇرېن دەۋرىدىن ئەسلىمىلەر ...... ليۇدېخې (68)

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىدىن
پارچىلار .................................... گۇڭ بېيجىڭ (91)

جىن شۇرېننىڭ گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى
توغرىسىدىكى ئەھۋاللار ............. سەيخېگسىڭ (132)

مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە
بولغان 12 يىل .................................. باي ئېزىز (138)

سابىق ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى
توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە .............. جۇنەيد بەكرى (172)

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىت-
تىپاقى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە........ سۇزۇلۇك ھاجىيوف (198)

ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ... (206)

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى
ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى .................. جىن شاۋشەن (287)



شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(5)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ سانائەت شۆبىيۈەن باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1982 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى

1982 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M11098·90

باھاسى: 0·62 يۈەن

ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ

# جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر

چېن فىلىڭ

## ( 1 )

1928 - يىلى ( مىنگونىڭ 17 - يىلى ) 7 - ئاينىڭ
7 - كۈنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقى قوشۇمچە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمە ھەربى
پاراۋانلىق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ھەربى ئىشلار نازىرى فەن-
ياۋ نەن، ئۆلكىلىك سىياسى قانۇن مەكتىۋىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش
مۇراسىمىدىن پايدىلىنىپ، زىياپەت ئۈستىدىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت رەئىسى ياڭ زېڭشىن، لۈيجاڭ ( كوماندىر بىرىگادا )
خۇفارۇڭ ئادىيۇتانتلار باشلىقى گاۋلىيەندۇ، ئادىيۇتانت (فۇگۇەن-
مەردەم ) ماۋپېيشىڭ، ۋاڭ × × قاتارلىقلارنى بىر ۋاقىتتىلا
ئېتىپ ئۆلتۈردى. فەن ياۋ نەن ياڭ زېڭشىننىڭ يانچۇقىدىن 3 -
زالنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۆز مۇرىتلىرىدىن 10 نەچچە ئادەمنى
باشلاپ تامغىنى ئالماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا مەمۇرى
ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن، ھىلىقى ھوجرىدا ھۆكۈمەت
ئالاقىلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ۋەقەنى ئاڭلاپ، ياڭ زېڭشىننىڭ مۇ-

ھاپىزەتچى قىسىملىرىنى يېڭىپ، 3 - زالنى قورشاشقا، ئىچكى - تاشقى تەرەپ بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. 3 - زالغا كىرگەن فەن ياۋنەن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن، جىن شۇرېننى مەسلىھەتكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن جىن شۇرېن چىقمىدى. كېيىن تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لۇباۋرۇ، جىن شۇرېن بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، جىن شۇرېننىڭ مۇھاپىزەتچىسى سۇي زاۋجى لۇباۋرۇنىڭ تاپانچىسى بارلىقىنى، ھەم ئۇنىڭ ئەلپازى بۇزۇقلىقىنى كۆرۈپ، ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ لۇباۋرۇنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. دۇفارۇڭنىڭ بالىسى دۇگوجىڭ (پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىنىڭ باشلىقى) ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆز قىسمىنى باشلاپ، سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى قانغا بوياپ، ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى. شۇ ئارىدا، ياردار بولغان يەن يۈيشەندىن ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى چۈشىنىپ پەيلىدىن ياندى. دەل شۇ چاغدا جىن شۇرېن دۇگوجىڭنى چاقىرىشقا ئادەم بۇيرىغان ئىدى. دۇ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلگەندە، جىن شۇرېنمۇ قىسمەن ئەسكەرلەرنى يىغىۋاتاتتى. دۇ شۇ يەردىلا: «تىڭجاڭ! سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزغا ئىتائەت قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ داچىڭ، جاڭ يۈيشۇ (بىرىگادىر - يىڭجاڭ) لارمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى. شۇ ۋاقىتتا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ھەربىي



ئىشلار بۆلۈم باشلىقى جاڭ پېييۈەن، گۇچۇڭنىڭ سابىق ھاكىمى لى خېيۇلار سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەملىشىشكە يېتىپ كەلگەن ئىدى. جىن شۇرېن ئالدى بىلەن سېپىل دەرۋازىلىرىنى ۋە مۇھىم جايلارنى قوغداشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ «ئېتىڭلار!» دېدى. سۇي زاۋجى: «3 - زالدا 4 - ئىنىڭىز تۇرسا» (جىن شۇرېننىڭ 4 - ئىنىسى جىن شۇجىڭ 3 - زالدىكى مەخپىي ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى) ئەسكەرلەر شۇئان جىن شۇجىڭنى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئاندىن ئوق ئاتتى. فەن ياۋنەن ئۆز ئادەملىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى سان جەھەتتىن جىق دۈشمەنگە بەرداشلىق بېرەلمەي يېڭىلىپ بىر - بىرلەپ قولغا چۈشتى. شۇ كۈنى كېچىسى فەن ياۋنەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ تەپسىلىي ئۇقتۇرۇشىنى تەكشۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن مالىيە نازىرى شۇي يىشەن، ئۈرۈمچى ۋالىيسى لى رۇڭلارنى ئۆز ئۆيىگە مەسلىھەتكە چاقىردى. مەسلىھەت ئەسناسىدا لى رۇڭ ئۇشتۇمتۇت ھويلىغا چىقىپ، ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئەسكەرلەرگە ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ: «تۈنۈگۈنكى پاتىپاراقچىلىقنى بەختكە يارىشا جىن تىڭجاڭ (جىن شۇرېننى دېمەكچى) تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە ئەلۋەتتە بۇ كىشىنى تەيىنلەپ ھىمايە قىلىشىمىز لازىم. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە كەلسەك، ئۇنىڭغىمۇ مۇۋاپىق ئادەم كۆرسىتىشىمىز كېرەك. تېلېگىراممىا

ئارقىلىق مەركەزگە مەلۇم قىلىپ، تەيىنلەنسە بولىدۇ.» دېدى. لى رۇڭنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، بورتالا ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى تاڭ يۈگۈاڭ، باتالىيون كوماندىرى ۋاڭ داچىڭلار سۆزگە چىقىپ لى دۈڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئاندىن ھەربىي - مەمۇرى خادىملار جىن شۇرېننىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلغاندا جىن شۇرېن چىقىپ: «تۈنۈگۈنكى قالايمىقانچىلىق ئەككىلىپ تۇرۇشقا يول قويمايتتى. مەن چېگرا ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە سابىق رەئىسىمىز ياڭ جۇشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قايسىڭلارنىڭ يارىدىمى بىلەن سۇيىقەستچىلەرنى بېسىقتۇردۇم. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى، قانۇن بويىچە جازالاندى. گەرچە ھازىر توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يوللارنى ماڭىمىز. ھەر قايسىڭلارنىڭ ئاۋۋالقى روھىڭلار بويىچە خىزمەت ئورنىڭلاردا مەھكەم تۇرۇشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. شەخسەن ئۆزۈم، ئادەم ئىشلىتىشتە سەممىي بولىمەن، مۇبادا سەممىيەتسىزلىك قىلسام، ھەر قايسىڭلارنىڭ نازارەت قىلىپ تۈزۈشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن» دېدى. جىن شۇرېن سۆزىنى تۈگىتىپلا، بۇرۇلغىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. شۇ ×× لى ×× لەر مەسلىھەتلىشىپ، سابىق رەئىس ياڭ جۇشىنىڭ جەسىدىنى سىياسى - قانۇن مەكتىپىدە چوڭ داغ - دۇغا بىلەن ساندۇققا سالغاندىن كېيىن، «شاگىرتمىياۋ بۇتخانىسى» غا ئاپىرىپ، دەپنە ۋە تەزىيە ئىشخانىسى تەشكىل قىلدى. ياڭ زېڭشىننىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلىدى، ھەممىدە مەركەزگە تېلېگىراممىا يوللاپ مەملىكەت بويىچە ھەر بىر ئۆلكىلەرگە ئىسيانىنىڭ ئۆتمۈشىنى تېلېگىراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدىكى ھەربىي - مەمۇرى ئەمەل-



دارلارغا تېلېگىراممىا يوللاپ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇقتۇردى. ئاخىرىدا جىن شۇرېن دىپلوماتىك خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، چىن يۈەنچىڭ (چىن جىشەن) نى مۇۋەققەت خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ۋە دەرھال سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىدىن ھال سوراشنى (ياڭ زېڭشىن بىلەن سىياسى قانۇن مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە بىللە بولغان ئىدى)، ئۇلارغا ئىسيانچىلار بېسىقتۇرۇلۇپ، ۋەزىيەت تىنچلانغانلىقىنى دەپ قويۇشنى تاپىلىدى. چىن يۈەنچىڭ دەرھال سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ماڭدى. جىن شۇرېن شۇي يىسەن بىلەن لى رۇڭنى سىياسى قانۇن مەكتىپىگە ۋە شاگىرتمىياۋ بۇتخانىسى» غا بېرىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ جەسىدىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بۇيرىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، جاڭ پېيۈەن كىرىپ كەلدى، جىن شۇرېن ئۇنىڭغا: «تاشقىرىدا قاندق ھەرىكەتلەر بار، دىققەت قىلغىن!» دەپ تاپىلىدى. ليۇ شاۋلىنى دوبەن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىشقا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ليۇ شاۋلى جىن شۇرېننىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن، رادىيو گىراممىسىنىڭ مەزمۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ، جىن-شۇرېنغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، شۇئاندىلا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە ھۆكۈمەتلىرىگە يوللاندى، تېلېگىراممىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە، 7-ئىيۇل، ۋەقەسى پەيدا بولۇپ، رەئىس ياڭ زېڭشىن سۇيىقەست بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. باش جىنايەتچى فەن ياۋنەن قانۇن بويىچە جازاسىنى تارتتى. ئىسيانچىلار بېسىقتۇرۇلۇپ، چېگرا ۋەزىيىتى تىنچلاندى، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىنى

مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەلچى نيۇشى، دۇتەي چاڭ × ×، قەشقەر ۋالىسى ماشاۋۇ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قورۇقلۇق 2 - بىرىگادىنىڭ باشلىقى ئې يىڭ. قۇمۇل بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شىزيىڭ، ئاقسۇ ۋالىسى جۇرۇيشى، قارا شەھەر ۋالىسى ۋاڭ بوۋرۇي، ئالتاي ۋالىسى جاڭ مىگيۇەن، چۆچەك ۋالىسى لى شيۇچىڭ، خوتەن ۋالىسى ياڭ چۈنجياڭ... لارغا تېلېگىرامما يوللىدى. يەنە قارا شەھەردىكى موڭغۇللارنىڭ چىڭۋاڭى مەنچۇك زاپقا، شىخودىكى موڭغۇللارنىڭ چىڭۋاڭى مىنجۇر، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت، ئالتاي قازاقلىرىنىڭ جۇنۋاڭى ئەلەنۋاڭ، قازاق باتالىيونىنىڭ باشلىقى بايان قاتارلىقلارغىمۇ ئايرىم تېلېگىراممىلار يوللىدى. جايلارغا ھوشيار بولۇپ يەرلىك تىنچلىقنى ساقلاشنى بۇيرىدى. ئۆلكە مەركىزىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ باۋشەن 7 - ئىيۇل ۋەقەسى بولغان كۈنى، ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ئۆيدىن چىقمىغانلىقتىن جىن شۇرېن ئۇنى خىزمەتتىن بوشۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەيزۋات ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى تەن فىڭيىنى تەيىنلىدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆلكە مەركىزىدىكى يېڭىخۇي باشلىقى روزى ھاجى ( ئۇيغۇر ) مەھكىمىگە كېلىپ، جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشتى. جىن شۇرېننىڭ ئىسيانى چاپسان بېسىقتۇرغانلىقىنى، جايلارنىڭ تىنچلىقنى ساقلىنىپ خەلقنىڭ ۋەيرانچىلىقتىن ئامان قالغانلىقىنى، ئۇلۇپ كەتكەن ياڭ جۇشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغانلىقىنى مەدھىيىلەپ ئۆتتى. ھەممە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر جىن ئىمىجاڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋە قوشۇمچە باشقوماندان بولۇشىنى بىر ئېغىزدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



جىن شۇرېنمۇ ئۇنىڭغا ئىسيان ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتى ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى. خەلقتىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاممىغا چۈشەندۈرۈشنى، قالايمىقان سۆز - چۆچەك پەيدا قىلماسلىقنى تاپىلىدى.

بۇ ۋاقىتتا قەشقەر، قۇمۇل، ئالتاي، ئىلى قاتارلىق مۇھىم رايونلاردىكى ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدارلار بىلەن موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر ۋەكىللىرىدىنمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ھىمايە قىلىمىز» دېيىشكەن جاۋاپ تېلېگىراممىلار كەلدى. ھەممە ۋاڭ - گۈڭلار بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە باشقوماندان قىلىمىز دەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشىنى ئۆتۈنگەن تېلېگىراممىلارمۇ كەلگەن ئىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرى پالاتاسىدىن جاۋاپ كېلىشتىن ئاۋال «خىزمەتنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، خەلقنىڭ كۆڭلى تىنجىسۇن، يەرلىك تىنچلىقنى ساقلاپ تۇرۇش ئەۋزەل» دىگەن تەشەببۇس بىلەن جىن شۇرېن 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئىشقا چۈشتى. شۇكۈنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 100 پايدىن ئارتۇق ھۆرمەت توپى ئېتىلدى. جىن شۇرېن ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ليۇ شياۋلى، دۇەن چۈەنلەرنى 3 - زالدا ئىشلەشكە تەيىنلىدى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېن ئىسياننى بېسىقتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 7 ئادەم بولسۇن، جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ، يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتسۇن دىگەن بۇيرۇق ئى-

ۋەتتى. جىن شۇرېن دەررو ھەرقايسى نازارەت، مەھكىمە باشلىق-
لىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى. جىن شۇرېن، لۇ شياۋزۇ، ۋاڭ-
جېزۇ، شۈي سەن، يەن يۈيشەن، ليۇ شياۋلىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بولدى. رەئىس جىن شۇرېن، باش-
كاتىپ لۇ شياۋزۇ، ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا ۋاڭ جېزۇ، مالىيە
نازىرلىقىغا شۈي يىشەن، مائارىپ نازىرلىقىغا ليۇ شياۋلى
قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بولۇپ، مەمۇرى ئىشلار پالاتاسىنىڭ تەستىق-
لىشىگە يوللاندى. ليۇ شياۋلى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىكى ساۋكۇنغا
پارە بېرىپ پارلامېنت ئەزاسى بولىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تەستىقلان-
ماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت
ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئاندىن جىن
شۇرېن ۋاڭ جېزۇنى ئىلىنىڭ ۋالىيلىقىغا يۆتكىدى، لى چېنسى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار
نازىرلىقىغا تەيىنلەپ، جاڭ فېڭجيۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلەپ
تېلېگرامما يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەش-
كىللەش خىزمىتى تاماملاندى.

جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىلەرنى خاتىرجەم
قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىدا ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ
تېلېگرامما يوللىدى. گومىنداڭنىڭ مەمۇرى ئىشلار پالاتاسىدىن:
« رەئىس ئامانلىق قوغداش قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەپ ئەھ-
ۋالغا قاراپ، ئامانلىق قوغداش قىسىملىرىنى تەشكىللەپ، ئامان-
لىقنى ساقلىسا بولىدۇ. باشقا ھەربى خىزمەتنى قوشۇمچە ئۆتەشكە
بولمايدۇ » دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ ئىبۋەتتى. جىن شۇرېن مەمۇرى



ئىشلار پالاتاسى بىلەن چىڭ جېڭشىغا: « شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ،
چەت بىلەن بولغان چېگراسى ئۇزۇن، كۈچلۈك خوشنا ئەلگە
يېقىن تۇرىمىز، ئۇلار ھەر ۋاقىت كۆز تىكىپ تۇرىدۇ. يېقىندىن
قورۇلىدىغان قىسىملار بىلەن بالدۇرقى مۇداپىئە قىسىملىرى، موڭغۇل،
قازاق قىسىملىرى بولۇپ تەخمىنەن 8 دىۋىزىيەدىن ئاشىدۇ.
چۆچەك، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىرى مۇئاۋىن دوتۇڭلۇقنى ئىش-
لەپ، موڭغۇل - قازاق مۇداپىئە قىسىملىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن.
ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەھۋال ئوخشاش-
مايدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇش بولمىسا، چېگرا
ۋەزىيىتىنى ساقلاپ تۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن. » دېگەن مەزمۇندا
تېلېگرامما يوللىدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، جاۋاپ تېلېگرامما
كەلمىدى. پەقەت 1932 - يىلى كۈز پەسلىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جىن شۇرېننى چېگرا مۇدا-
پىئە دۇبەنلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ دەپ ئېلان قىلدى، دۇبەنلىك
تامغىسى نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ۋاكالەت باشقارمىسىدىكى گۇاڭلۇ
( شىنجاڭلىق شىۋە، جىن شۇرېننىڭ تەيىنلىشى بىلەن نەنجىڭدە خىزمەت
قىلاتتى ) سوۋېت يېرى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى.
گۇاڭلۇ چۆچەككە يېتىپ كەلگەندە مەخسۇس ماشىنا بېرىپ، 12 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كەلدى.
ئاپتوماشىنىسى گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەنتى. ھەربى
ئوركېستىر، ھەربى ۋە ساقچىلاردىن تەركىب تاپقان ھۆرمەت قا-
راۋۇللىرى قارشى ئالدى. دۇبەن مەھكىمىسىگە كەلگەندە 30
پاي زەمبىرەك ئېتىپ تەنتەنە قىلدى.

## (2)

جىن شۇرېن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كۆچ چىقارغان ئادەملەرنى كورسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ تەقدىرلىمىدى. جاڭ پېيۇەن ئۇسۇپ ھەربى ئىشلار باشقارمىسىغا باشلىق بولدى. لى خەيرۇ ھەربى شتاپ باشقارمىسىغا، فېڭ لياڭ ھەربى سوت باشقارمىسىغا باشلىق بولدى. دۇگوجىڭ پىيادە ئەسكەرلەر پولكوۋنىكى بولدى. ۋاڭ داچىڭ، جاڭ يۈشيۇلار قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىنىڭ باشلىقلىرى بولدى. جىن شۇجىڭ ( جىن شۇرېننىڭ 4 - ئىنىسى ) پىلىموتچىلار دادۈيى ( گۋاردىيە ) نىڭ باشلىقى بولدى. سۈي زاۋجى باشقوماندان شتاۋى يېنىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىغا باشلىق بولدى. روتا باشلىقى دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ كۆچ چىقارغان خادىملارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مۇۋاپىق ئۇستۇرۇلدى. ياكى بىر ئايلىق مۇئاشى بېرىلدى. توپچىلار روتىسىنىڭ باشلىقى ليۇ دەنشەن ئۇستۇرۇلۇپ باتالىيون باشلىقى ( يىڭجاڭ ) بولدى. لېكىن ئۇ قوبۇل قىلماي، شەنجاڭ بولۇشنى ئوتۇنگەنلىكتىن، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. لى خەيرۇ بىلەن فېڭ لياڭ ۋىلايەت ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىشلەشنى ئوتۇنگەنلىكتىن لى خەيرۇ چوچەككە دوتەي قوشۇمچە باج ئىشلىرىنىڭ نازارەتچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. فېڭ لياڭ كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. ليۇ شياۋلى ليۇ ۋېنلۇڭ يېتىپ كەلگىچە مائارىپ نازىرلىقىغا قوشۇمچە ئىشلەپ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مەخپى ئىشخانىسىدىكى



ئىشنى داۋاملاشتۇردى. دۇەن چۇەن ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى، مەمۇرى ئىشلار پالاتاسى ھەم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە چىن دېشەننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ تېلېگراممى يوللىدى، ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى.

1930 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، جاڭ پېيۇەن جىن شۇرېنغا چەت جايغا چىقىپ ئىشلەش توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم ئىلتىماس قىلىپ، ھەربى ئىشلار باشقارمىسىدىكى خىزمىتىدە خاتىرجەم بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1930 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، جاڭ پېيۇەننى ئىلىدا تۇرۇشلۇق بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىلى بوزيەر ئوزلەشتۇرۇش ۋالىيسى نيۇ شېنى قارا شەھەر ۋىلايىتىگە يوتكىدى. ھەربى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى جىن شۇمىن تاپشۇرۇۋالدى.

## (3)

1929 - يىلى نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە تېلېگراممى يوللاپ، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، ئەتراپىتىكى كۈچلۈك خوشنىلار مارىشىپ تۇرىدۇ. ھەر زامان ئەنسىزلىكتە تۇرىمە. مۇبادا بالدۇرراق ئالدىنى ئالمىساق بىرەر ۋەقە يۈزبېرىپ قالسا بىز ئاجىز كېلىپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە ئايروپىلان، بىرنەچچە چوڭ زەمبىرەك، بىرنەچچە تانكا بېرىشنى « سانى جىق ئىدى، بىراق يادىمدا ئېنىق قالماپتۇ ) يەنە مۇدا-

پىتەلى كۆچەيتىشنى ئىلتىماس قىلدى. لېكىن مەركەزدىن ئۇزۇنغىچە جاۋاپ كەلمىدى. بۇ چاغدا جاڭ فېڭجيۈدىن «يوللانغان تېلېگراممىلارنى مەركەز ئاللىقاچان تاپشۇرىۋالدى. هازىرچە بۇ خىل نەرسىلەر يوق ئىكەن. قەيەردىن بېرىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېلېگراممىا يوللاشتا گۇمان قوزغاپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئويلۇشۇپ ئېۋەتىلسە» دەپ تېلېگراممىا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن نەنجىڭ هۆكۈمىتىدىن هەربى قورال سوراپ ئىلتىماس قىلمايدىغان بولدى. ئوتتۇرا ۋە شەرقىي شىنجاڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، گەرچە قىسمەن تىنچلىقنى ساقلاپ تۇرۇش تەستىقلانغان بولسىمۇ، بىراق جىن شۇرېن چېگرا ۋەزىيىتى خەۋپلىك، يامغۇر ياغماي تۇرۇپ يامغۇرلۇقنى تەييارلاپ قويۇش زورۇرلىكىنى سەزدى. شۇڭا يەنە يەرلىك ئەھۋال بىلەن دولەت مۇداپىئەسىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، هەربى هازىرلىقنىڭ زورۇرلىكىنى تەكرار تەكىتلىدى. 1930 - يىلى، تېلېگراممىا ئارقىلىق مەركەزنىڭ تەستىقلىشى، هەربى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تولدۇرۇپ تارقىتىلغان پاسپورت ئارقىلىق، ئەنگلىيەدىن 2000 تال تېز ئېتىلىدىغان مىلتىق، 4 مىليون تال ئوق سېتىۋالدى، نەنجىڭ هۆكۈمىتى ئىشەنمەي، ئەنگلىيىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىدىن سوراپ، «شىنجاڭغا سېتىپ بېرىلگەن هەربى ئەسلىھەزادى قانچىلىك؟ ئۇنىڭ نامى نېمە؟» دەپ سۈرۈشتۈردى. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى ئەينى بويىچە: «يىۋايىي (شىداچاڭ-ئون ئاتار) مىلتىقتىن 2000 تال، 4 مىليون تال ئوق، ياۋروپا سوقۇشىدا ئىشلىتىلگەن كونا قوراللار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ



قوراللار شىنجاڭ - هىندىستان تاغ يولى ئارقىلىق قوناقلارغا ئارتىپ قەشقەر چېگراسىدىن كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىزچە ئىسمىغا ماهىر پەن جىلو (پەنزۇخۇەن) نى قەشقەر يېڭى شەهەرنىڭ هاكىملىقىغا تەيىنلەپ، شۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى. پۇلنى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناهىيىلەر، 1930 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچىلىك غەللە - پاراق، باج پۇلىدىن ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولدى.

جىن شۇرېن يەنە گېرمانىيەگە ئادەم ئەۋەتىپ، يول چېگداش ماشىنىسىدىن 10 نى سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش قىسىملىرىنى تاشيول ياساشقا سېلىپ، ئەمەلىيات ئىشلىرىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلماقچى بولدى. 1931 - يىلى، ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغا قاتنايدىغان تاشيول پۈتۈپ، ماشىنا مېڭىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا كانچىلىق ئىشلىرىغا دائىر هەرخىل ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ، كانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشماقچى بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ۋە شەرقىي شىنجاڭ ۋەقەسى پەيدا بولۇپ، جياڭجيېشى هۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىركىشىپ قالدى. شىنجاڭ چەتئەلگە يېقىن بولغاچقا، ئىلتىماسقا بىنائەن، قىسمەن تىنچلىق هالەتنى ساقلاپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى. جىن شۇرېن يەنە ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا چىقىپ پاراكەندە سېلىۋاتقانلىقىنى جاڭ جيېشى هۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. لېكىن جاۋاپ بولمىدى، جىن شۇرېن: «جاڭجيېشى هۆكۈمىتى ئاخىرى ئەسقاتمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن تونۇشقا كەلدى. شۇڭا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشسەم بولمىغىدەك» يەنى «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ مىللى ئىگىلىكىگە ئېتىۋار قىلىپ، سانائەت، ئېلېكتىر، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش قاتارلىق هەرخىل ماشىنىلار

بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلسا، دېگەن ئۈمۈتتە بولدى. مانا بۇ كېيىنكى چاغدا ۋاڭ جىڭۋېينىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى رەت قىلىش ۋە «شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ھەققىدە ۋاقىتلىق كېلىشىم» نىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئى يەنى جىن شۇرېن كېيىن نەنجىڭگە بارغىنىدا قاماققا ئېلىنغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

## (4)

1930 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە يەن شىشەن، فېڭ يۈشياڭلار جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇش ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، جىن شۇرېننى 18 - يۈنۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ باشقوماندانى قىلىپ، تېلېگىراممىا ئەۋەتتى. جىن شۇرېن بولسا، «ھەربىي ئىشلاردا ئۆزگىرىش تولاراق بولىدۇ» دېگەن خىيالدا، بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدىم دەپ جاۋاپ تېلېگىراممىا يوللاپ قويۇپلا، ئەسكەر ئېلىپ ئارمىيە قۇرمىدى. كېيىن گەنسۇ دولەت ئارمىيىسىدىكى ليۇ يۈيفېن گەنسۇدىن شەنشىگە كەتتى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (ئاداۋەتچى) گەنسۇدىكى قالايمىقانچىلىق كۆنسايىن كېڭەيمەكتە، ۋەزىيەت قىستاۋاتىدۇ. شىنجاڭغىمۇ خەۋپ يېتىشىۋاتىدۇ. دېگەنلەرنى سەۋەپ قىلىپ، جىن شۇرېنغا: «قۇمۇلدا كۈچلۈك قىسىم تۇرغۇزۇپ، چېگرانى قوغداش ياكى قاۋۇل گېنېرالدىن بىرنى تەيىنلەپ 18 - يۈنۈلۈش ئارمىيىسى باشقوماندانلىقىنىڭ نامىدا سۈجۇغا ئەسكەر كىرگۈزسەك، يەنى كېيىنكى سۈنىڭ ئىچكىرىسىگە بېرىپ ھەيدىسەك،



دېمەك، ئىلگىرىلىسەك ھەرقاچان گەنجۇغا بارالايمىز، چېكىنسەك قۇمۇلنىڭ دەرۋازىسىنى چىڭ ساقلاپ تۇرالايمىز» دېگەن تەكلىپنى بەردى. جىن شۇرېن بۇ تەكلىپكە پەقەت «ئوبدان ئويلىشىپ باقايلى، ئاندىن بىر مەسلىھەتى بولار» دەپلا جاۋاپ قايتۇردى.

جىن شۇرېن قەشقەردە تۇرۇشلۇق 2 - دىۋىزىيە باشلىقى مي يىڭگە تېلېگىراممىا يوللاپ (مي يىڭ گەنسۇلۇق، باۋدىڭ ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن.) «مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار. تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان، دىۋىزىيە شتابىغا مەسئۇل ئادەم تەيىنلەپ، دەررۇ يولغا چىقىپ، ھايال بولماي تېزدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەيسىز» دېدى. مي يىڭ تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىشلارنى بۇيرۇق بويىچە بېجىردى. ئادەتتە مي يىڭ تېنى ساغلام، مۇئامىلىدە سىلىق، ھاراقنى جىق ئىچىدىغان ئادەم ئىدى. يولغا چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر كونا ھەم يېڭىشەھەرلەردىكى ھەربىي- مۈلكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ ئەسنادا ھەممىسى بىر- بىرىدىن ھاراق تۇتۇپ جىق ئىچكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتىلا مىجەزى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يولدا قىلغان سەپەر تۈپەيلىدىن، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ئېغىر يېتىپ قالدى. جىن شۇرېن بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشتى. جىن شۇرېن ئۇنى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ 9 - پولكىدا يېتىپ قوپۇشقا بۇيرىدى. يەنە سۈيىزاۋجىغا ئوبدان قاراپ داۋالىتىشنى تاپىلىدى، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 20 نەچچە كۈن يېتىپلا ئۆلۈپ كەتتى. جىن شۇرېن داغ- دۇغىلىق دەپنە قىلدۇردى. قەش-

قەردىكى 2 - دۆزنىيە باشلىنىشىدا ، جىن شۇرېن 4 - ئىنىسى جىن شۇشىنى تەيىنلىدى. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن ئاداۋەت بىلەن ئۇچرۇشۇش ئەمەلگە ئاشمىدى، لېكىن ئاداۋەت ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە - ئۆزى تەمەننا قويغان هالدا، «ئۆزەم ئەسكەر باشلاپ گەنجۇغا كىرەي» دېدى. جىن شۇرېن ئاداۋەتنىڭ خاھىشى توغرۇلۇق: «قانات - قۇيرۇقلىرىڭ يېتىلمىدى، يىراقلارغا ئۇچالمايسەن» دەپ تەستىق ئۇرۇپ قويدى.

شۇ ۋاقىتتا خېيشى كارىدورى چىڭخەي قىسمىلىرى تۇرىدىغان دائىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇداپىئە جايى شىنجاڭغا تۇتاش ئىدى. جىن شۇرېن مابۇفاڭغا تېلېگرامما يوللاپ: «شىنجاڭ بىلەن چىڭخەينىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشسەك» «مەن ئادەم ئىشلىتىشتە مەھەللىۋاز ئەمەس» دېدى. مابۇفاڭنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىدا: «مەن ھەم ئادەم ئىشلىتىشتە مەھەللىۋاز ئەمەس» دېدى. جىن شۇرېن مەسلىھەتلىشىشنىڭ مۈشكۈللىكىنى سېزىپ ئالاقىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى. شۇئان مابۇفاڭ جىن شۇرېنغا تېلېگرامما يوللاپ، «ئەنگلىيىدىن ھەربى ئەسلىھەلەر سېتىۋالماقچى ئىدىم، ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ بېرىشكە ياردەملەشسىڭىز» دەيدۇ. جىن شۇرېن: «بۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەنگلىيىدىن قورال - ياراق سېتىۋالغىنىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلاتقان. مۇبادا ھەربى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسەت قىلغان پاسپورتى بولسا، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاندىن ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ - دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ تېلېگرامما قايتۇردى. بۇ تېلېگراممىغا جاۋاپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ - چىڭخەي ئارىلىقىدىكى ئالاقە توختاپ قالدى.



## ( 5 )

1931 - يىلى قىش پەسلىدە، گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق يېڭىدىن تۈزۈلگەن 14 - دىۋىزىيە باشلىقى لۇداچاڭ، جاۋيۇيىرېنى يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن خەت بېرىپ ئۆزىگە ۋاكالىتەن شىنجاڭغا بېرىپ، جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈپ ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىدۇ. جاۋيۇيىرېن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ سۈيزاۋچىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. جىن شۇرېن سۈيزاۋچىغا: «كۈتۈۋال!» دەپ بۇيرۇق بېرىپلا قالماستىن، بەلكى جاۋيۇيىرېننى بىر نەچچە ئاي تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. 1932 - يىل باھارمەزگىلىدە جاۋيۇيىرېن خوشلىشىپ گەنسۇغا يانغاندا، جىن شۇرېن جىق يوللۇق تۇتۇپلا قالماستىن، يارامىلىق 4 ئات، تېز ئاتار - شىداچاڭ مىلتىقتىن 4 نى ۋە نۇرغۇن يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئىنئام قىلىدۇ. مېڭىش ئالدىدا جاۋيۇيىرېن بىلەن جىن شۇرېن سۆھبەتلىشىپ شىنجاڭدا ئادەم ئاز. لۇداچاڭ گەنسۇدىن 2000 نەپەر ياش ئەسكەر ئېلىپ شىنجاڭغا يوللاپ بەرسە، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىمىزنى تولۇقلىۋالساق «دېگەن گەپلەر بولۇنغاندا جاۋيۇيىرېن: «چوقۇم يېجىرىمىز، بىراق خېشىدىن ئۆتۈش مۈشكۈل، تىبەت رايونى ئارقىلىق ئۆتۈش مۇمكىن» دەيدۇ. خىراجەت مەسىلىسى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەندە جىن شۇرېن: «تيەنجىندىن ئاجرىتىپ بېرىمىز» دەيدۇ. جاۋيۇيىرېن پىرېۋوت قىلىش تەس، مەن ئالتۇن ئېلىپ كېتەي» دېگەندە جىن شۇرېن ماقۇل كورىدۇ. شۇ كۈنلەردە لۇداچاڭنىڭ كونا خىزمەتچىسى لىخېيى چىڭداۋدا

سىچۈەنلىك دىڭشىخۇنىڭ قول ئاستىدىكى خۇاڭيىڭ بىلەن تۇ-
رۇشقاندا مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ كەلگەن ئىدى. لوداچاڭ ئۇ-
نى قارانىيەت، قوماندانلىقتا بويسۇنمايدۇ، باشقۇرۇش تەس، دەپ
بىر ئىشقا تەيىنلىمىدى. دەل شۇ چاغدا جاۋيۈيرېن شىنجاڭدىن
قايتىپ كەلدى. لىخېيى پاراكەندىلىشىپ جاۋيۈيرېندىن شىنجاڭغا
بېرىشى پۇرسىتى بارلىقىنى ئاڭلاپ، جاۋيۈيرېن بىلەن بىرلىكتە
شىنجاڭغا بارماقچى بولىدۇ. لوداچاڭ مىڭنەچچە يۈز ئادەم، بىر
قانچە بومبا، بىرنەچچە ئون قال ناچار مىلتىق بېرىپ، لىخېيى-
لۈيجاڭ (بىرگادا باشلىقى) جاۋيۈيرېننى مۇئاۋىنلىقتا تەيىنلەپ،
شىزاڭ رايونى ئارقىلىق شىنجاڭغا يولغا سالدى. لېكىن رايو-
نىغا كەلگەندە تىبەتلىكلەر توساپ قويغانلىقتىن ماڭالماي، قاي-
تىپ كېلىدۇ. جاۋيۈيرېن بىلەن لىخېيى يول ئۈستىدە پۇل باش-
قۇرۇش توغرىسىدا زىتلىشىپ قالىدۇ. لوداچاڭ ئاڭلاپ، گۇمان-
لىنىپ، دەرھال بىر پولك ئەسكەر ئېۋەتىپ «يوقۇتۇڭلار!» دەپ
بۇيرۇيدۇ. لىخېيىنىڭ قارشى تۇرۇشقا كۈچى يەتمەي ئاز سان-
لىق ئادىمى بىلەن لېكىن ناھىيىسىنىڭ يېڭىخۇ تېغىغا بارغاندا
مەنسەن ناھىيىسىدىكى ۋالى خۇمېن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈ-
رۈلدى. بۇ سەرگۈزەشتىنى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەنگە قەدەر
ھېچكىم بىلمەيتتى.

## ( 6 )

1933 - يىلى 3 - ئايلاردا، جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھەر-
بىي ئىشلارنىڭ كېڭىيىشى تۈپەيلىدىن قاتتىق كۈچەيتىشنى



پىلانلاپ، سوۋېت ئىستىمپاقىدىن 100 دانە ئايتو ماشىنا سېتىۋال-
ماقچى بولدى. باھاسىنى سوزلۇشۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىستىمپاقى-
نىڭ كونسۇلى زىراكىن بىلەن ئۇچرىشىشقا كىشى تەيىنلەپ،
سوزلەشكەندە زىراكىن بىر قىسىم زاكالەت پۇل تاپشۇرۇپ تۇ-
رۇشقا ماقۇل بولۇپ «باھا توغرۇلۇق ئوبدان مەسلىھەتلىشەيلى»
دەيدۇ. لېكىن زاكالەت پۇلنى تاپشۇرۇشقىمۇ ئىلاجى بولمايدۇ.
جىن شۇرېن ھەر بىر نازارەت، مەھكىمە باشلىقلىرىنى ئوز مەھ-
كىمىسىگە چاقىرىپ ئۇلارنى ئالتۇن قەرز بېرىپ تۇرۇشقا سە-
پەرۋەر قىلغاندا، چېن جىشەن 500 سەر، جۇرۇيشى 100 سەر،
لى دۇڭ 20 سەر، جاڭمىڭيۈەن 80 سەر، لى چى، ليۇۋېنلۇڭ ۋە
ھوكۇمەت دائىرىسىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ (تەپسىلى-
سانى يادىمدا يوق) جەمئىي 1274 سەر 6 پېرىم مىسقال ئالتۇن
تاپشۇردى. جىن شۇرېن ئوز نامىدا تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا
ۋاقىتلىق ھوججەت بەردى ھەمدە مالىيە نازارىتى غەزىنىسىدىنمۇ
رەسمىي ھوججەت بەردى. ئالتۇننى چوچەككە ئاپىرىشقا چاڭ-
يىڭشۇنى تەيىنلەپ، چوچەكنىڭ ۋالىسى لۇشياۋزۇغا تاپشۇرۇش-
تاپشۇرۇۋېلىشى توغرۇلۇق ئالاقىلىشىۋاتقاندا، ئۈرۈمچىدە «12 -
ئاپرېل» سىياسىي ئوزگىرىشى بولۇپ قالدى. جىن شۇرېن لۇشياۋ-
زۇغا «تاپشۇرماي تۇر!» دەپ جىددىي تېلېگىرامما يوللاپ، ئوزى
چوچەككە بېرىپ، لۇشياۋزۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «بۇ ئالتۇننى
يول خىراجەت قىلاي، بۇنىڭغا ئۈرۈمچىدىكى مال - مۈلۈكلىرىمنى
ئېلىڭلار» دەيدۇ. لۇشياۋزۇ ئولكىلىك ھوكۇمەتكە تېلېگىراممايول-
لاپ ئىلتىماس قىلغىنىدا ئولكە تەرەپ تەستىقلايدۇ. جىن شۇرېن
نەنجىڭگە بېرىپ باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغىنىدا، يە-
نى ئەيىبلىنىش ئەرزىدە «ھوكۇمەتنىڭ ئالتۇنىغا خىيانەت قىلدى

دىگەن قىسمى مۇھىم مەزمۇن بولغان. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت ھەم دۇبەن مەھكىمىسىدىن تېلېگىراممۇ ئارقىلىق:
جىن شۇرېننىڭ چوچەكتىن يول خىراجەت ئۈچۈن ئالتۇن ئالغان-
لىقى ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھەققىدە سورىغاندا،
شىڭ شىسەي بىلەن لى رۇڭ بىرلىكتە قول قويۇپ يوللانغان تېلې-
گىراممىدا: „تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە سابىق رەئىس جىن شۇرېن
چېكىنىپ چۆچەككە بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن سېتى-
ۋېلىنىدىغان ئاپتوماشىنىغا ئالدىن تاپشۇرۇش ئۈچۈن ساقلانغان
1270 سەردىن جىقىراق ئالتۇننى يول خىراجەت ئۈچۈن ئالغان.
مەزكۇر ئالتۇن پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەرەپ تىجارەتچىلەردىن قەرز
ئېلىنغان. ھازىر قەرز ئىگىلىرى ھۆكۈمەتتىن ئالتۇنلىرىنى سورى-
غىلى تۇردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا... ئۈچ قارارغا بولۇپ
تولەش قارار قىلىندى. يەنى 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈ-
نى بىرىنچى قارار؛ 1935 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىك-
كىنچى قارار؛ شۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچىنچى قارار
بولۇپ، خاتىرىسى ئارخىپتا ساقلاغلىق. ئارخىپتىكى قارارنى
ئەينەن كۆچۈرۈپ، تېلېگىراممىدا ئارقىلىق مەلۇم قىلدۇق» دېيىلگەن.
مېنىڭ بىلىشىمچە جىن شۇرېننىڭ ئۈرۈمچىدە ئۈچ
جايدا قوزغالماس مۈلكى بار ئىدى.
بۇنىڭدىن باشقا كىيىم - كېچەك، كىتاب - رەسىم ۋاھاكازالار ئۇ چاغ-
دا جىن شۇرېننىڭ ئۆي - جايلىرىنى دەسلىۋىدە مۇساددىرە
ھەيئىتى باشقۇرۇپ كەلگەن. كېيىنچە بىر ھويلىسى پاھلانغۇچ
مەكتەپ قىلىنىدى. يەنە بىر ھويلىسىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ
باش كاتىۋى خۇتەنگۇيى ئىگەللەپ ماكانلاشتى. كىتاب، رەسىم
قاتارلىق نەرسىلىرىنى دەسلەپتە شىڭ شىسەي كىتابخانىغا تاپشۇر-



غانمىش، كېيىن كىملەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى نامەلۇم، كىيىم-
كېچەك ۋە ساندۇق ھەم ساقلانغان ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق
بويۇملىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس ۋە كىملەرنىڭ قولىغا چۈشكەن-
لىكى نامەلۇم. بۇ پۇللار كېيىنكى چاغلاردا سۈرۈشتۈرۈلمەستىن
يوق بولدى.

## ( 7 )

جىن شۇرېن قۇمۇلدا „ ھەممە يەرنى قايتۇرۇش " نى
ئەمەلگە قويدى. بۇ ئىش نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، قۇمۇل دېھقان-
لىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ئارقىدىنلا
ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭغا كىرىپ، بىر نەچچە
يىلغىچە سوقۇش داۋام قىلدى. 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ما
جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىپ، ۋەزىيەت نا-
ھايىتى جىددىيلەشتى.

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سەھەردە،
ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چوڭ كۆۋرۈككە
ھۇجۇم قىلىپ، خۇڭسەنزۇيىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ جايدا تۇرۇش-
لۇق بىر پىيادە ئەسكەرلەر روتىسى ( 58 نەپەر ئادەم ) پۈتۈنلەي
يوقۇتۇلدى. كەينىدىنلا ماجۇڭيىڭ ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن 1000
دەك ئادەمنى مەجبۇرلاپ ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چاغ-
دا شەھەر مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ قوماندانى بەي شۇجېڭنىڭ ئاران 700
ئەسكىرى بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە قۇراللىق ئاق ئورۇسلار 300
ئادەم ئىدى. ئاينىڭ 20 - كۈنى خۇڭسەنزۇيى جىڭ جۇسەن، ياۋ-

ماۋسەن قاتارلىق جايلارنى بىرمەزگىل ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، دەرھال قايتۇرۇپ ئېلىندى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى سىچۈەن خۇيزۇلىرىنى ياردەمگە ئېلىپ، ئۇلارنى چوڭ كۆۋرۈكتىكى خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە، توقۇمىچىلىق زاۋۇدىغا، باغچا قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياردەملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى چوڭ كۆۋرۈككە ئوت كېتىپ، ماجۇڭيىڭ نەنسەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چوڭ كۆۋرۈكتىكى سوقۇشتا، ئۆلۈش ھەم يارىدار بولۇش ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولدى.

4 ‐ ئاينىڭ 1 ‐ كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى سەنپەيكۇدىن ئۈرۈمچىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار 700 مىلتىق، ئىككى چوڭ زەمبىرەك، ئۈچ پىلىموت بىلەن كېچە ‐ كۈندۈز ھۇجۇم قىلدى. 4 ‐ چېسلا چۈشتىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ياۋماۋسەنگە زەمبىرەك ئورنىتىپ، ئۈرۈمچىنى توپقا تۇتتى. شەھەردىن 5 چوڭ زەمبىرەك بىلەن قارشى ئوق ئاتتى. بۇ چاغدىكى ھەربى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جىن شۇرېندىن: «ھازىر شەرقىي ‐ شىمال پىدائىي قىسىملىرى ئارقىمۇ ‐ ئارقا ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا قورال تارقىتىپ، شەھەر مۇداپىئەسىگە ياردەملەشتۈرسەك قانداق؟» دەپ سورىغاندا، جىن شۇرېن: «شەرقىي ‐ شىمال، غەربىي ‐ شىمال ھەممىسى دۆلەت زېمىنى، غەربىي شىمالدا ھازىرقىدەك مۇشكۈل پەيتتە تۇرغاندا كەلگەن ئەسكەرنى ئەلۋەتتە ئىشقا سېلىش لازىم ‐ دە!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەربى ئىشلار باشلىقى دەرھال: «ئۇنداق بولسا شەرقىي ‐ شىمال پىدائىي قىسىملىرى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بار، شۇڭا ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىشلىتەيلى» دەيدۇ. جىن شۇرېن شىڭ شىسەينى چاقىرىپ ئۇنىڭغا



ۋەزىپە بەرگەندە، شىڭ شىسەيمۇ: «مېنىڭدە مۇتلەق يامان نىيەت يوق. بۇيرۇققا قەتئىي ئىتائەت قىلىمەن. ۋەزىپەمگە سادىق بولىمەن» دەپ قەسەم بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەي يېڭى بۇيرۇق ئېلىپ 9 ‐ چېسلا قىسىملىرىنى باشلاپ، شەرقىي ‐ شىمال پىدائىيلىرىنىڭ بىر قىسمىغا قورال تارقىتىپ، شۇيمۇگۇ، سەنداۋبا قاتارلىق جايلارنى مۇداپىئە قىلدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ۋاقىتىنچە چېكىندى.

12 ‐ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە 300 دىن ئارتۇقراق ئورۇس ئەسكەرلىرى بۇزۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا دۇبەن مەھكىمىسىدىكى قوغداش باتالىيونى بىلەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ‐ دىۋىزىيەسىنىڭ كوپچۇلىكى سىرتتا بولۇپ، كازارمىدا ئادەم ئاز ئىدى. شۇڭا، قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن جىن شۇرېن تامغىسىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قاچتى. ھەربى ئىشلار باشلىقى جىن شۇشېن، پولك باشلىقى سۇي زاۋچېلار ئەسىرگە چۈشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەم دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھىم خىزمەتچىلىرى تامدىن ھالقىپ قېچىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى بوشىتىپ بەردى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى باپىنگۇت بېرىگادا ئىشتاۋدا ئېچىلغان نازىرلار، باشقارما باشلىقلىرى ۋە پولك باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدا: «بۇ قېتىم سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشقا ھەقىقەتەن مەجبۇر بولدۇق. جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتى يوق. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىنى كەتكۈزۈپ قويدى. خەلق پۈتۈنلەي ئاچارچىلىق گىرۋىكىگە بېرىپ قالدى. ئەسكەرلىرىمىز خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جىن شۇرېن ئادەتتە بىزگىمۇ

خېلى ئېتىۋار بەرگەن. ئۇنىڭغا قەست قىلىش غەرىزىمىز يوق،
پەقەت ئۇنى ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇشقىلا تەۋسىيە قىلىمىز» دېدى.
يېغىن ئەھلى بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. شۇ كۈنى كېچىسى ۋاقىتلىق
ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ھەربى ئىشلار ھەيئىتى قۇرۇل-
دى. ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن مائارىپ نازىرى ليۇۋېنلۇڭنى ۋا-
قىتلىق رەئىس، شەرقىي - شىمال قىسىملىرىنىڭ بىردىگادا باشلى-
قى چېن رۇڭچىڭنى ۋاقىتلىق ھەربى ھەيئەت باشلىقى قىلىپ
سايلىدى. ليۇۋېنلۇڭ ئۈچ تۈرلۈك ۋەدە بەردى: (1) پۈتۈن
ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال - مۈلكى ھەم ھاياتىغا
كاپالەتلىك قىلىمەن؛ (2) جىن شۇرېن ئائىلىسىنىڭ مال -
مۈلكى ھەم ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىمەن؛ (3) سوۋېت كونسۇل-
خانىسىنى مۇھاپىزەت قىلىمەن. كاپالەتنامىغا پۈتۈن ھەيئەتلەر
ئىمزا قويۇپ ماقۇللىدى، ليۇۋېنلۇڭ ئۈرۈمچى ھاكىمى ۋە ساقچى
باشلىقىنى، ئومۇمى قارارنى ئاپىرىپ جىن شۇرېنغا كورسۇتۇشكە
بۇيرىدى، يەنى: خاتىرجەم بولسۇن، ھاياتىغا ھەرگىز خەۋپ
يوق دەپ تەۋسىيە قىلدى. جىن شۇرېن شۇئانلا ياڭ جىنجۇڭنى
چاقىرتىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدۇرالغان لىياڭ ×× مىڭ ××
پولكىلىرى بىلەن بىرلىكتە قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى، جىن شۇرېن
سىپىل ئۈستىدە تۇرۇپ بىر كېچە-كۈندۈز سوقۇشقا
قوماندانلىق قىلىپ، سىپىلنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىنى قولغا
ئالدى. ئورۇس ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە
ھازىرلىنىپ تۇرغاندا شەرقىي - شىمال قىسىملىرى يارادەمگە
كېلىپ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇردى. بۇ چاغدا سودىگەرلەر
جەمئىيىتى ئاقبايراق كوتۇرۇپ تىنچلىق تەلەپ قىلدى.



بۇ نۆۋەت ئىش قوزغىغانلار 5 ئادەم ئىدى. تاۋمىڭيۈي، گېمېر-
كىنلەر شەرقىي - شىمال قىسىملىرىنىڭ ھىسداشلىقىنى قولغا
كەلتۈرۈپ، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىش قوزغى-
شىغا يول قويدى: 400 دەك ئادەمنىڭ نىسپى شەھەر ئىچىدە،
قالغان 200 ئادەم شەھەر سىرتىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.
قوماندان ياڭ جېنجۇڭ مېڭ × × ۋە لىياڭ × × تۈەنجاڭلار
بىلەن بىرلىكتە قايتارما ھۇجۇم قىلغانلار 1000 دىن ئوشۇق
بولۇپ قورال - ياراقلىرى خىل ئىدى. بۇ سوقۇشتا ئىككى
تەرەپتىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانى 350 دىن ئارتۇق-
راق بولدى. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
شەھەرنىڭ شىمالىدىكى يىپاۋچىڭگۇڭغا جايلاشتى، چېن جوڭ
(شۇ چاغدىكى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربى مۇشاۋىرى)
بېرىپ ئالاقە قىلىشتى، شىڭ شىسەي سىياسى ئىنقىلاپنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، خۇگسەنزۇينى توپقا تۇتۇپ ھۇجۇم
قىلدى. جىن شۇرېن ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ ئۆڭۈشسىزلىقىنى بىلىپ
ياڭ جېنجۇڭ بىلەن غەرىپكە قاراپ چېكىندى. جىن شۇرېن
ئىلىغا بارماقچى بولدى. بىراق جاڭپېيۋەننىڭ پوزىتسىيىسى
مۇجمەل بولغانلىقتىن، بېرىشتىن يالتايدى. ماناسقا يېتىپ بار-
غاندا، چوچەكتىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان شەرقىي - شىمال پى-
دائىي قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ، ئۇلارغا 500 كىشىلىك مىلتىق 40
مىڭ تال ئوق، پىلمۇت ھەم زەمبىرەك بېرىپ، مەسلىھەت بى-
يىچە ئۇلارنى رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇش قىلىشقا تەۋ-
سىيە قىلدى، لېكىن شەرقىي - شىمال پىدائىي قوشۇنلار قورال-
نى ئالغاندىن كېيىن، بىز تىنچلىقنى خالايتتۇق» دەپ تۇرۇ-

ۋالدى، جىن شۇرېن ئىشىنىڭ ئېپلەشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يالڭجىنجۇڭنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ماشىنا بىلەن چوچەككە كەتتى. چوچەكتىكى چېن شىۋپىڭ، لى زۇشياڭ قاتارلىق ئىككى قوماندان قورال تاپشۇرۇپ، شەرقىي - شىمال پىدائىيى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئورۇمچىگە كەتكەن ئىدى. جىن شۇرېن چوچەككە يېتىپ بېرىپ ئاينىڭ 24 - كۈنى خىزمەتتىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي تېلېگىرامما يوللىدى. گومىنداڭ مەركىزى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىن شۇرېننىڭ ئىستىپاسىنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەگىشىپ ماڭغان قىسىملىرىنى ئىلىغا بېرىپ، جاڭپېيۋەننىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. جىن شۇرېن شۇنىڭ بىلەن بالا - چاقىلىرىنى باشلاپ سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە كەتتى.

(8)

« 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى » دە تەختتىن چۈشكەن جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تيەنجىنگە يېتىپ باردى. ئۇ ئەسلىدە تيەنجىندە ۋاقتىنچە دەم ئالماقچى بولسىمۇ، لېكىن جياڭجيېشى جىڭوا ئەھۋالنى بىلگۈسى كېلىپ، كەينى - كەينىدىن تېلېگىرامما يوللاپ ئۇنى چاقىرتتى. جىن شۇرېن ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، 1933 - يىلى 10 - ئايلاردا نەنچاڭغا بېرىپ جياڭجيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، « مەن نەنجىڭگە بېرىپ ھەر بىر پالاتاغا خىزمەتتىن دوكلات بەرسەم » دېسۇ. جياڭجيېشى ماقۇل كۆرۈپ « نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن،



لى جىشى مېھمانخانىسىدا ياتقىن » دەپ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، يول بويى غەمخورلۇق قىلدى. دەل شۇ چاغدا شىنجاڭلىق ئەيسا ئالىپتېكىن جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەمۇرى پالاتا باش كاتىپ جۇمىنيى بىلەن كۆرۈشۈپ، جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. جۇمىنيى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەيسا ئالىپتېكىن جىن شۇرېننىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان ۋە خىيانەت قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ مەمۇرى پالاتاغا ئەرز قىلدى، جىن شۇرېن 10 - ئايلاردا نەنچاڭدىن نەنجىڭگە كېلىپ جوڭياڭ مېھمانخانىسىدا ياتقان ئىدى. مەمۇرى پالاتا بىر ئەمەلدار بىلەن تۆت نەپەر شيەنبىڭ ( ژاندارم ) ئەۋەتىپ، قولغا ئېلىپ، يەرلىك سوتقا تاپشۇردى. جىن شۇرېننىڭ ئەرز قىلىنىشى مىنىڭ بىلىشىمچە ئىككى سەۋەبتىن ئىبارەت. بىرىنچىسى: ۋاڭجىڭۋېينى خاپا قىلىپ قويغان ئىدى. 1930 - يىلى ۋاڭجىڭۋېي بېيجىڭدە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، جىن شۇرېنغا ئۆزىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا تېلېگىرامما يوللىغان. جىن شۇرېن « شىنجاڭ چېگرا ئولكە، ئەزەلدىنلا مەركەزگە تايىنىپ ھەم ئىشىنىپ كەلگەن. ۋاڭ × × ئەپەندىم مۇبادا مەركەزگە بېرىپ قالىدىغان بولسىلا ئەلۋەتتە سىزنى ھىمايە قىلىمىز، لېكىن مەركەزگە بارماستىن تۇرۇپ ئۆزىمىزچە پالان دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز » دەپ جاۋاپ تېلېگىرامما قايتۇرغان ئىدى. دېمەك جىن شۇرېن: « بۇت بىلەن كارىمىز يوق، بۇتخانىنى تونۇيمىز » دېمەكچى ئىدى. بۇ ھەقتە ۋاڭ جىڭۋېي ئىنتايىن خاپا بولغان ئىدى. كېيىن جىن شۇرېن تەختت-

تىن چۈشۈپ، نەنجىڭگە بېرىپ، خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەن ۋاقتى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ مەمۇرى ئىشلار پالاتاسىغا باشلىق بولۇپ تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ئەيسا ئالىپتېكىن ئەرز قىلغان هامان دەرھال قولغا ئېلىنىشقا بۇيرۇق قىلىندى. يەنى يۇقۇرقى ئۈچىنى ئالماقچى بولدى. ئىككىنچىسى، چۆمىنيىنى خاپا قىلىپ قويغان ئىدى. 1931 - يىل 8 - ئايدا چۆمىنيى جۇڭگو - فىرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە بارغاندا، جىن شۇرېن ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتىش ۋاقتىدا كورنەرلىك سوغا تەغدىم قىلمىغانلىقتىن بۇ ھەم نارازى ئىدى.

جىن شۇرېننىڭ دېلوسى ھەققىدە يەرلىك سوت تۈنجى سوراق قىلغاندىن كېيىن، قىسقىچە مەلۇمات يېزىپ ئەدلىيە مىنىستىرلىك ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ۋە شىنجاڭ يۇقۇرى سوتقا تېلېگىراممىا يوللاپ تەكشۈرۈش يۈرگۈزدى. بۇ چاغدا ھوكۇمەت بېشىغا چىققان شېڭ شىسەي تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن جاۋاپسىز قالدۇردى. كېيىنچە جىن شۇرېننىڭ دوسلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئويلانغاندىن كېيىن، ھەر جەھەتنى كوزدە تۇتۇپ، 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 كۈنى: « تەكشۈرۈپ كورىشىمىزچە، جىن شۇرېن شىنجاڭدا 5 يىل ھوكۇمەت بېشىدا تۇرغاندا ھېچبىر نەتىجە يارىتالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەتكەن ئادەملىرى ناموۋاپىق بولغاچقا، ئەھۋالغا ماسلىشىپ كېتەلمىگەن. ئەرزدىكى تارماقلارغا كەلسەك: يا دەۋر شارائىتىنىڭ ئېھتىياجى، يا مەمۇرى چارە قوللىنىش تۈپەيلى قىلغان ئىشلىرى تامامەن توغرا، قانۇن بويىچە جىنايەتكە ياتمايدۇ. سابىق شىنجاڭ ھوكۇمىتىنىڭ كاتىۋى



چېن فېيىنى ۋەكىل قىلىپ، سوراق ئۈستىدە گۇۋاھچىلىق قىلىشقا تەيىنلەنگەندىن تاشقىرى ئالاھىدە تېلېگىراممىا ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇردۇق.» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ قايتۇردى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن تەكشۈرۈپ ئېۋەتىلگەن جاۋاپ تېلېگىراممىا نەنجىڭگە كەلگەندە ئەدلىيە - مىنىستىرلىك جاڭگىنىڭ يەرلىك سوتقا يوللاپ بەردى. لېكىن سوراپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، كېيىنگە سورەپ ئاياقلاشتۇرمىدى. بۇ چاغدا جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشى ھەم دوسلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر شۇ چاغدىكى مەركىزىي ھوكۇمەتكە جىن شۇرېننى قوغداش ئۈچۈن مۇنازىرلەشتى. گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار، يەرلىك مۇتىۋەر زاتلار ۋە جىن شۇرېننىڭ ئەسلى يۇرتى لىنشيا رايونىدىكى ناھىيىلەرنىڭ خەلقلىرىمۇ جىن شۇرېننىڭ ئەنزىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ياردەملىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، خەت يازدى. قورچاق - چىڭخەي ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ رەئىسى مالىڭمۇ جياڭ جيېشىغا ئىلتىماس قىلىپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك بەزى ئۆلكە رەئىسلىرى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن جىن شۇرېنغا ئوخشاش كۈنگە قالماسلىق ئۈچۈن قۇتقۇزۇشقا كۈچ چىقىرىشقان ئىدى. بىراق جاڭگىنىڭ يەرلىك سوت بىرىنچىدىن مەمۇرى پالاتا تاپشۇرغان ئەنزە بولغاچقا، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ، «گۇناسىز» دەپ ھوكۇم چىقىرالمىدى، شۇنىڭدەك جامائەت پىكرىنى كوزدە تۇتۇپ جازالىيالمىدى، ئۇنىڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلابقا مەسئۇل قىلىنغان ئەمەلدار شىن بىڭچيەن قانۇندىن ئاساس تاپالماي، ئالى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئىلتىماس

قىلىپ ئىشنى كەينىگە سوزدى. 1935 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە سوراق قىلىپ قاراپ چىقىشنى باشلىدى. يەنى ئەيىپكار ھەم ئەيىپلىگۈچى ۋە گۇۋاھچىلاردىن ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى سورىغاندىن كېيىن ئادۋوكات جاڭ ياۋزىڭ، جياڭ يۇڭ، ۋاڭ رۇيلىڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىگە ماددىلارغا بىنائەن ئاقلاشنى بۇيرىدى. «باشقىلارنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، ئوت قويۇشقا قۇترىتقان، تاجاۋۇز قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان دېگەن ئۈچ ئىشتا گۇناسىز» دېگەندىن تاشقىرى پەقەت تاشقى ئىشلار قىسمىدا «جىن شۇرېن» ئۆزىنىڭ شەخسى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتكە زىيان يەتكۈزدى دەپ قارىلىپ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 118 - ماددىسىغا بىنائەن ئەسلىدە مۇددەتسىز جازاغا ياكى 7 يىلدىن ئارتۇق مۇددەتلىك جازاغا لايىق بولىشى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 77 - ماددىسى، 84 - ماددىسىغا ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ، بۇ جازانىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى كېمەيتىپ تاشلىنىپ 3 يىل 6 ئايلىق مۇددەتلىك جازا بېرىلسۇن، 5 يىللىق گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسۇن،» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. ئەدلىيە پالاتاسى ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ 1935 - يىلى دۆلەت بايرىمى كۈنىسى پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم قىلدى.

جىن شۇرېن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ نەنجىڭدە ياتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندا لەنجۇغا كېلىپ 1941 - يىلى ۋاپات بولغاندا 62 ياشتا ئىدى.



## قوشۇمچە № 1

# جىن شۇرېن ئەرز قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ جاۋاپ بەرگەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات:

1 - تەكشۈرۈشىمىزچە شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا ئالاقە كېلىشىمى، ئەسلىدە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خوشنا بولغاچقا ئۆز ئارا سودا - ئالاقە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە زادىلا توختۇتۇپ قويۇشقا بولمايتتى. دۆلەت مۇداپىئەسىمىز ئاجىز بولغانلىقتىن، چېگرانى تاقاپ قويۇشقىمۇ بولمايتتى. ھېچقانداق توسالغۇسىز، ئىختىيارىغا قويۇۋاتقاندىن كۆرە كېلىشىم تۈزۈشسەك، بىر ئاز چەكلەپ تۇرۇشقا پايدىلىق. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا نۇقسانى يوق. 18 - يىلى ئوتتۇرا ۋە شەرقى تەرەپتىكى ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن، مەركەز چېگرانىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، «شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ساقلاپ قېلىنسۇن» دەپ تېلېگىرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بەرگەنلىكى ئەنگە ئېلىنغان. شۇڭلاشقا قائىدە بويىچە ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى تۈزۈلدى. بۇ ھەقىقەتەن شارائىت تەقەززاسى. ئەلۋەتتە توغرا چۈشۈنۈشكە تېگىشلىك. كېلىشىمنىڭ

ئەسلى نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ كورسەك، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قىلچىمۇ نوقسان يەتكۈزىدىغان يېرى يوق.

2 - « قۇمۇلدىكى يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش زۇڭلىنىڭ ① ۋەسىيىتىگە بىنائەن قوللىنىلغان تەدبىر بولۇپ، مەقسەت فېئودالىزىم تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەنى سىناق ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، قالايمىقانچىلىققا سەۋەبچى بولۇپ، دەرھال توختىتىلدى. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىنى مەجبۇرى بۇيرۇق بىلەن خەنزۇلارغا ئېلىپ بەرگەن ئىش ئەمەس. ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەكشۈرگىنىمىزدە جىن شۇرېن ئادەم ئىشلىتىشتە خاتالىشىپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش كورگەنلىكتىن بولغان. ماجۇڭيىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە - ئىغۋا تارقىتىپ ۋەقەنى زورايتىشقا كۈشكۈرتتى، ھەتتا ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى. ئولكىلىك ھوكۇمەت ماجۇڭيىڭنىڭ شۇ جايدا تارقاتقان ئۇيغۇرچە، قازاقچە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى مەركەزگە قاراشلىق 36 - دىۋىزىيەنىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇيرۇقلىرىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ پولاتتەك پاكىت بولالايدۇ. ھازىر ۋەقە تىنچلاندۇرۇلدى. ئولكىلىك ھوكۇمەت قۇمۇل ھاكىمى يولۋاسنىڭ قۇمۇل «ئەلقىنىڭ يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش، سېلىقلارنى يەڭگىللىتىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئالاقە ھەم تېلېگراممىسى بىر. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قوزغىلاڭ زادى بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان »

3 . « شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى 30 نى

① سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنى دېمەكچى.



بىرگە ئىگىشەتتى. جىن شۇرېننىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقى ئەھۋال. لۇشياۋزۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە: قەغەز پۇل بىلەن كۆمۈش پۇللارنى تۇتۇپ قېلىش ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن بولغان. بۇنىڭدىن جىن شۇرېننىڭ ئىشلەتكىنى 144 مىڭ 751 سەر بولۇپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى بازار باھاسى بويىچە كۆمۈش پۇلغا سۇندۇرغاندا 3000 سەردىن ئارتۇغراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغان 80 مىڭ 249 سەر كۆمۈش پۇلنى لۇشياۋزۇنىڭ ۋاكالىتەن ئولكىلىك ھوكۇمەتكە تاپشۇرغانلىقى ئەندە بار. ھوكۇمەت پۇلىنى سەۋەبسىز ئېلىپ كەتتى دېيىش جىنايەت بولۇپ شەكىللەنمەيدۇ. ئالتۇن مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشىمىزچە جىن شۇرېن بۇ ئالتۇننى شەخسى نامىدا جۇرۇيشى، چېن جىشەن، جاڭ مىڭيۈەن، لىچى قاتارلىقلاردىن ئوتنە ئالغان، ئۇ ئەسلىدە ھوكۇمەت پۇلى ئەمەس. ئۇنى ئولكىلىك ھوكۇمەتكە ئاپتو ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەخسلەردىن قەرز ئالغان. پۇلنىڭ مىقدارىمۇ تامامەن توغرا. لۇشياۋزۇنىڭ دېيىشىچە: مىنگونىڭ 22 - يىلى ( 1933 - يىلى ) ئەتىيازدا، جىن شۇرېن 1274 سەر 6 پۇڭ مىسقال ئالتۇننى ئايروپىلان تەيىنلەپ چوچەككە ئېۋەتكەن. بۇيرۇق بويىچە باكتودىكى سوۋېت بانكىسىغا تاپشۇرماقچى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم تەيىنلەپ مۇددەتكە بولۇپ تاپشۇرۇۋالىدىغان چاغدا « ئالتۇن تاپشۇرۇلماي تۇرسۇن ! » دېگەن بۇيرۇق كەلگەن. شۇ ئارىلىقتا جىن شۇرېنمۇ چوچەككە يېتىپ بارغان. جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدىن ئالدىراش قېچىپ چىققانلىقتىن بىرەر شىنجاڭلىقنىڭ نەرسىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ: ئۈرۈمچىدىكى شەخسى مال - مۈلكىنى بېرىشكە رازىلىق بىلدۈرۈپ

ھېلىقى ئالتۇنلارنى يول خىراجەت قىلىشقا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ بۇنىڭ بەدىلىگە ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسى مال - مۈلۈكلىرىنىڭ رۇيخېتىنى لىۋشياۋزۇغا تاپشۇرغان. شۇنىڭدەك لىيۇۋېنلۇڭ رەئىسى بولغان چاغدا جىن شۇرېننىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمى ئېلان تارقاتقان. تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ راست بولۇپ چىقتى. مەزكۇر ئىككى ھۆججەتلىك قەغەزنىڭ چاتاق يېرى يوق ئىكەن. مانا بۇ شۇ چاغدا ئالتۇننى ئېلىپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھەققى ئەھۋال. تەكرار تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە تامامەن راست بولۇپ چىقتى. بىراق شۇ چاغدا ئالتۇن بەرگۈچىلەر قودا - باجا، دوست - يارەنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆتنە ئالغانلىق ھۆججىتى ئېلىنمىغان.»

4. « تەكشۈرۈشىمىزچە چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق خەلق ئەسلىدە 20، 30 ئۆيلۈك ئاھالە، ئەزەلدىنلا ئادەم شالاڭ ئىدى. زەمبىرەك ئوتىدا مىڭلىغان ئادەم ھالاك بولدى دېگەن پاكىتنىڭ بولۇشى مۇتلەق يوق گەپ. پەقەت ماشىنىڭ بىر نەچچە كۈن ئىشغال قىلىپ تۇرغانلىقىدىن خېلى ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن چوڭ كۆلەمدە ئوت قويۇش بولمىغان. بىراق سوقۇش پاراكەندىچىلىكى بولغاچقا، ھەممىسىنىڭ ئەمىن تاپماسلىقى تەبىئى، يالغۇز چوڭ كۆۋرۈكلا ئەمەس، ھەممىلا جاي شۇنداق بولغان.





« شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى » نىڭ مەزمۇنى شۇكى: جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۆلكىسى سوۋېت ئىتتىپاقى رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، تارىختا ئىقتىسادى تەرەققىيات مۇناسىۋەتلىرى بولۇپ كەلگەن. يەنە تەكشۈرۈشىمىزچە ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭ - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلاشقان. شۇڭا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن رەسمى سودا - ئالاقە شەرتنامىسى تۇرغۇزۇشتىن ئاۋال تۆۋەندىكىچە كېلىشىم قىلغان.

( 1 ) شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رېسپۇبلىكىسى، مال ئىمپورت - ئېكسپورت ۋە خەلق بېرىش - كېلىشى قىلىدىغان چېگرا زاستاپلىرى، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىغا بىنائەن كەلگۈسىدە ئەركەشتام ( ياكى تۇرغات ) قورغاس، باكتۇ ھەم جىمىنەي لەردىن ئۆتىدىغان بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭ سودىگەرلىرى، ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى بولمىسىمۇ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئالاھىدە يەرلىك ماللارنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چەكسىز ئېلىپ كىرىشكە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورگانلىرىغا سېتىپ بېرىشكە ماقۇللىشىنى

ئۈمىت قىلىدۇ. بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنىدا ئىمپورت قىلىش مەنئى قىلىنىغان ماللار بۇ چەكلىمىگە كىرمەيدۇ.

( 3 ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرىنىڭ قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىدا ئۆزلىگىدىن سودا - سېتىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ماقۇللايدۇ. ھەمدە يۇقۇرىدا ئاتالغان رايونلارغا ۋەكىل ياكى ھەيئەتلەرنى تەيىنلەپ يەركەن، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا بېرىپ، شۇ جايلاردىكى تىجارەتچىلەر ياكى دۇكاندارلار بىلەن سودا دوگوۋورلىرى تۈزۈشكە ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىنىڭ تەرەققىيكە چۈشۈشى ئۈچۈن، سوۋېت سودا ئورگان خىزمەتچىلىرى بىلەن گىراژدانلىرى شىنجاڭدا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ياكى بەلگىلىمە - پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ھەر بىر ۋەكىل ئەرباپلار سودا ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش قىلىشتا، ئەركىن بېرىپ - كېلىپ قاتنىشىپ تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولىدىغانلىقىنى ماقۇللايدۇ.

( 4 ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت سودا ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گىراژدانلىرى، شىنجاڭدىكى تىجارەتچىلەر ياكى دۇكاندارلار بىلەن سودا دوگوۋورلىرى تۈزۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مال ئېلىش - سېتىش باھاسى توغرىلىق ئەركىن مەسلىھەتلىشىپ توختىتۇشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىدۇ. توشۇش ۋە ئەھدىنامىنىڭ مۇددەت



شەرتلىرىنى جۇڭگودا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە تەرتىپنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن دوگوۋور ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ تىزىمىغا ئالدۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى دوگوۋور تەرتىۋىنى تىزىملاش ۋاقتى، شىنجاڭدا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قائىدە بويىچە، 5 كۈندىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك لازىم. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، شىنجاڭنىڭ ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلىك مەھكىمىلەر، ئىككى تەرەپتە تالاش - تارتىش بولغان چاغدا، ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپ تۈزۈشكەن دوگوۋور ياكى ئەھدىنامىنى تەكشۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنى بويىچە، ئىككى تەرەپ تۈزۈشكەن ئەھدىنامىنى ئادالەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىنىشىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

( 5 ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گىراژدانلىرىنىڭ مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە جۇڭگودا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە تاپشۇرىدىغان تاموژنا باج ھەم باشقا باج پۇللىرى، جۇڭگو تىجارەتچىلىرى ۋە دۇكاندارلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۈستۈنرەك بولماسلىقىغا ياكى ئېغىرلىتىش ئەھۋاللىرىنىڭ بولماسلىقىغا رۇخسەت قىلىدۇ. مۇبادا كەلگۈسىدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە، تىجارەت بېجى ۋە تىجارەت بېجىغا ئوخشاپ قالىدىغان باج ئىگانە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان ھالەتتە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سوۋېت سودا ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گىراژدانلىرى ئەلۋەتتە جۇڭگو تىجارەتچىلىرى ۋە تاۋارلىرىدىن ئېلىنغانغا ئوخشاش باج ئېلىنىشى كېرەك.

( 6 ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى

ھۆكۈمىتىدىن، شىنجاڭدىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ئۈچۈن شىنجاڭنى رىۋاجلاندۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار مەسىلەن: سانائەت، ئېلېكترولىك، يېزا ئىگىلىكى قاتناش يەنى ئومۇمى ماشىنىسازلىق ماشىنىلىرىنى، كەلگۈسىدە سودا دوگوۋورىنىڭ خاراكتېرىگە بىنائەن، پۈتۈنلەي تەمىنلەشنى ئۈمىت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش خاراكتېرلىك دوگوۋور بويىچە شىنجاڭ تەسۋاتى جەھەتتە لازىملىق مەلۇم سەۋىيىدىكى تېخنىكىلارنى، جۇڭگو خەلقى ئىچىدىن مۇتەخەسسىس خادىملارنى يېتىشتۈرىدۇ.

سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوخشاش خاراكتېردىكى دوگوۋور بويىچە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، چارۋىچىلىقتەك ئىشلار توغرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىشنى يولغا قويىدۇ.

( 7 ) شىنجاڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىگىلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ تىجارەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىچكى جايلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى شىنجاڭغا ئەپكىلىش ياكى شىنجاڭدا چىقىدىغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا قوشۇمچە ھوججەتتە كۆرسۈتۈلگەن ھەر خىل ماللارنىڭ سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچە ھوججەتلەرنى كەلگۈسىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالايىتەن ۋەكىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن بىللە شىنجاڭ - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، بۇ يىل 11 - ئاي-



ىنىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى بىرلىكتە مەسلىھەت قىلىپ توختىتىلغان شۇ توختامنىڭ قوشۇمچە ھوججىتى، شىنجاڭ ۋە سوۋېت خەلق ئىگىلىكلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا بىنائەن ھەر يىلى با مەسلىھەت بەلگىلەپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان ماللارنى، ( سودا خاراكتېرىغا كىرمەيدىغان ماللار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ ) سوۋېت تېررىتورىيىسىدىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، مەيلى دۆلەت ئىچىدىن سېتىۋالغان ياكى سودا توختاملىرى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىنغان ماللار بولسۇن. سودا توختاملىرىغا ئاساسەن 3 - دۆلەتتىن شىنجاڭغا ئۆتكۈزۈشكە توغرى كەلگەندە دوستانە پوزىتسىيىدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويۇلۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىسىدە: ئەگەر سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق ئاپىرىلىدىغان ماللاردىن ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانۇندا مەنئى قىلىنغانلىرى بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تەلەپلىرى توغرۇلۇق، شۇ بويىچە بېجىرىشكە بولمىسىمۇ، تەكشۈرۈپ شۇ بويىچە ئەنگە ئېلىندى دېگەنلىرىنى ماقۇللايدۇ. يۇقۇرىدا بەلگىلەنگەن ھەر خىل تارماقلار ھەققەتەن شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماقۇللايدۇ، كۈچكە ئىگە دەپ تونۇيدۇ. ئالايىتەن ئېلان قىلدۇق، ھەممىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىلدى.

جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتىنىڭ 20 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
1931 - يىل 1 - ئۆكتەبىر شەھەرى ئۈرۈمچى .

## قوشۇمچە ھوججەت № 1

ئۇقتۇرىمىزكى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىغا ئاسانلىق ئىستەش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى باجخانىلارغا، شىنجاڭ - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى يوللاردا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارغا بىر خىل باج پىرىنسىپ بەلگىلەپ، ھەر ئىككى تەرەپ سودا ئىشلىرىنىڭ ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشى توغرۇلۇق ئومۇمى بۇيرۇق يوللىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاقىپلاندۇرۇپ ئالاقە يوللاندى. ھۆرمەت بىلەن جاۋاپ كۈتەمىز، ھەمدە ھەممىسىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىلدى.

## قوشۇمچە ھوججەت № 2

ئۇقتۇرىمىزكى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن شىنجاڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەكلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى ئىچىدە سودا - سېتىق، مالىيە ياكى جۇڭگولۇق تىجارەتچىلەر بىلەن بولىدىغان باردى - كەلدى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. جۇڭگو تىجارەتچىلىرى ئەگەر مەزكۇر مالىيە ئورۇنلىرىغا سودا ئىشلىرى جەھەتتە تاپشۇرىدىغان ئىشلىرى بولغان چاغدا، قوشۇمچە بېجىرىدۇ. يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى ئىجرا قىلغاندا مەزكۇر مالىيە ئورۇنلىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن مەلۇم مىقداردا رەسمىيەت بەدىلى ئېلىپ، ئالاھىدە ۋەكىلىنىڭ تەكشۈرۈپ بېجىرىشىگە ئالاقە يوللايدۇ. ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلغان تارماقلارغا نىسبەتەن ماقۇللاش ئىپادىسىدە بولۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئالايىتەن ئېلان قىلدۇق، ھەممىسىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىلدى.



## قوشۇمچە ھوججەت № 3

ئۇقتۇرىمىزكى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ماللارنى توشۇش ۋە خەلقنىڭ بېرىش - كېلىشلىرىگە قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ، يەركەت چېگرىسىنى 6 ئاي ئاچقاندىن كېيىن، ئېركەشتام چازىسىنى بېكىتىشنى، ئېركەشتام ئارقىلىق ئوتكۈزۈشكە تىگىشلىك يول ئۈستىدىكى ماللارنى جايىغا يېتىپ بارغىچە ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەزكۇر پەۋقۇلئاددە ۋەكىلىنىڭ تەكشۈرۈپ ئوتكۈزۈشنى، ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارماقلارغا نىسبەتەن قوشۇلۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئالايىتەن ئېلان قىلدۇق، ھەممەيلەن بىردەك ئىجرا قىلغاي.

## قوشۇمچە ھوججەت № 4

ئۇقتۇرىمىزكى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان تېلېگرام ئىشلىرىدا بەلگىلىمە تۈزۈش زۆرۈر دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوچەك بىلەن ۋېيتاڭ

(باكتۇ) تېلېگراف لىنىيەسىنى ئۇلاش كېرەك. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سىمسىز رادىيو ئالاقىسىنىمۇ، بىۋاسىتە خەۋەرلىشىش بەلگىلىمىسى بولۇش كېرەك، يۇقۇرىدىكى تارماقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رەسمىيەتلىرى ھەم شەرت - شارائىتلىرىنى كەلگۈسىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىرلىكتە ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر باش كونسۇل جانابلىرىنى ئالاقە ئارقىلىق تەكلىپ قىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇرىدىكى تارماقلارنى ماقۇللاشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئالاھىدە ئېلان قىلدۇق. ھەممەيلەن تەڭ ئىجرا قىلسۇن.

# جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشى ۋە قومۇل ۋەقەسىنىڭ سەۋەبلىرى ھەم ئاقىۋىتى

پەن زۇخۇەن

## 1 - جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشىنىڭ قىسقىچە ئۆتمۈشى

1912 - يىلى، ياڭ زېڭشىن ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، سابىق چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇپەتتىشى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى دوتەي -



لىكىدىن بىر سەكرەپلا جۇمھۇرىيەتنىڭ شىنجاڭ دۇدۇ (باش گېنېرال) لىقى قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا چىقىۋالدى. ياڭ زېڭشىن چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ دېگەن جايىدا ئۇزۇن يىللار ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ گەنسۇلۇق بولۇپمۇ خېجۇلۇق كونا تونۇشلىرى، خىزمەتچىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەنسەپدار بولۇش ئەمەل تۇتۇپ باي بولۇش تاماسىدا كېلەتتى. جىن شۇرېنمۇ (يەنە بىر ئىسمى دې ئەن) خېجۇلۇق كونا مۇرىتلاردىن بىرسى ئىدى. ياڭ زېڭشىن گەنسۇدىن بولۇپمۇ خېجۇدىن پانا ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. جىن شۇرېننى بولسا ئالايتەن ئۆستۈردى. خەۋەرگە قارىغاندا جۇمھۇرىيەتنىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) جىن شۇرېن شۇ چاغدا سىياسىي تەتقىقات ئورنىدا ئوقۇپ ئىمتىھاندا بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، ياڭ زېڭشىنغا ياراپ قالغان ئىدى. جىن شۇرېن شىنجاڭغا كېلىپ 10 نەچچە يىل ئىچىدە، قەشقەر كونا شەھەر، ئاقسۇ يېڭى شەھەر، ئۈرۈمچى ۋە كۇچار ناھىيىلىرىدە ھاكىم بولۇپ، ئاخىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ سىياسىي ئىشلار نازىرى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) مائارىپ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ خىزمەت بىلەن چىقىپ كەتكەندە، جىن شۇرېن مائارىپ نازىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 7 - ئاي -

ئىلىك 7 - كۈنى ياڭ زېڭشىن رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، جىن شۇرېن، جاڭ پېيۈەن دۇگۇچىڭلار بىلەن بىرلىشىپ، فەن ياۋنەننى ئېتىپ، تاشلاپ توپىلاڭنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكۈچى بولۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا ئىگە بولىۋالدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى دەپ ئېلان قىلدى. دۇبەن دەپ ئېلان قىلمىغانغا جىن شۇرېن قاتتىق نارازى ئىدى. كېيىنچە جىن شۇرېنچىلار ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللىغاچقا، شۇ يىلى 11 - ئايدا نەنجىڭ تەرەپ ئۇنى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەيىنلىدى. جىن شۇرېن يېڭى ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كۈنى مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدىم. بىر مۇنچە ئادەملەر ئۇنى مۇبارەكلەپ كېلىشتى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە قىياپىتىگە قارىغاندا ھېچبىر پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى، يەنى نەنجىڭ تەيىنلىمىسىمۇ، ئۆزەم دۇبەن دېگەندەك قىلاتتى. مانا بۇ جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىپ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى دەسلەپكى ئەھۋالاتى.

## 2 . تەختكە چىققاندىن كېيىنكى تەدبىرلەر

جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ناھايىتى ھوشيار بولدى. پۈتۈن مەھكىمىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ 3 - زالنىڭ ئالدىدىكى قاشا (رىشاتكا)نىڭ سىرتىدىكى جىسەكچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىپ ئاۋالقى 6، 7 ئادەمدىن 10 نەچچە



ئادەمگە يەتكۈزدى. ياڭ زېڭشىن ھايات چېغىدا 3 - زالنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئىشخانىدا ھېچقاچان مۇھاپىزەتچى ئەسكەر قويۇلمايتتى. جىن شۇرېننىڭ ئىشخانىسىدا بولسا ماۋزېر ئاسقان مۇھاپىزەتچىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۆينىڭ سىرتىدىمۇ جىسەكچىلەر چارلاپ قوغدايتتى. ھەتتا ئۇ تەرەتخانىغا بارسىمۇ 5، 6 جىسەكچى بىللە يۈرەتتى، قىسقىسى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ناھايىتى چىڭ ئىدى. ئۆتمۈشتە ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشكۈچىلەر 2 - ئىشىككە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن رۇخسەت قىلسا 3 - زالغا كىرىپ كۆرۈشەتتى. جىن شۇرېن ۋاقتىدا نازىرلار، دوتەيلەر 1 - دەرۋازىدىلا ھارۋىلىرىدىن چۈشۈپ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا جىن شۇرېننىڭ ئاچچىقى يامان ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالاقىلارنى كۆرۈۋاتقان ياكى باشقا بىرسى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان چاغدا مۇھاپىزەتچىلەر كىرىپ ئىلتىماس قىلسا تىللايدىكەنمىش. شۇڭا ئۇنىڭ بوش ۋاقتىلىرىنى كۈتۈپ ئىلتىماس قىلاتتى.

جىن شۇرېننىڭ سىياسىي تەدبىر جەھەتتە ئېنىق بەلگىلىمىسى يوق، تولاراق ياڭ زېڭشىننىڭ كونا ئىشلىرىنى دوراپ ئىشلەيتتى. مەسىلەن: پوچتا - تېلېگراف تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئاۋالقىسىچە بولۇپ، ھەر بىر چېگرا ئېغىزلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇردى. رۇخسەت قىلىنمىغان ئادەملەر مەيلىچە كىرىپ - چىقالمايتتى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئالدىدا بىر خىل بولسا، كەينىدە بىر خىل بولۇپ ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنىڭ يەتكۈزۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ۋىلايەت، ناھىيەلەرگە يەتكۈزۈپ قوياتتى. ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى ھەرگىز سۈرۈشتۈرمەيتتى.

ھەربى جەھەتتە: جىن شۇرېن ياڭزېڭشىن ۋاقتىدىكى ئەس-
كەرلەرنى چوڭكىلەشكەن دەپ بۇرۇنقىدەك قالايمىقان تارقاق
ئىستىلىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، چوڭ رەتلەش ئېلىپ باردى.
ھەربى قىسىملارنى 3 دىۋىزىيىدىن كېڭەيتىپ 8 دىۋىزىيىگە يەت-
كۈزدى. گەنسۇلۇقلارنى، خېجۇلۇق ياشلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىل-
دى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ياخشىلىدى. ھەربى
مەشىقنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جىسەكچىلىرىنىڭ تولىسى
خېجۇلۇق بولۇپ، كېيىملىرى يۇزۇر، ھەر كۈنى دۈبەن مەھكە-
مىسىنىڭ 1 - دەرۋازىسى ئىچىدىكى مەيداندا مەشىق قىلىپ،
ھەربى ماھارەت ئۆگۈنەتتى. جىن شۇرېن 5 - ئىنىسىنى ھەربى
ئىشلار نازىرلىقىغا، كونا خىزمەتچىسى — خېجۇلۇق سۈي زاۋ-
جىنى مۇھاپىزەتچى پولكىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزىنى
يۆلىگەن جاڭ پېيۇەننى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئالايىتەن
ئىلتىماس بىلەن ئىلىدا تۇرىدىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەل-
چىسىلىكىگە مەلۇم قىلدى. سۈيقەستتە ئۆلۈپ كەتكەن دۇفارۇڭ-
نىڭ ئوغلى دۇگوجىڭنى بىرىگادا باشلىقى (لۈيجاڭ)لىققا تەيىن-
لىدى. يۇرتداشلىرى بولغان كونا ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسىنى
بىر دەرىجىدىن ئۆستۈردى. مەسىلەن: قۇمۇلدىكى بىرىگادا باش-
لىقى ليۇشىزىڭ ئوسۇپ دىۋىزىيە باشلىقى (شىجاڭ) بولدى.
ئۇنىڭدىن باشقا پولك باشلىقلىرى، بىرىگادا باشلىقى باتاليون
باشلىقلىرى پولك باشلىقى (تۇەنجاڭ) بولغانلارنىڭ سانى ناھا-
يىتى جىق. ئۇ ئاۋالقى ھەربى ئەسلىھەلەرنىڭ كونىلىقىنى كۆز-
دە تۇتۇپ، 1929 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا مىنى قەشقەر كونى-
شەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئەنگىلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇش-



لۇق باش كونسۇلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھىندىستان ئارقىلىق
10 ئوق يەيدىغان (شىداچاڭ) مىلتىقتىن 3000 تال، 2 مىلليون
تال ئوق ئېلىشنى تاپشۇردى، بۇ قورال 1930 - يىل قىش
پەسلىدىن باشلاپ 1931 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە ھىندىستاندىن
قاغىلىق ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلدى. ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا: ئۇنىڭ ھەربى ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىشى يالغۇز شىنجاڭ-
غا ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولۇپلا قالماس-
تىن، تولاراق گەنسۇ ئۆلكىسى 1928 - يىلىدىن باشلاپ فىڭ-
يۇيشياڭنىڭ قول ئاستىدىكى ليۇيۇفىڭ گەنسۇغا خوجايىن
بولۇپ، مەزكۇر ئۆلكىدىكى خۇيزۇ مىللىتارىستلاردىن ماتىڭشياڭ،
ماجۇڭيىڭ قاتارلىقلار بىلەن زىمىن تالىشىپ قالدى. بىر نەچ-
چە قېتىم سوقۇشۇشلارمۇ بولدى. يەرلىك ئورۇنلار قالايمىقانلاش-
قانلىقتىن، جىن شۇرېننىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق گەنسۇنى ئى-
گەللىۋېلىشتەك قارا نىيىتى بار ئىدى. ئۇ يەنە شىنجاڭدا ھەر-
بى ئەرباپلارنىڭ كاملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى
لۇشاۋزۇنى ئىچكىرىگە ئېۋەتىپ شىڭشىسەينى شىنجاڭغا تەكلىپ
قىلىپ ئالدۇرۇپ، دۈبەن مەھكىمىسى ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ
مۇشاۋۇرلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرى-
كىدا كان ئىلمىنى ئوقۇغان ۋە بىر مەزگىل خېيلۇڭجاڭدىكى
مۇخې ئالتۇن كانىدا ئىنژېنىر بولغان فۇجەنلىك ۋۇ ئەيچېن ئە-
پەندىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. مەقسىتى ئالتاي-
دىكى ئالتۇن كانىنى ئېچىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ ھەربى خىرا-
جەتنى كۆپەيتىش ئىدى. لېكىن شىۋىدىن خىياللىرى ئۆزىغا بارمىدى.
ئۇ تەختكە چىقىپ تېخى 3 يىل بولماستىنلا، يەنى 1931 - يىلى

ئەتىياز ۋاقىتلىرىدا، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۆرۈش ۋەقەسى چىقتى. بۇ ۋەقە پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. ئاخىرى ئۆزى شىنجاڭدىن قوغلاندى بولۇپ، كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قۇمۇل ۋەقەسى ناھايىتى جىددىيلەشكەن چاغلاردا، جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بولۇم باشلىقى مۇۋەپپەق قاتارلىقلارنى ئالاقە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن جىشەن بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ۋەكىللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئايروپىلان ۋە مىلتىق، ئوق - دورا قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا تەيىنلىدى. سوۋېت تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپلا ئالماشتۇرۇش شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى تەرەپ نۇرغۇن مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى 1931 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا ئاتالمىش شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

بۇ «شىنجاڭ - سوۋېت كېلىشىمى»گە جىن شۇرېن رەسمىي قول قويۇشتىن بىر ئاي ئاۋال، تېكىستىنىڭ ئەينى بويىچە تېلېگراممىغا ئارقىلىق ھەر بىر ۋىلايەت ۋالىيلىرىغا يوللاپ يەتكۈر ئالدى. دەل شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ يوقۇرىدىكى تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال قەشقەر كوناشەھەر ئاھالىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭچۈچىڭ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى پەنزۇخۇەنلەرنى چاقىرىپ: «ئەسلىدىكى كېلىشىم ماددىلىرى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئوخشايدۇ. جۈملىلىرى ئېنىق ھەم مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا كېلىشىملەرنىڭ توختامىدىكى ئىبارىلىرىگە ماس كەلمەيدۇ، مەسىلەن، 6 - ماددىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدە «يەنە خېلى ياردەم بېرىشكىمىزلەرنى قىلەيمىز» دېگەن جۈملە ئەھدىنامىلاردا قوللىنىلىشقا



تېگىشلىك گەپلەردىن ئەمەس. 1921 - يىلى ئۆلكە باشلىقى ياڭزېڭشىن ئىلى دوتيىسى شۇي گوجىڭگە بۇيرۇق بېرىپ، سوۋېت ۋەكىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۈزگەن ۋاقىتلىق سودا ئالاقە كېلىشىمى بار ئىدى. 1921 - يىلى سوۋېت تەرەپ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ - سوۋېت سودا كېلىشىمىنى تۈزەتكەندە ئاۋالقى ئىشلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمىدى. بۇنى زادى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شىنجاڭ تەرەپنىڭ تەلەپلىرىدە تولاراق «ئۈمىت قىلىمىز» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان. ھالبۇكى سوۋېت تەرەپنىڭ تەلەپلىرىدە بولسا تولاراق كەسكىن ئىبارىلار قوللىنىلغان. شۇنىڭدەك سوۋېت تەرەپنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللىرىدىن تۆلەشكە تېگىشلىك تاموژنا بېجىنىڭ مىقدارى جۇڭگو تىجارەتچىلىرى تۆلەيدىغان تاموژنا باجىدىن يۇقىرى ئەمەس، ئەمما جۇڭگو تىجارەتچىلىرى سوۋېت يېرىگە ئېلىپ كىرگەن ماللارغا قانچىلىك باج تۆلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. گويا تاموژنا بېجى ئېلىشتىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان. سوۋېت تەرەپ جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ سوۋېت زېمىنىغا ئېلىپ كىرگەن ماللىرىدىن ئىختىيارىچە باج ئالىدۇ. دېمەك بۇ تەڭ ھوقۇقسىز كېلىشىمدىن ئىبارەت. جىن شۇرېننىڭ سوۋېت تەرەپكە مۇنچىۋالا يول قويۇشى، سوۋېت تەرەپنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلغاچقا، نېمە دېسە ئىجرا قىلىشماقتا. ھەر بىر ۋىلايەت ۋالىيلىرىغا تېلېگراممىدا يوللاپ يەتكۈر ئالماقچى بولغانلىقى ھۆكۈمەت رەسمىيىتىدىن ئىبارەت، شۇنىڭدەك «جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇش ئامالى»

دىگەن ماشاۋۇ (مادوتەي) ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە قوشۇلىمىز دەپ تېلېگىراممۇ يوللىدى، بۇ كېلىشىمگە 1931 - يىل 10 - ئايدا ھەر ئىككى تەرەپ ئىمزا قويدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كېلىشىمدە، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان ۋە ئوق - دورا بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ ئېنىق يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشتى. 1931 - يىلى يازدا ئۇچقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى قۇرۇلدى. شەرقىي - شىمالدىن كەلگەن لى شياۋتيەن ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىندى. ھەر بىر ناھىيىگە خەنزۇلاردىن ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىشكە ئومۇمىي بۇيرۇق ئەۋەتىلدى. شۇ چاغدا مەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاقتىمدا ياڭ فامىلىلىك بىر ياشنى ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم. 1932 - يىلى يازدا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ، نەنگۈەن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا كېتىۋاتسام دوخوۋى ئوركېستىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام ئۇلارنىڭ كەينىدە سوۋېت دولەت بايرىقى يېپىلغان بىر دانە زەمبىرەك ماشىنىسى ئاستا كېلىۋاتاتتى. سەپكە تىزىلغان ھەربىيلەر بىلەن بىرگە ھەر بىر نازارەت، مەھكىمە، باشقارما، ۋالىيلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن نۇرغۇن ئادەملەر بىرگە كېلىۋېتىپتۇ. سورىسام، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم لېيوتچىكى ئايروپىلاندا چارلاشقا چىقىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، شەھەرنىڭ غەربىدە ۋەقەگە ئۇچراپ، ئايروپىلان كۆم بولۇپ ئۇچقۇچىسى ئۆلگەن ئىكەن. جىن شۇرېن ئالاھىدە بۇيرۇق چىقى-



رىپ، تاۋۇتقا سېلىپ داغ - دۇغا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇزاتماقچى بولغان ئىكەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 1931 - يىل ئەتىيازدا جىن شۇرېننىڭ ئوغلى جىن زۇدىڭ، ئاكىسىنىڭ ئوغلى جىن زۇجىڭ قاتارلىق 7 - 8 كىشىنى ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن گېرمانىيىگە ئەۋەتتى. يەنە گېرمانىيىدىكى مەشھۇر شىمېنز ئېلېكتىر شىركىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىنژېنېر ۋېيخۇلىننى تەكلىپ بىلەن ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنى تەكشۈرۈپ چوڭ تىپتىكى ئېلېكتىر ستانسىيىسى ۋە ھەر خىل زاۋۇتلار قۇرماقچى بولدى. كېيىنكى چاغدا قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ ئۇلغىيىشى تۈپەيلى، ئىنژېنېر ۋېيخۇلىن 1932 - يىلى كۈز پەسلىدە مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. پىلان يوققا چىقتى. گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ 1933 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەتتى.

## 3 - قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ ئالدىنقى سەۋەپلىرى

(1) يىراق - يىراق سەۋەپلەر: چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 35 - يىلى (1697 - يىل) جۇڭغارىيىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شۇ چاغدىكى قۇمۇل بېگى ئەبەيدۇللا جۇڭغاردىكى غالداننىڭ ئوغلىنى گوللاپ تۇتۇپ بەرگەنلىكى ھەم يۇيمىن، گۇاجۇ قاتارلىق جايلارنى تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن مەنچىڭ خانى ئۇنىڭ كورسەتكەن خىزمىتى بەدىلىگە جاساق تارخانى (ئەۋلاتلىرىغا مىراس قالىدىغان يانچىدارلىق مەرتىۋە) دىگەن

ئەمەل ئىنئام قىلغان. ئۇز ئادىتى بويىچە دارخان دەپ ئاتالدى.
ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى يۇگجلڭ، چيەنلۇڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ قا-
تارلىق خانلىقلار دەۋرىدە قۇمۇل ئايماق ۋاڭ، شاھزادە قاتار-
لىق ئۇنۋانلار بىلەن تارتۇقلاندى. گۇاڭشۇي خانلىقىنىڭ دەس-
لەپكى ۋاقتىدا شامەخسۇتقا شاھزادىلىق ئۇنۋان بەردى. جۇمھۇ-
رىيەتنىڭ دەسلەپكى چېغىدا يۈەنشىكەي قوش شاھزادە (قوش
چىڭۋاڭلىق) ئۇنۋان بەردى.

گۇاڭشۇينىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) دىن كېيىن،
شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتتى. جايلاردا ئايرىم ھالدا ۋى-
لايەت، ئوبلاست، ناھىيە قاتارلىق يەرلىك مەمۇرى مەھكىمىلەر
قۇرۇلۇپ، ئاۋالقى ئۇيغۇر ۋاڭ، گوڭ ياكى بەگلەر قارمىقىدىكى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسى، يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىش مۇناسىۋى-
تى بىلەن يەرلىك ئورۇنلار باشقۇرىدىغان بولدى. يالغۇز قۇ-
مۇل ئۇيغۇرلىرى بۇرۇنقىدەكلا قۇمۇل چىڭۋاڭنىڭ ھوكۇمرانلىقى-
دا قالدى. چىڭۋاڭنىڭ ئۆز يەرلىرى، يەنى ئاتالمىش: بوۋىلى-
رىغا ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلارنىڭ تولىسى مۇنبەت-
ئوبدان يەرلەر بولۇپ، جەمئى 40 مىڭ مودىن ئاشاتتى. تېخى ئۆز-
لەشتۈرۈلمىگەن بوز يەرلەر ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئىدى. ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەر 13 سۇمۇل بولۇپ ھەر بىر سۇمۇلدا تەخمىنەن
150 دىن ئوشۇق-ۋاق ئائىلە بولاتتى. قىسمەن سۇمۇللار بارد-
كول بىلەن تۇتىشىدىغان تىيانشان ئېتەكلىرىدە بولۇپ، قالغان-
لىرى قۇمۇلغا يېقىن جايلاردا ئىدى. قۇمۇلغا يېقىن جايلاردىكى
ھەر بىر سۇمۇلنى دورغىلار باشقۇراتتى. ئۇيغۇر خەلقى گەرچە
چىڭۋاڭغا مەلۇم مىقداردا سېلىق تۆلىمىسىمۇ، لېكىن چىڭۋاڭنىڭ
قولى ھىساۋىدا ھاشارغا ئىشلەيتتى. قائىدە بويىچە، ئۇيغۇرلار



چىڭۋاڭ ئۈچۈن ھەر ئايدا 3 كۈن ھاشار ئىشلەيتتى. كېيىن ھەر
ئايدا 5 كۈن ئىشلەيدىغان بولدى. شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك باش-
لىقلار ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى بويرۇق بىلەن ھەقسىز ئەمگەككە
سالاتتى. مەسىلەن: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا، ئاۋال چىڭ-
ۋاڭنىڭ تېرىلغۇسىغا ئىشلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن شەخ-
سى يەرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلالايتتى. كۈزلۈك يىغىمدا يەنە ئال-
دى بىلەن چىڭۋاڭ قاتارلىقلارغا ئىشلەپ، ئاندىن ئۆز ئېتىزلە-
رىنى يىغىشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل سېلىقنىڭ چىقىمى-
غى مەسىلەن: چىڭۋاڭ خانىغا تارتۇق ئېلىپ بارماقچى بولسا،
ئۇنىڭغا لازىملىق ھەممە نەرسە - كېرەك ياكى باشقا ۋاقىتلىق
لازىمەتلىكلەرنى سۇمۇللارغا سېلىق قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
ئوۋچىلىق قىلىنىدىغان تاغلىق رايونلارغا ۋاڭ ئوردىسىدىن ئوق-
دورا بېرىپ، ئوۋچىلارغا تۈلكە، يىلۋىز، سۇلەيسۇن قاتارلىق
قىممەتلىك تېرىلەردىن تاپشۇرۇش سېلىقى سالاتتى. ئۇنىڭ سىر-
تىدا باشلىقلار زورلۇق بىلەنمۇ تارتىپ ئالاتتى، دېمەك ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئېغىر، تارتقان ئازاپ - ئوقۇبىتى چەك-
سىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا نا-
رازىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىراسخور
شامەخسۇت سابىق قېرى چىڭۋاڭنىڭ قەيىناغىسىنىڭ بالىسى
بولۇپ، ئەسلى ۋاڭنىڭ پۇشتىدىن بولمىغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ تو-
لىسى ئىتائەت قىلمايتتى. گۇاڭشۇي خانىنىڭ 33 - يىلى (1907 -
يىل) يازدا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قول-
لىرىغا خىش - كېسەك ئېلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تاشقى دەر-
ۋازىسىنى تۇساپ شامەخسۇتنى قۇمۇل مەھكىمىسىنى تاپشۇرۇش-

قا مەجبۇر قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ياڭزېڭشىن خېجۇدىن شىنجاڭغا يۆتكەلگەن ۋاقتى ئىدى. ئۇ قۇمۇلغا كەلگەندە شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكە ئەمىرى لىيەنكۈي تېلىگېراممىا ئارقىلىق ياڭزېڭشىننى مەزكۇر ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلەيدۇ. بويرۇققا بىنائەن ياڭزېڭشىن شامەخسۇت چىڭۋاڭغا ئالۋاڭ - سېلىق، هاشارنى ئازايتىشقا نەسىھەت قىلىپ، خەلقنى تارقىتىپ، تېچلىق يولى بىلەن ئىشنى تۈگىتىدۇ. لېكىن شامەخسۇت چىڭۋاڭ پىكىرنى قوبۇل قىلماي، ئىسيان چىقىشقا سەۋەپچى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىسيان باردىكولدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدار يېڭشىڭفۇ تەرىپىدىن تېزلا بېسىقتۇرۇلدى. گەرچە ۋەقە تېچلانغان بولسىمۇ، شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇيغۇر خەلقى بىلەن هوكۇمەت ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك - ئاداۋەت قالغان ئىدى.

جۇمهۇرىيەتنىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى شىنخەي ئىنقىلاۋى ۋە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۆمۈر خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېڭشىڭفۇ 2 - نۆۋەت قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ئاتلىنىپ جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە قوزغىلاڭچىلار يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى يوقاتتى. كېيىن يۈەنداخۇا، چەن گۇاڭخەن دىگەننى تاققا بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئېۋەتكەندە، چەن گۇاڭخەن مەغلۇپ بولغىنىنى غەلىبە قازاندىم دەپ مەلۇم قىلىپ ۋەقە هەل بولمىغان ئىدى. ياڭزېڭشىن شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى بولغاندىن كېيىن جاڭشەيتىڭ بىلەن باتالىيون باشلىقى لى فۇشۇ (خۇيزۇ - تۇڭگان)لارنى قوزغىلاڭچىلارغا نەسىھەت قىلىپ قاي-



تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تاققا ئېۋەتكەندە، ئۇ، شامەخسۇت بىلەن هەر ئايدا 5 كۈن هاشارغا ئىشلەشنى 2 كۈنگە قىسقارتىشنى مەسلىهەتلىشىپ، تاققا بېرىپ تۆمۈر بىلەن سوهبەت ئۆتكۈزدى. تۆمۈر خەلپىنى باتالىيون كوماندىرى (يىڭجاڭ) قىلىپ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لى فۇشۇ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ ئىشەندۇردى. تۆمۈر خەلپە ماقۇل بولۇپ، ئادەملىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ جايلاشتى. جۇمهۇرىيەتنىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) 9 - ئايدا ياڭزېڭشىن، „تۆمۈر خەلپە قوراللىق ئادەملىرىنى باشلاپ قاچماقچى" دىگەن بانا بىلەن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مافۇشىڭغا بويرۇق بېرىپ، تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. قول ئاستىدىكىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل قوزغىلىڭى گەرچە تېچلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل خەلقىنىڭ هوكۇمەتكە ئىشەنچسىزلىكىنى ۋە ئۆچمەنلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 10 نەچچە يىلدىن كېيىن يەنە قوزغىلاڭ كوتۇرۇشنىڭ بىخلىرىنى قالدۇرغان ئىدى.

(3) يېقىنقى سەۋەپلەر: جۇمهۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى (1928 - يىل) ياڭزېڭشىن سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. جىن شۇرېن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇمۇلدىكى شامەخسۇت چىڭۋاڭ كېسەلدىن ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا بېشىر ۋاڭ بولدى. بېشىر ياش هەم قىمارۋاز، هاراقكەش بولۇپ، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى يوق ئىدى. قۇمۇل دىخانلىرى يەنە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلمىدى، يەنى ئاتالمىش „يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ئوز جايىغا قايتۇرۇش" دىگەننى تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن بۇ تەلەپ-

نى تەستىقلاپ، لۇك شيەلىڭ ۋە شۇي دىگەنلەرنى بۇ ئىشنى
بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، چىڭۋاڭغا قاراش-
لىق يەرلەرنى ئۆلچەپ مۇ سانىنى ئېنىقلاپ بىرىنچى، ئىككىن-
چى، ئۈچىنچى دەرىجىلىرىنى تەزىملاپ، شۇ بويىچە غەللە - پاراق
ئېلىشقا بەلگىلەشنى بۇيرىدى. شۇنىڭدەك توخۇلۇ دىگەن جايدا
ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنى قۇرۇپ يەنە يىڭى ناھىيىسىنى قۇرۇش-
قا پىلان تۈزۈپ، باشقۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرماقچى بولىدى.
مەزكۇر ھەيئەتلەر يىڭى ناھىيە بالدۇرراق قۇرۇلسا، ئامبال بول-
ساق دىگەن تاما بىلەن، شۇ يىللاردىكى ئوستۇرۇش قائىدىسى
بويىچە يۇقۇرىغا مەلۇم قىلدى، دىخانلار «قىزىل دەپتەر (ئاش
داگزىسى)گە تىزىملاپ كىرگۈزۈلۈپ قالسا، ئالۋاڭ - سېلىق
تۆلەش ئىشى قائىدە بولۇپ قالىدۇ. كىيىن ئۆزگەرتكىلى بول-
مايدۇ» دەپ يۇقۇرىغا ئىلتىماس قىلىپ، تەپسىلى تەكشۈرۈش-
نى ۋە ھازىرچە ئوستۇرۇلگەن قائىدە بويىچە سېلىق سېلىنما-
سلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گەرچە بۇ ھەقتىن
تەكشۈرۈشكە تەستىقلاپ چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ھېلىقى ھەيئەتلەر
شەخسى ئەمەل - مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇپ، تەكشۈرۈش
يۈرگۈزمەيدۇ.

شۇ چاغلاردا جۇمھۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)
دىن بۇيان، فىڭيۈشياڭ قول ئاستىدىكى لىيۇيۇفىن گەنسۇ ئۆل-
كىسىگە نازارەتچى بولۇپ، دولەت قىسىملىرى گەنسۇ ئۆلكى-
سىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىگەللەش جەريانىدا خۇيزۇ ـــ ما
فامىلىلىك مىلىتارىستلار بىلەن نەچچە قېتىم زىمىن تالا-
شىش سوقۇشى قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك ما فامىلىلىك مىلىتا-



رىستلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ قارىمۇ - قارشىلىق پەيدا بو-
لۇپ، بىر - بىرىسىنى يەپ كەتمەكچى بولۇشۇپ، بىر نەچچە
يىللار سوقۇش بولدى. ئەنشى، يۈيمىن ئەتراپىدا تەبىئى ئا-
پەت، ئۇرۇش ئاپىتى تۈپەيلىدىن خانىۋەيران بولغان كوپلىگەن
«مۇساپىرلار» شىنجاڭغا قېچىپ كىلىشتى. ئۇلارنىڭ كوپچىلىك
قىسمى قۇمۇلغا توپلاشقاندا جىن شۇرېن ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇر-
ماقچى بولۇپ، قۇمۇلدىكى زىمىننى ئىسلاھ قىلىپ، ئىگىسىگە
قايتۇرۇش ھەيئىتى لۇك شيەلىڭگە مۇشۇ ئىشنى باشقۇرسۇن دەپ
بۇيرۇق بەردى. لۇك شيەلىڭ ئۇلارنى توخۇلۇ دىگەن جايغا ئو-
رۇنلاشتۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئۇ جايلاردا سۇ مەنبەسى
كام بولۇپ، قېچىپ چىققانلارنىڭ تولىسى سۇنىڭ يۇقۇرى ئېقى-
مىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاچقان بوز يەرلىرىنى
ئىگەللىۋالغان؛ شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى-
لىقى تېخىمۇ كۈچەيگەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ 20 - يىلى (1931 -
يىل) كونا يىل ھىساۋىدا 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كىچىسى قۇمۇل
توخۇلۇدىكى جاڭ فامىلىلىك بىر ئەمەلدار ئۇيغۇر قىزىنى زور-
لاپ ئوي قىلماقچى بولغان پەيتتە قوزغىلاڭ كوتۇرۇلۇپ جاڭ
×× ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئولتۇرۇپ، مىلتىق قۇراللىرىنى
تارتىۋالدى.

## 4. قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ ئاقىۋىتى

جىن شۇرېن قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭ توغرىسىدا خەۋەر ئال-
غاندىن كىيىن، «ئۆزىچە بۇ ئىش ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ» دەپ

تونۇپ، لۇشياۋزۇنى باشى قوماندان قىلىپ ئېۋەتتى. لۇشياۋزۇ 7 قودۇققا بېرىپ ۋاقىتىنچە شۇ يەردە تۇردى. دۇگوجىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ ئىلگىرىلەپ لياۋدۇڭغا يېتىپ بارغاندا قوزغۇلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ سوقۇش قىلدى. ئاغىلىقلارنىڭ تولىسى ئوۋچى مەرگەن شۇنداقلا يەرلىك شارائىتقا پىششىق ئىدى. دۇگوجىڭنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئادەتتە ئاز تەربىيە كۆرگەن تەجرىبىسىز ئىدى. دۇگوجىڭنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، پەقەت ئاتىسىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن باشقا ھەربى ئىشلاردىن ھېچقانداق ساۋادى يوق ئىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا: ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قوزغۇلاڭچىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قارىماستىن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ قالايمىقان مىلتىق ئاتىدىكەن. ئوفىتسېرلار ھولۇقۇپ كېتىپ قوماندانلىق قىلالمايدىكەن. نەتىجىدە پۈتۈن ئەسكەر نابۇت بولۇشقا ئاز قالغان دۇگوجىڭمۇ، شۇ مەيداندىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. لۇشياۋزۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ 7 قودۇقتا ساقلانغان نۇرغۇن ئاشلىققا ئوت قويۇۋېتىپ، گۇچۇڭغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ.

جىن شۇرېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ، دەرھال ياردەمگە ئەسكەر ئېۋەتىپ، گۇچۇڭ ئەتراپىدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتمەكچى بولدى، يەنە جىددى تېلېگرامما ئېۋەتىپ قەشقەردىكى دۇتۇيە باشلىقى ئىيىكنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى. يولبويى ھارۋا، ئات يەڭگۈشلەپ كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ، 10 نەچچە كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلسە، ئۇنى 1 - دۇتۇيىنىڭ قوماندانى قىلىپ قومۇلدىكى قوزغۇلاڭنى باستۇرۇشقا ئېۋەتمەكچى بولدى. لېكىن ئىيىك



ئاشقازان كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ داۋالاش كار قىلماي ئۆلۈپ كەتتى. جىن شۇرېن ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى جاڭ پېيۈەننى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى ھەمدە جۇڭگو يېخوالىغىغا ئۆتكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى تەشكىل قىلىپ، باپىڭگوتنى باشلىق قىلىپ قوشتى، جاڭ پېيۈەن بۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ قومۇلغا ماڭدى. جىن شۇرېن 4 - ئىنىسى جىن شۇجىڭنى ئىيىكنىڭ ئورنىغا دۇتۇيە قوماندانلىقىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ماڭدۇردى. بۇ، 1931 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرى بولغان ئىش.

جاڭ پېيۈەن ئەسكەر باشلاپ، قومۇل ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بېرىپ قوزغۇلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قومۇلغا كىرگەن چاغدا يولۋاسنىڭ قورا - جايىغا چۈشكۈن قىلدى. يولۋاس ئۇ چاغدا ۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە، خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئادەتتە ۋاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، ھوقۇقلۇق ئىدى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ بېيىپ كەتكەن يولۋاسنىڭ ئامىلە مۈلكى بەك جىق، ئۆي ئىچلىرى ياسىداق ئىدى. جاڭ پېيۈەن قومۇلغا بېرىپلا ياش بىر خەنزۇ قىزنى ئېلىپ يولۋاسنىڭ ئۆيىنى „ئوردا“ قىلىۋالدى. كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتقىنىدا يولۋاسنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە قىممەتلىك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ پۈتۈنلەي ئېلىپ كەتتى. يولۋاس ئەسلىدە قوزغۇلاڭچىلارغا ھېسداشلىق قىلمايتتى. جاڭ پېيۈەن ئۇنىڭ شەخسى مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىقى كېلىپ، گەنسۇغا بېرىپ، ماجۇڭيىڭنى بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە قارشى تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

چاڭپېيۇەن قۇمۇلدىن قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن تۇردى. ئىلىغا قايتىشى توغرىسىدا گەپ بولۇنمىدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا: ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، قۇمۇلغا ئىبۋەتىشتىن ئىلگىرى، جىن شۇرېن ئۇنىڭغا: «مەن ھەربى ئىشلارنى بىلمەيمەن، قۇمۇل ۋەقەسىنى تىنچلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھەربى ھوقۇقنى ساڭا ئۆتكۈزىمەن» دەپتىكەنمىش. ئۇ چاغدا جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى جىن شۇشىن ھەربى ئىشلار نازىرى ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا ئاكىسىغا: «ھەربى ھوقۇقنى يات ئادەمگە ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئاكا سىز قىلالمىسىڭىز مەن باشقۇراي» دەيدۇ. شۇڭا جاڭپېيۇەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ، جىن شۇرېن ئاۋالقى گەپتىن تېنىز ئاچمىغان، ئاخىرى جىن شۇرېننىڭ يېقىن ئادەمى دوۋەن يۇيتاڭ، جاڭپېيۇەنگە: «بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشىڭىز پايدىلىق بولماسمىكىن» دىگەندە جاڭپېيۇەن سولاشقان ھالدا ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

جاڭپېيۇەن ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قايتقاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۆز قۇدىسى — ئاقسۇ ۋالىسى جورۇيشىنى 1 - دىۋىزىيە قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، قۇمۇلغا ئىبۋەتتى، جورۇيشى قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قېتىم نوپۇزلۇق ئاخۇنۇملارنى تاڭغا ئىبۋەتىپ قوزغولاڭچىلارنى قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغولاڭچىلار جۇمھۇرىيەتنىڭ 1 - يىلى تۆمۈر خەلپىنى قانداق يوقۇتۇۋەتكەنلىگىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھوكۈمەتكە ئىشەنمەي: «قايتساقمۇ قورال تاپشۇرماي قايتىمىز» دەپ شەرت قويدى. ئۈرۈمچى تەرەپ قورالنى تاپشۇرمىسا بولمايدۇ» دەپ چىڭ تۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي ما-



جوڭيىڭ قۇمۇلغا كېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ماجوڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بارىكولگە ھۇجۇم قىلغاندا، ناھىيە ھاكىمى لى ماۋشىڭ شەھەردىن چىقىپ ماجوڭيىڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان جايغا بېرىپ تىنچلىق سوھبەت قىلغاندا، ئۇنى گورودىكى ئادەم قاتارىدا تۇتۇۋېلىپ شەھەرگە «100 سەر ئالتۇن ئەپكىلىپ ئادەملەرنى ئېلىپ كېتىڭلار» دەيدۇ. شەھەردىكى ھوكۇمەت ئادەملىرى بىلەن خەلق بۇنداق جىق پۇلنى ھازىرلىيالمىغانلىقتىن، لى ماۋشىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، پولك باشلىغى خې × × قۇتقازماقچى بولۇپ بېرىپ تۇتۇلۇپ قالدى. ماجوڭيىڭ قىسىملىرى شەھەرگە يېقىن كەلگەندە خەلقتىن تەشكىللەنگەن شەھەر پولكى قارشىلىق كۆرسۈتەلمىدى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تەرەپتىن گۇەن تۇەنجاڭ باشلىغان قىسىم يېتىپ كېلىدۇ. ماجوڭيىڭ قىسىملىرى شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلدى. شەھەر ئىچىدىكى خەلقتىن تەشكىللەنگەن قىسىملار دەرۋازىنى ئېچىپ گۇەن تۇەنجاڭنى كىرگۈزۈۋېلىپ، دەرۋازىنى تاقاپ ماجوڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى تۇردى. ماجوڭيىڭ قىسىملىرى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ، شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن سېپىلگە چىقىپ شەھەرنى ساقلىدى.

قۇمۇل، بارىكولدىكى جىددى پەيتتە فىرانسىيە سىتىيلان ئاپتوماشىنا زاۋۇدىدىن تەشكىل قىلىنغان مەزكۇر زاۋۇتنىڭ قوملۇقلاردا ماڭىدىغان ئاپتوماشىنىسىنى سىناق قىلغۇچى ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، قۇمۇلغا يېقىن جايغا چۈشكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچى - قۇمۇل ئارىلىغىدىكى تىلې-

گىراما خەۋەرلىشىش ئىشلىرى بۇزۇلغانلىقتىن، جىن شۇرېن: «مەزكۇر ساياھەتچىلەر ئۆمىگىدىكى سىمسىز رادىئوگىراما ئۈسكۈنىلىرى ئۈرۈمچى - قۇمۇل ئارىلىقىدىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ بەرسە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىمىز» دەپ شەرت قويىدى. جۇرۇيشى تەكشۈرگۈچىلەر ئۆمىگىدىكى جۇڭگولۇق پېيۇنىيېگىگە بىر ئادەم قوشۇپ كىچىك ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېۋەتىپ ياردەم سورىدى.

قۇمۇلدىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۇرېن ئۆلكە ئەسكەرلىرى بىلەن ئورۇس ئەسكەرلىرىگە شىڭ شىسەينى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى. يەنە چىن پىڭشيۇنى شەرقىي يول قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ قۇمۇل ھەم بارىكولغا ياردەمگە ئېۋەتتى. بۇ ئىككى يول ئەسكەر ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى چېكىندۈردى. ماجۇڭيىڭ قالدى - قاتتى قىسىملىرىنى باشلاپ سۇجۇغا (جۇۋچۈەنگە) چېكىندى. قۇمۇل بىلەن بارىكول مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇلدى. جۇرۇيشى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ مالىيە نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. سابىق مالىيە نازىرى شۈيچيەن ئاقسۇ ۋالىيسى بولۇپ يۆتكەلدى. جىن شۇرېن چۆچەك ۋالىيسى لى خېيرۇنى قۇمۇلغا ئېۋەتتى.

شۇ يىلى 9 - ئايدا قۇمۇلدىكى قوماندانلىق شتاۋى ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى جى فېڭلۇ مىرگودىكى لىيۇ رۇڭشىڭنى تەمىنلەش ئۈچۈن ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ بارغاندا، تورت تەرەپتىكى تاغدىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، لىيۇ رۇڭشىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەسكەرلەرنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆلۈپ يارىدار بولدى. جى فېڭلو بولسا يالغۇز ئاتلىق قېچىپ قۇمۇلغا كېلىۋېلىپ خىزمەتتىن ئىس-



تىپا سوراپ، ئۈرۈمچىگە ياندى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ نۆۋەتتە مىرگوغا قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تاغدىكى قوزغىلاڭچى دىخانلار بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئىكەن.

بۇ چاغدا ماشىمىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئارقا يول بىلەن پىچانغا كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. ناھىيە بازىرىنى قوغدىغۇچى پولك باشلىقى شۈڭ فايۇ دەرۋازىنى تاقاپ قارشىلىق كۆرسەتتى، بۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئورۇس ئەسكەرلىرى ياردەملىشىپ پىچاننى مۇھاسىرىدىن قۇتقازدى. لېكىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئەگىپ تۇرپانغا چۈشتى. ئۇ چاغدا تۇرپاندىكى مافۇمىڭ (خۇيزۇ) ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئالدىنقى سەپكە ئېۋەتىلگەن قۇرال - ياراقلارنى تارتىۋېلىپ ماشىمىڭنىڭ قىسمىنى قارشى ئالدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا شۈڭ فايۇ قوغلاپ زەربە بېرىمەن دەپ ماشىمىڭ قىسىملىرىغا تىرىك تولغا چۈشۈپ قالغاندا ئۇلار شۈڭ فايۇنىڭ پىچاندا قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە ئۆچلىگى كېلىپ، بۇرۇنغا تانا ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ يۈرۈپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ماشىمىڭ تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن داۋانچىڭغا ئادەم ئېۋەتىسە، بىر تەرەپتىن نەنسەنگە ئادەم ئېۋەتىپ خۇيزۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىش قوزغىماقچى بولدى. تۇرپاننىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، داۋانچىڭ ئەتراپىدا ئەھۋال ئېنىق ئەمەسلىكى ئۈرۈمچىگە ئاڭلانغان بولسىمۇ، چارلاپ كېلىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. جىن شۇرېن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باشلىقى زۇۋېيشىڭنى ئۈرۈمچىدىن 20 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى چىغدەن (جىجىساۋزى)نى مۇداپىئە قىلىشقا

ئېۋەتتى. بۇ چاغ 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى، قاتتىق سوغۇق بولغان ئىدى. زۇۋېيشىڭ قىسىملىرى چىغدەننى ماكان تۇتۇپ ئوت قالاپ، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۇخلاپ ياتقاندا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ تولىسىنى قىرىپ تاشلىدى. زۇۋېيشىڭ ھەتتا ياپىنچى بىلەن ئاياق كىيىشنى كېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي بىر نەچچە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن پىيادە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەندە جىن شۇرېن ئۇنى قاماپ قويدى. جىن شۇرېن يەنە خۇيزۇ ئاخۇنلىرىنى ۋە باشامەقلىرىنى يىغىپ، ھەر بىر مەسچىتلەرگە قاراشلىق خۇيزۇ خەلقىنى تىنچلاندۇرۇپ، ھەر كىم ئۆز كەسپىنى خاتىرجەم قىلىشنى پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشەنمەي، ئەسكى ئادەملەر بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلماسلىقنى جېكىلىدى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى خۇيزۇ خەلقىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ۋەدە ھۆججەت يېزىڭلار دەپ بۇيرىدى. لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرالمىدى، بولۇپمۇ سېپىل سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان تىجارەتچى خەنزۇلار ھەدەپ سېپىلنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىشىپ تۇرغان، دوست - يارەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش شەھەر ئىچىگە كۆچۈپ كىرىۋالدىم. پۈتۈن شەھەردە ھەربىي ھالەت بولۇپ، سودىگەرلەر پولكى قۇرۇلدى. ئاھالىلار ھەر كېچىسى بىردىن ئادەم چىقىرىپ، سېپىل ئۈستىدە گۈزەت قىلدى. دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى كېچە - كۈندۈز نۇرغۇن ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلدى.

ماشىيىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ماجەنساڭ بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ قاراشەھەرگە ماڭدى. تەخمىنەن شۇ يىلنىڭ ئە-



قىياز پەسلىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولۇشى كېرەك، قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق موڭغۇللارنىڭ خانى - خەنۋاڭ تاغ يولى بىلەن ئېۋەتكەن ئىككى ئادىمى ئىككى سوتكىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ جىن شۇرېنغا قاراشەھەر ۋالىيسى نيۇشى، پولك باشلىقى جەنشىكۈيلەرنىڭ مارىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا، كۇچاردىكى ھارۋىكەشلەرنىڭ شاگىيۇسى تومۇر ئىلى ھەم ئادەم توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكى، ماجەنساڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ ئەتراپىنى قالايمىقان قىلىشىۋاتقانلىقى، قەشقەردىمۇ جىددىي ھالەت يۈز بەرگەنلىكى، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرى تىنچ ئەمەس ئىكەنلىكى قاتارلىق خەۋەرلەر تۈشمۇ - تۈشتىن كەلگىلى تۇردى. شۇڭا ئۈرۈمچى شەھىرى ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشكەن ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېن ئۈرۈمچىنى ھەقىقىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گارنىزون قوماندان شتابى قۇرۇپ، ئۆزى سىلىڭ (قوماندان) بولدى. جىن جۇڭنى مۇئاۋىن (سەنمۇ) لىققا تەيىن قىلدى. ھەممە شەھەر گارنىزون قوماندانلىقى قۇرۇپ قوماندانلىققا سۈيزاۋجېنى تەيىنلىدى. جىفېڭلۇ شەھەر گارنىزونى ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شۇلىشياۋيۈەن رۇسچە بىلگەنلىكتىن شتابنىڭ ئالاقە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە ئىدى.

مەن نەنگۇەندىن شەھەر ئىچىگە كۆچۈپ كىرىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئاپتوماشىنا ئىدارىسى (گاراژ) نىڭ باشلىقى گىمپېركىن (ئاق ئورۇس) مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭ تونۇشىچە: «جىن شۇرېن قومۇل ۋەقەسىنى بىر تەرەپ

قىلىشتا ئوتتۇرۇپ قويدى، مىللى قوزغىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ قالايمىقانچىلىقىغا سەۋەبچى بولدى. جىن شۇرېنغا يالغۇز ئۇيغۇرلار ئەمەس، خۇيزۇلارمۇ قارشى تۇرۋاتىدۇ. خەنزۇلارمۇ جىن شۇرېندىن قۇتۇلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا مەندە جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىدىغان خىيال بارمۇ — دەپ چېكىپ باققانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدىكى تونۇشۇمچە: «شىنجاڭدا مىللەتلەر مۇرەككەپ، يول قاتناش مۇشكۇل. ئىنقىلاب ھەركىتىنى ئويلۇنۇپ ئېھتىيات بىلەن ئىشلەش كېرەك. يېڭىلىكنىڭ قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ بىلەتتىم. يەنە بىر كۈنى تاۋمىڭيۈي كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشكىنىدە، ئۇنىڭدىنمۇ: «جىن شۇرېن ئاممىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. ئەگەر ئاغدۇرۇپ تاشلانمىسا خەلقنىڭ نەپرىتى بېسىلمايدۇ. جايلارنى تېچلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن تونۇش بار ئىدى. تاۋمىڭيۈي يەنە ماڭا: «شەرقىي — شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان ماجەنشيەن، لىدۇ ۋە سۇبىڭۋېنلەر باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم پىدائىيلار سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىگە چېكىنىپ، ھازىر سىبىرىيە ۋە تۈركىستان — سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق چۆچەككە كېلىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە كېتىدىكەن. جىن شۇرېن لۇشياۋزۇنى چۆچەككە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ھېلىقى پىدائىي قىسىملارنى قارشى ئېلىشنى تاپىلىدى» دېگەن خەۋەرنى ئېيتتى.

1933 — يىلى 2 — ئاينىڭ 20 — كۈنى «ئىچكىرىگە بارىمەن» دەپ جىن شۇرېندىن رۇخسەت ئېلىپ، لۇشياۋزۇ بى-



لەن بىللە چۆچەككە ماڭدىم. بىللە ماڭغانلاردىن خەن شۈن، گۇاڭلۇلار بار ئىدى. يولدا 4 كۈن يۈرۈپ چۆچەككە يېتىپ باردۇق. لۇشياۋزۇ لىجۇڭلىننىڭ ئورنىغا چۆچەك ۋالىيسى بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن مەن چۆچەكتىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكتۇغا يېتىپ بارغىنىمدا شەرقىي — شىماللىق پىدائىي قىسىملارمۇ شۇ جايغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن. مەن تيەنجىنگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا، ئۈرۈمچىدە 12 — ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى بولدى.

12 — ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدە جىن شۇرېن قوغلاندى بولۇپ، تيەنجىنگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە نۆۋەت كۆرۈشتۈم، جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى شارايىتى ۋە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى توغرىلىق ھېچنەرسە سۆزلىمىدى. ئۇ ئەنگلىيە كونسېسسىيەسىدىكى ماچاڭداۋ يولىغا يېقىن چەتئەللىكچە سېلىنغان بىر ئىمارەتنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئايلىق ئىجارىسى ئۈچۈن 100 يۈەندىن تۆلەپ ئولتۇراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا تيەنجىندە جىم — جىت ياتىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. 1934 — يىلى جىن شۇرېن بېيجىڭگە بېرىپ تاماشا قىلىش ئەسناسىدا، خۇاڭلىجۇڭنىڭ باشلىشى بىلەن نەنچاڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەندە جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا نەنجىڭگە بېرىپ شۇ چاغدىكى مەمۇرى ئىشلار پالاتاسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن كۆرۈشۈشنى تاپىلىدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ يېڭىسارلىق ئەيسا ئالىپتېكىن نەنجىڭدە ئىدى. جىن شۇرېننىڭ تيەنجىنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەيسا ۋاڭ جىڭۋېيگە جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى، «ئەگەر جازا-

لائەمسا خەنزۇغا چاپان يېپىپ، »ئاز سانلىق مىللەتنى كەمستەكەنلىك بولىدۇ. ئاتالمىش بەش مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيەت بولىشى قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ھەممە چېگرادىكى مىللەتلەرنىڭ مەركەزگە مايىل بولۇشىدىن ئۈمىت كۈتكىلى بولمايدۇ.« دەپ كورسەتتى. شۇنىڭدەك يەنە جىن شۇرېن ئوز ئالدىغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توختام تۈزۈشۈپ، ھەربى ئەسلىھەلەر سېتىۋېلىپ خەلقنى دەھشەتلىك باستۇردى. مىللى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. »شىنجاڭدىن نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ھەرخىل قانۇنسىزلىقلارنى قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭ قانۇنىنى ئاياق - ئاستى قىلىشقا يول قويۇلىدىغان بولسا، دولەتنىڭ قانۇن - ئىنتىزاملىرىنى قانداق ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ« دەپ شىكايەت قىلدى. شۇڭا ۋىلچىڭۋېي جىن شۇرېننى قاماققا ئالدى. خۇالىجۇڭ شاڭخەيدىك مەشھۇر ئادۋوكاتنى يالالاپ، جىن شۇرېننىڭ نۇرغۇن ئالتۇنلىرىنى خەشلەپ شاپاشلاپ ھەركەتلەندى. ئالتۇن، پۇل ئوز كارامىتىنى كورسۇتۇپ 1936 - يىلى جىن شۇرېن قاماقتىن بوشاپ چىقتى.

## جىن شۇرېن دەۋرىدىن ئەسلىمىلەر

لىيۇدېيى

( 1 )

1928 - يىلىدىكى » 7 - ئىيۇل« ۋەقەسىدە، مەن سىفەن مەكتىۋىنىڭ 1 - سىنىپىدا ئوقۇيتتىم، كوزۇم بىلەن كورگەنلىرىمنى بار. ئۇ چاغدا فەن ياۋنەن سىياسى - قانۇن مەكتىۋىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭپۇنشى، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى لۇباۋرۇ، سىياسى ئىشلار نازارىتىنىڭ بولۇم باشلىقى ياڭچىڭنەن، يەنە باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن مەخپى كېلىشىۋالغان ئىدى. ۋەقەنى قوزغاشتىن بۇرۇن فەن ياۋنەن مىچۇەندىكى بەزى خۇنەنلىك دىخانلار ۋە دۇبەن يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى سەيپۇڭلار ھەم خۇنەنلىك تىكىمچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، دۇبەن يامۇلىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ، بۇيرۇق كۇتۇشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

»7 - ئىيۇل« كۇنىسى، ياڭزېڭشىن سىياسى - قانۇن مەكتىۋىگە بېرىپ شۇ نوۋەتتىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى، نۇتۇق سوزلىدى، ئوقۇغۇچىلاردىن خۇشۇكاڭ سوزگە چىقان بولدى. مۇراسىم تۈگەپ زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا كوپچىلىك مېھمانلار زالىدا دەم ئېلىشىپ ئولتۇردى، ئەپيۇنكەش جىن شۇرېننىڭ خۇمارى تۇتۇپ سولىشىپ كەتتى، ياڭزېڭشىن ئۇنى چۈشۈنۈپ جىن شۇرېنغا: »ئىشخانىدا بىر مۇنچە ھوججەتلەر تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغان، سىز ئالدىن قايتىپ كېتىڭ. زىياپەتنى كۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ« دېدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن خوشلۇشۇپ قايتىپ كەتتى.

فەن ياۋنەن ياڭزېڭشىننى ئېتىپ ئولتۇرگەندىن كېيىن، مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ ئوز ئادەملىرىنى باشلاپ جاڭجۇن يامۇلىنىڭ 3 - زالىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە بېرىپ جىن شۇرېننى مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەپ تەكلىپ قىلدى. جىن شۇرېن كەسكىن ئەمەس لىڭگىرتاق - تاق ئادەم بولغاچقا سەل ئىككىلىنىپ قالدى، ياڭزېڭشىننىڭ ھەربى ئىشلار نازارىتىغا قاراشلىق بولۇم باشلىقى جاڭپېيۇەن، جىن شۇرېنغا: مەكتەپنىڭ ئوقۇش

پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەتكەن ياڭزىپىڭشىن قايتىپ كەلمەي تۇرۇپ، مەكتەپ مەسئۇلى فەن ياۋنەننىڭ قايتىپ كېلىشى گۇمانلىق. بۇنى ئىنقىلاپ ئاندىن بىرىلىك دىدى. بۇ گەپكە گۇچۇڭنىڭ شەنجاڭلىقىنى ئەمدىلا تاپشۇرۇپ كەلگەن لى خەيرۇ ھەم قوشۇلدى. جىن شۇرېن شۇڭا يوقۇلاڭ بانىلارنى كۆرسۈتۈپ مەسلىھەتكە چىقمىدى. بۇ ئارىلىقتا مەكتەپ تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ: ياڭزىپىڭشىن، دۇفارۇڭ، گاۋلىيەندۇ ۋە كانىۋاي چاڭ × × ، جاڭ × × لارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. جىن شۇرېن دەرھال مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى يىغماقچى بولدى. لېكىن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قاۋۇللىرى ياڭزىپىڭشىن بىلەن بىللە كەتكەن ئىدى. دەل شۇ پەيتتە باتالىيون باشلىقى دۇگۇجىڭ، (دۇفارۇڭنىڭ ئوغلى). ئاتىسىنىڭ سىياسى- قانۇن مەكتەپتە ئېتىلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بىرىپ ئىنتىقام ئېلىشقا ماڭىدۇ. مەكتەپنىڭ كەينى دەرۋازىسىغا بارغاندا، ياردار بولغان يەن يۈيشەن ئۇچراپ ھەقىقى ئەھۋالنى، يەنى ئوقۇغۇچىلار قوزغىغان ئىش ئەمەس دىگەندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلگەندە جىن شۇرېن ئۇنى چوڭ ياماۇلغا بىرىشقا بۇيرۇيدۇ، دۇگۇجىڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 3 - زالىغا يېتىپ كەلگەندە گەرچە فەن ياۋنەن قارشى چىققان بولسىمۇ لېكىن تەڭ كېلەلمەي قولغا چۈشۈپ قالدى ۋە دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چىڭ گۇاڭ دەرھال جىن شۇرېنغا: توپۇلاڭنى بېسىقتۇردىڭىز، ھەممە باش قوماندانىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىڭىز، بىز، سىزنى ھىمايە قىلىدۇق، ماۋۇ رادىيو گىراممىنىڭ ھەممىسىنى سىزگە تاپشۇراي! دەپ قولىدىكى رادىيو گىراممىلارنى تاپشۇردى. جىن شۇرېن ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا ياخشى، سىز ھازىر تېلېگىراف ئىستانسىسىغا چاپسان بېرىڭ. تېلېگىراف ماشىنىلىرىغا تولۇق جاۋاپكار بولىسىز، ھوكۇمەت ئالاقىلىرى ئاۋاللىقىدەك باشقۇرۇلسۇن دىدى.



شۇ كۈنىسى، فەن ياۋنەن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئىچكى ئىشلار نازىرى لى چى، مالىيە نازىرى شۈي يىسەن، تەمىرات نازىرى يەن يۈيشەن (ياردار بولۇپ كېلەلمىدى)، ئۆلكىلىك كېڭەش باشلىقى لى رۇڭ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چىن جىشەنلەرنى چاقىرىپ، مەسلىھەت ئۆتكۈزدى. مۇزاكىرە ئارقىلىق (1) خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلان چىقىرىش؛ (2) ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى مەركەزگە مەلۇم قىلىپ تېلېگىرام يوللاش؛ (3) پۈتۈن ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ھەربى-مەمۇرى خادىملارغا ئومۇمى تېلېگىرامما يوللاش، بىر تەرەپتىن ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەندۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى بولدى.

خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن چاپلاندى. مەن ئۇ چاغدا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتاتتىم. سىياسى-قانۇن مەكتەپتە ۋەقە چىققانلىقىنى ئاڭلاپ شۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاكام ليۇدېڭشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدىم، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاكامنى ئىزدەپ كەلسەم دەرۋازىنىڭ چوڭ تېمىغا چاپلانغان ئېلاننى بىر مۇنچە ئادەملەر توپلىشىپ ئوقۇۋاتقان ئىكەن. جىن شۇرېننىڭ نامىدا چىققان ئېلاننىڭ ئاساسى مەزمۇنى فەن ياۋنەننىڭ ياڭزىپىڭشىنى ئۆلتۈرۈش جەريانى ۋە جىن شۇرېننىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار، يەنە

ئۇنىڭدا فەن ياۋنەن قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم كەسىپ قىلىشىنى ھەرگىز پاراكەندە بولماسلىقلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز دېيىلگەن.

7- ئاينىڭ 8- كۈنى، يالڭ زېڭشىننىڭ جەسىدى سىياسى- قانۇن مەكتەپتە ساندۇققا سېلىنىپ شاگدى مياۋ بۇتخانىسىغا ئاپىرىلدى. ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ تەزىيە مۇراسىمى 40 كۈن داۋام قىلدى. مەشھۇر راھىپلار، شېخلار، لامالارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز قائىدىسى بويىچە رەسمىيەت ئادا قىلدى. يالڭ زېڭشىننى ئۇزۇتۇش مۇراسىمىنى چېن دېيەنكۈي باشقۇرۇپ خېلى تەنتەنىلىك ئۆزاتتى.

ئاڭلىشىمىزچە فەن ياۋنەننىڭ يالڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش قەستىگە جاڭ شېڭمۇ قاتناشقان ئىكەن. ئۇ، ئەسلىدە تاشقى ئىشلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ فەن ياۋنەن بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسى- قانۇن مەكتەپىنىڭ قانۇن ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ جاڭچۇنشى بىلەنمۇ ياخشى، لېكىن جاڭ شېڭ فەن ياۋنەننىڭ ئىشى ئەمەلگە ئېشىپ چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن بېرىپ ياردەم بەرمەكچى بولغان. شۇڭلاشقا جىن شۇرېن باشتىن- ئاخىر ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «12- ئاپرېل» ۋەقەسىدە جىن شۇرېننى ئۆلاتقان چاغدا، جاڭ شېڭ ئاساسلىق ئادەملەرنىڭ بىرسى بولدى. شىڭ شىسەيمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يالڭ زېڭشىن جىن شۇرېنلارغا سەممىيەتسىزلىك قىلغان ئادەم كەلگۈسىدە شىڭ شىسەيگىمۇ شۇنداق قىلىدۇ دېگەن تونۇشقا كەلگەندە 1937- يىلى جاڭ شېڭ باشچىلىقىدىكى ئىسيان كوتۇرۇشكە ئۇرۇنغانلار ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.



## (2)

جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھەربى ھازىرلىقلارنى رەتلەش، چېگرا رايوننى مۇھاپىزەت قىلىش، مائارىپنى يولغا قويۇش، كادىرلار يېتىشتۈرۈش، تەبىئى بايلىقلارنى ئېچىش، سانائەتنى يولغا قويۇشتەك سىياسى پروگراممىا ئېلان قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشنى ھەربى تەييارلىقلارنى كۈچەيتىشتىن باشلىدى. يالڭ زېڭشىن دەۋرىدە، سەندۇگېدا دۇۋزىيە شتاۋى بولۇپ جياڭسۇلىك دىگەن كىشى دۇۋزىيە قوماندانى (سىجاڭ) ئىدى. يېشى 70 تىن ئاشقان بۇ ئادەم، ئۇزۇن ئوتمەي ئۆلۈپ كەتتى. جىن شۇرېن سىجاڭلىقنى قوشۇمچە ئېلىۋېلىپ پەۋقۇلئاددە روتىلارنى 10 غا يەتكۈزدى. روتا ئىشتاپلىرىنىڭ ھەممىسى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى، دۇگۇجۇنى دەسلىۋىدە پولك باشلىقى كېيىنچە بىرىگادا باشلىقى (لۈيجاڭ) لىققا ئوستۇردى. بىرىگادا ئىشتاۋى ھازىرقى جيەنگولۇنىڭ شىمالىدا ئىدى. جىن شۇرېننىڭ چاپارمىنى سۈي زاۋجى، «7- ئىيۇل» ۋەقەسىدە خىزمەت كورسەتكەنلىكتىن تۇەنجاڭلىققا (پولك كوماندىرلىغىغا) ئوستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىن شۇرېن بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ھەم تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئوفىتسىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى قۇردى. 1928- يىلىدىن ئارتىپ ھەربى مەكتەپ قۇرۇپ ئۇرۇمچى ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەردىن، بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئادەم سانى 70

ئەتراپىدا بولسا كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، كىيىم - كېچەك راسخوتلىرىنى ھۆكۈمەت تەمىنلىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئايدا ياردەم پۇلى بېرىلىپ تۇردى. بۇ، پۇلنىڭ سانى شۇ ۋاقىتلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مۇئاشىغا تەڭ ئىدى. مۇدىرلىقنى جىن شۇرېن ئۆزى قوشۇمچە ئىشلىدى. چېن پېڭشيۇ ئىلمىي مۇدىر ئىدى. تىل - ئەدەبىيات، ماتىماتىكىدىن باشقا، ئىستىراتېگىيە - تاكتىكا دەرسلىرى ئاساس قىلىناتتى، باشقۇرۇش چىڭ بولۇپ دەرستىن قېلىشقا يول قويۇلمايتتى.

( 3 )

1928 - يىلى، ياڭزېڭشىن ئەپيۇننى مەنئى قىلىشنى، ئەپيۇن تېرىشقا ئۆزگەرتتى. ئەپيۇن تېرىلىدىغان ئاساسلىق ناھىيىلەردە ئىدارە تەسىس قىلىپ ئەپيۇندىن باج ئالدى.

جىن شۇرېن دۆگۈجىڭ قاتارلىق مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى ئەپيۇنكەش ئىدى. ھۆكۈمەتكە يېقىنلاردىن لاۋيېلەر، شاۋيېلەر، خېنىملار، چوڭلارنىڭ قىزلىرى ھەممىسى دېگىدەك ئەپيۇنكەش ئىدى. ھەتتا پاھىشەخانىلاردىمۇ ئەپيۇن چىراقلىرى تەييار بولۇپ مېھمان كۈتۈشنىڭ ۋاستىسى بولاتتى. ئۇيغۇر، قازاقلار نەشە چېكىشكە ئامراق. شۇڭا ياڭزېڭشىن جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە ئەپيۇنخانا ھەم بەڭ چېكىدىغان مەيخانىلار ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقان ئىدى. ئەپيۇن - بەڭ چېكىپ، بەشلەڭ قەغەز ئويناش، دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەپيۇن تاماكا چەكمەيدىغانلارمۇ، ئانچە - مۇنچە شوراپ قويمىسا بولمايتتى.



ھەر يىلى ئەپيۇندىن مەھسۇلات ئېلىش پەسلىدە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئەپيۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن گۈچۈڭ، چوچەك ئەتراپلىرىغا ئادەم ئەۋەتەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆگۈجىڭ ھەممىدىن جىق سېتىۋالاتتى، قانچە بولسا شۇنچە ئالاتتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، جىن شۇرېن ئۈچۈنمۇ بىر قىسىم ئەپيۇن سېتىۋالاتتى.

بۇنداق ئەھۋاللار تا 1936 - يىلغىچە داۋام قىلدى، شۇ چاغدا مەن قەشقەر باجخانا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم، شۇ يىللىرى قەشقەردىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەردىن 300 مىڭ سەردىن جىقراق نەشە، 3 - 4 مىڭ سەردەك ئەپيۇن چىقتى. قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىشقا ھەتتا جازالاشقا تېگىشلىك ئىدى. قەشقەردىكى، ئەنگىلىيە كونسۇللىرىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئەپيۇننى پۈتۈن مۇسادىرە قىلدۇق، نەشىنى 60 پىرسەنت باج تۆلەپ ھىندىستانغا ئېلىپ كېتىدىغان قىلدۇق.

( 4 )

ياڭزېڭشىن ، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت ناھىيىلىرىدىكى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ تۇققانلىرى ياكى دوست - يارەنلىرىنى ئەمەلدار قىلاتتى. ئۇ چاغدا بىرەر قېتىم شەنجاڭ بولغان كىشى، بىر نەچچە يىل يېتىپ يەيتتى، ياڭزېڭشىننىڭ تەيىنلىگەن شەنجاڭلىرى ئاۋال شاگدىمياۋ (بۇتخانا)غا بېرىپ قەسەم بېرەتتى، بىر تەيىنلەنگەن شەنجاڭ 4 5 يىلغىچە، ھەتتا 7 - 8 يىلغىچە تۇرىۋېرەتتى. ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلى-

رىدە ھەر قايسى ناھىيەلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆتۈرۈشكە بېرى-
ۋاتاتتى. مەسىلەن: ئاشلىق بېجى، چارۋا - مال بېجى قاتارلىقلار-
نى ئاتاقتا سودىگەرلەر تولۇق بويىچە كۆتۈرۈشكە ئالىدۇ دېيىلسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە مەرتىۋىلىك زاتلار بىلەن ھاكىملار يەك ئىچىدە تىل
بىرىكتۈرۈپ ھەر يىلى كۆتۈرۈشكە ئالاتتى ۋە پايدىنى تەڭ ھەمبۆلۈك
بولۇشاتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت (تاموژنا) بېجىنى ئالساق
ئەلى، چوچەك، قەشقەر، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مەخ-
سۇس تەيىنلەنگەن تاموژنى باجگىرلىرى مەسئۇل قىلىناتتى. ئال-
تايدىن كېپەك ئالتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم-
لەر ئالتايدىكى ئالتۇن سايغا بېرىپ كېپەك ئالتۇن كولىشاتتى،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن بېجى يىغىدىغان ھەيئەت تەيىنلەپ ئال-
تۇن بېجى ئالاتتى. ئالتۇن بېجىنىڭ نىسبەت مىقدارى 4 پىر-
سەنت بولسىمۇ، يىلىغا 5 - 6 يۈز سەر ئالتۇن يىغىلاتتى. ئاڭلى-
شىمىزچە بۇ ئالتۇننىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ يانچۇقىغا چۈ-
شۈپ كېتىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا بازار بېجى، ئۇششاق پاي-
دىچىلاردىن ئېلىنىدىغان باج - خىراجلار، ھاكىملارنىڭ خېنىم -
قىزلىرىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىكلىرىگە خەجلىنەتتى.

ھەر ناھىيىنىڭ غەللە - پارىغىنى شەنجاڭلار يىغاتتى-دە،
ئارتۇق ئېلىنغان قىسمى شەنجاڭنىڭ نەپىقىسى بولاتتى، يەنە
ھەربىر ناھىيەلەردە يۈز يەر ئوزلەشتۈرۈلسە، ئۇنىڭدىنمۇ بەلگى-
لىمە بويىچە غەللە - پاراق ئېلىناتتى. بۇنىڭدىن توپلانغان غەللە
شەنجاڭ بېگىملىرىگە تەئەللۇق بولاتتى، يۇقۇرىغا تاپشۇرمايتتى،
بەزىدە ئازغىنە قىسمىنى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇپ قوياتتى. ھەرقايسى
ناھىيەلەردىن غەللە - پاراق يىغىدىغان چاغدا ئۆلكىنىڭ ھۆكۈ-



مەتنىڭ شەنجاڭلارنىڭ غەللە - پاراق يىغىشقا ياردەملىشىدىغان
نازارەتچى ھەيئەتلىرىنى تەيىنلەيتتى. مەزكۇر نازارەتچى ھەيئەت-
لەر يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېتىشى - قوپۇشى، خىزا-
لىنىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەنجاڭ بېگىم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرات-
تى، ئىش تۈگەپ ئۈرۈمچىگە يانغاندا شەنجاڭ ئايرىم ھالدا نۇر-
غۇن يول خىراجىتى سوغا قىلاتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن
ئوت ئۈچى نامىدىكى باج ئېلىناتتى، ئۇنىمۇ شەنجاڭلار ھەريىلى
ھەر قايسى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ يىغىۋېلىپ،
نىسبەت بويىچە ئۆلكە غەزىنىسىگە تاپشۇراتتى، ئارتۇق قىسمىغا
شەنجاڭ بېگىم ئىگە بولاتتى.

يەنە ئۇ چاغلاردا، ھەر قايسى ئورۇننىڭ ئىشى جىق تا-
دىمى ئازلىق قىلاتتى، ساۋاتسىزلار تولا، يېزىش، ھېساپلاش
قولىدىن كېلىدىغانلار ئاز بولغانلىقتىن، بىر ئىشى قىلسىلا، بىر
ئۈلۈشى مۇئاش ئالاتتى. بۇنىڭ نامى قوشۇمچە خىزمەت دەپ ئا-
تىلاتتى. شۇڭا بىر ئادەم ھەممىشە 2 دىن 3 كىچە خىزمەتنى قو-
شۇمچە ئىشلەپ، 3 كىشىلىك (ئۈلۈش) مۇئاش ئالاتتى.

( 5 )

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەنجىڭدىكى گومىن-
داڭ دائىرىلىرى، جىن شۇرېنغا شىنجاڭدا فىرقە خىزمىتىنى باش-
قۇرىدىغان گومىنداڭنىڭ بىر نەپەر مەسئۇل ئەربابىنى ئەۋەتىش
توغرۇلۇق مەسلىھەت سېلىپ قايتا - قايتا تېلېگرامما ئەۋەتتى.
جىن شۇرېن باھانە كۆرسىتىپ بۇ ئىشنى ئارقىغا تارتتى. كېيىن

گومىنداڭ ئاۋال ئادەمنى بەلگىلەپ ئاندىن ئۇقتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ ۋېي يۇگجىڭ دېگەن بىرسىنى شىنجاڭغا فىرقە خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

جىن شۇرېننىڭ فىرقە خىزمىتى توغرۇلۇق خوشى يوق بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۆۋەت مەركەز ئادەم تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن كورۇنۇشتە بولسىمۇ ھە-ئە دەپ قويۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لىيۇشاۋلىنى ئومۇمى مەسئۇل قىلىپ ئاۋال ئۆلكىلىك فىرقىنى قۇرۇشقا تەيىنلىدى.

ۋېي يۇگجىڭ فىرقە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك فىرقىدە ياتتى. ئۇ يالغۇز بولغاچقا تاماق مەسىلىسىمۇ قىيىن ئىدى. ئامالسىزلىقتا سىمسىز رادىيو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈەنخەننىڭ ئۆيىدىن تاماق يەپ يۈردى. ئۈرۈمچىدە يۇقۇرى تەبىقىدىكى زاتلارنىڭ ھېچقايسىسى ۋېي يۇگجىڭ بىلەن يېقىنلاشمىدى. پەقەت سۇڭ جېمىڭ ئىسىملىك تېخنىك خادىم لەنجۇلۇق بولغاچقا (ۋېي يۇگجىڭمۇ لەنجۇلۇق ئىدى) يۇرتداشلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ - پاراڭلىشىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ جىن شۇرېن تەرىپىدىن ۋېي يۇگجىڭنىڭ سوز - ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا تەيىنلەنگەن ئادەم ئىدى. ۋېي يۇگجىڭ سۇڭ جېمىڭنىڭ پايلاقچى ئىكەنلىكىنى سەزمەستىن بەزىبىر گەپلىرىدە جىن شۇرېنغا نارازىلىق سوزلەرمۇ قىلاتتى. بۇنى جىن شۇرېن ئاڭلاپ نارازى بولدى. دەل شۇ پەيتتە ۋاڭ يۈەنخەن جىن شۇرېنغا: ۋېي يۇگجىڭ مەن گوچۇڭغا ھوكۇمەت خىزمىتى بىلەن كەتكەندە ئايالىمغا قانات سورەپتۇ دەپ ئەرز قىلدى. جىن شۇرېن مۇشۇ بانا بىلەن ئۇنى قوغلىۋەتتى.



## (6)

قۇمۇلدىكى ليۇشىزېڭنىڭ ئورنىغا جۇرۇيشى سىجاڭ (دىۋىزىيە باشلىقى) بولغاندىن كېيىن، يولۋاس بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ قۇمۇلنى مۇھاسىرە قىلدى، ۋەزىيەت جىددىيلەشتى، جىن شۇرېن لۇشياۋزۇنى قوماندان، شىڭشىسەينى سەنمۇ (ھەربى ئىشلار مۇشاۋىرى) دۇگۇجۇنى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. دۇگۇجۇنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملىرى لودۇڭغا بارغاندا ، شىڭشىسەي مەسلىھەت بېرىپ: لودۇڭنىڭ ئالدى تەرىپىدە 5 جىلغا بار، بولۇپمۇ بەشىنچى جىلغىنىڭ يەر شارائىتى ئىنتايىن خەۋپلىك، ئەگەر شۇ جايدا ئاكوپ كولاپ توسايدىغان بولساق دۈشمەنلەر ئۆتەلمەيدۇ. ئۈچىنچى جىلغىمۇ خەۋپلىك. ئەگەر ئۈچىنچى جىلغىدا ئاكوپ كولاپ، 2 - مۇداپىئە سېپى قۇرىدىغان بولساق، لودۇڭ پۈتۈنلەي خەۋپسىز بولىدۇ. ئەگەر لودۇڭ قولدىن كېتىپ جىجىساۋزا (چىغلىق) ياكى چوچەك بۇلاقتا چېكىنىشكە توغرى كەلسە ئۇ جاي ئوچۇقچۇلۇق بولغاچقا كېچىسى ئوت قالىماسلىق كېرەك، ئۇ چاغدا دۈشمەنلەر بىزنىڭ ھەققىي ئەھۋالىمىزنى پەرق ئېتەلمەستىن ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنداق قىلماي ئوت قالايدىغان بولساق دۈشمەنلەر قىسىملىرىمىزنىڭ تۇرغان جايىنى بىلىۋېلىپ تورت تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، تەڭ كېلەلمەي قالىمىز دەپ مەسلىھەت بەردى. ئەمما لودۇڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاكوپ كولاپ مۇداپىئە كورۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەممە ئادەم چېدىر ئىچىدە بەشلەڭ

قەغەز ئويناپ ئەپيۇن چېكىپ خىرامان ياتتى.

شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ قىسمىنىڭ رازۋېت روتا باشلىقى تاۋ ×× ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ لودۇڭغا كەلمەكتە ئىدى. بەشىنچى چىلغىغا كەلگەندە، يوشۇرۇنۇپ ياتقانلار بولمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى ئومىلەپ مېڭىشقا بۇيرۇندى. ئەسكەرلىرى نېمىدىن قورقىمىز؟ دېگەندە، تاۋ ××: دۇگۇجىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئۇقمايدۇ، لېكىن شىڭشىسەيدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، دېدى. ئەمما بۇ يەردە بىرمۇ ئەسكەر يوق ئىكەن، تاۋ لىيەنجاڭ تۇرۇپ: شىڭشىسەيمۇ قۇرۇق نامى بار نېمىكەن دېدى. ئۈچىنچى چىلغىغا يېتىپ كەلگەندە، تاۋ ×× يەنە ئەسكەرلەرگە ئېھتىيات قىلىڭلار دەپ تاپىلايدۇ. نەتىجىدە ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم يوق، شۇنداق قىلىپ تاۋنىڭ قىسىملىرى دۇگۇجىڭ گازارمىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. دۇگۇجىڭنىڭ بىخۇت ياتقان ئەسكەرلىرى ھولۇقۇپ كېتىپ قاپقانلىرى قېچىپ، تىرە - پىرەڭ بولىدۇ. دۇگۇجىڭمۇ قولغا چۈشۈپ قالغىلى قىل قالدى. ئۇ پەقەتلا ۋاڭجەنيۈەن باشلىق 30 نەپچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدا قۇتۇلۇپ چىقتى.

دۇگۇجىڭ جىمساۋزىغا يېتىپ كەلگەندە، قاراڭغۇ چۈشتى. ئەسكەرلىرى تاماق يەيتتۇق دەپ غىڭشىيدۇ، دۇگۇجىڭنىڭمۇ ئەپيۇن خۇمارى تۇتۇپ شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلدى. بەزىلەر كېچىدە ئوت قالىمايلى دۈشمەن كۆرسە جەزمەن قوغلاپ كېلىدۇ دېسىمۇ، لېكىن دۇگۇجىڭ لودۇڭدىكى ساۋاقنى كوزدە تۇتماي ئوت قالاپ، تاماق ئېتىڭلار دەيدۇ، تاۋلىيەنجاڭ ئوتقا قاراپ دۇگۇجىڭنىڭ قىسىملىرى بار جايىنى بىلىۋالىدۇ دە، قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. دۇگۇجىڭ ئەھۋالىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەنلا قاچ—



قان بولسىمۇ ئوتتۇرا يولدا ياردار بولىدۇ. ھەتتا ماگالماي قالىدۇ. يېنىدا ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچىسى قالغان ئىدى، ئۇلار يىغلىشىپ دۇ ×× بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشقا ۋەدە قىلىشىۋاتقاندا ماجۇڭيىڭنىڭ بىر لىيەنجاڭى ئاگلاپ دۇگۇجىڭنىڭ ئولمىگەنلىكىنى كورگەندىن كېيىن بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىپ ئولتۇرۇپ كاللىسىنى كېسىدۇ-دە، ھېلىقى ئىككى نەپەر يىغلاڭغۇ ئەسكەرنى ھەيدەپ ئاپىرىپ مەلۇم قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى سوراشتۇرغاندا، ھېلىقى ئىككى ئادەم راس سوز قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ھېلىقى ئىككىسىگە سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار تۈزۈك ئادەم ئىكەنسىلەر دەپتۇ. كېيىندىنلا ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ھېلىقى لىيەنجاڭنى سەپ ئالدىغا چىقىرىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ھېلىقى لىيەنجاڭ خىزمىتىنى مەلۇم قىلغاندا ئەمەلىيەتنى ئاشۇرۇپ سوزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئولتۇرگەنمىش، يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە: ماجۇڭيىڭنىڭ قارشى بويىچە دۇگۇجىڭنى كوتۇرۇپ گازارمىغا ئەكەلگەن بولسا داۋالاپ ساقايتساق تەسىرى ياخشى بولاتتى، لىيەنجاڭنىڭ ئېتىپ ئولتۇرگەنلىكى خاتا بوپتۇ دەپ چېپىۋەتكەنمىش، زادى قايسى راس، بۇنى ئىسپاتلاش قىيىن.

دۇگۇجىڭنىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تار - مار بولۇپ روھسىزلىنىپ كەتتى. لۇشياۋزۇ ئەسلىدە مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ چاشقاندەكمۇ قورقۇنچاق نەرسە بولغاچقا، ھەدەپ چېكىنىۋەردى. ماجۇڭيىڭ شىڭشىسەينىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي سوقۇشماستىن قوغلاش چارىسىنى قوللاندى، جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل مۇھاسىرىسىنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانى مۇشۇ جايغا كېلىپ سۇغا چىلاشتى.

( 7 )

قۇمۇل ۋەقەسى بىرىنچى قېتىم تىنچلانغاندىن كېيىن، ها
سەنباي قاتارلىق قۇمۇللۇقلار جىن‌شۇرېندىن قۇمۇلغا قايتىپ كې
لىشكە رۇخسەت سورىغاندا جىن‌شۇرېن رۇخسەت قىلىدۇ. ھەسە
بباي قاتارلىق قۇمۇللۇقلار 100 دىن ئارتۇق ئېشەك بىلەن شە
جاڭغا قاراپ كېلىۋېتىش جەريانىدا ھەر بىر مۇھىم چازىغا كە
گەندە تېلېگىرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدى. قۇمۇ
تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە خەۋەرلىشىش مۇمكىن بولمىدى. ئە
لىدە جاڭ لېيەنجاڭ دىگەن بىرسى ھەسەنباي قاتارلىق ئۇيغۇر
لارنىڭ قۇمۇلغا كوچۇپ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن‌كېيى
ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى تـوساپ ھەم
ئادەمنى ئولتۇرۇپ، بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى يەنى نەچچەمى
سەر ئەپيۇن 1000 سەردىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگە نۇرغۇن چا
ۋە كۈندۈلۈك ئىستىمال بۇيۇملارنى بۇلىۋېلىپ قۇمۇلغا كېلىۋالغا
ئىدى. جاڭ‌لېيەنجاڭ بۇ ئىشنى ھېچكىم تۇيمىدى دەپ ئويلايد
لېكىن جاڭ‌لېيەنجاڭلار بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان چاغدا تاغ بېشى
ئېشەك بېقىۋاتقان بىر كىچىك بـالا ھەممىنى كـورۇپ تۇرغا
ئىكەن، بۇ بالا كېلىپ يولۋاسقا مەلۇم قىلىدۇ. يولۋاس دەرھا
لى خەيرۇنىڭ تەكشۇرۇپ چارەكورۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لى‌خەير
كوڭۇل بولمەيدۇ، بۇ توغرۇلۇق يولۋاس ناھايىتى‌نارازى بولۇپ
سىلەر قىلساڭلار مەنمۇ قىلىشنى بىلىمەن دەيـدۇ-دە، دەل
چاغدا بىر تۇركۈم سودىگەرلەر توگىگە كىرا قىلىپ سۈيىۋەنـ



كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇلاربارىكولگە يېقىنلاشقاندا يولۋاسنىڭ ئەسـ
كەرلىرى توساپ بۇلاڭ‌ـ تالاڭ قىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى
ئولتۇردۇۋېتىدۇ. ئاڭلىغان گەپكە قارىغاندا پەقەت ئىككى ئايالنى
ئولتۇرمەي تاققا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىـ
ۋارەن شىنجاڭ ـ سۈيىۋەن قاتنـاش يولى پۇتۇنلـەي توختىدى.

يولۋاس جىـن‌شۇرېنغا قارشـى بولغانلىقتىن، جىـن‌شۇرېن شىڭ‌شىسەينى باش قوماندان قىلىپ، ياڭ‌جېڭجۇڭ، فۇچۇەن ئىكـكىيلەننى قېتىپ قۇمۇلغا ئەۋەتتى، ئۇلار بىلەن بىر قىسىم ئورۇس ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. يولۋاس شىمالىي تاغدا تۇراتتى، شىڭ شىسەي شىمالىي تاققا يۈرۈش قىلغاندا يولۋاسلار سوقۇشماستىنلا قـاچىدۇ ۋە بىر نەچـچە تۇڭ ئۇچەيـلەرنى ئەپكىتىشكە ئۇلگۇـ رەلمەيدۇ.

چاغان (باھار) بايرىمىغا ئاز قـالغانلىغى ئـۇچۇن، شىڭ شىسەي ئۇچەيلەرنى باھا قويۇپ، ساتقۇزۇپ، ئەسكەرلەردىن ھال سوراشقا ئىشلەتمەكچى بـولىدۇ. تۇڭغا قاچىلانـغان ئۇچەيلەرنى سودىگەرلەرگە باھالاپ سېتىپ ھەر تـۇڭدىكى ئـۇچەينى 1000 تالدىن ھىساپلاپ ئوتكۇزىدۇ. ئەمما سودىگەرلەر تۇڭدىكى سان توغرا چىقماي قالامدىكىن دەپ قورقۇشۇپ ھەممە تۇڭلارنى‌ئېچىپ ساناشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئېچىپ قارىغىدەك بولسا، تۇڭدا ئۇچەيدىن باشقا، خېلى جىق مىقداردىكى كېپەك ئالتۇن ۋە بوـ كەن مۇڭگۇزى چىقىدۇ. بۇنى كورگەن شىڭ‌شىسەي كېپەك‌ئالتۇن بىلەن بوكەن مۇڭگۇزىنىـڭ بىر قىسمىـنى ئەسكەر باشلىقلىرىغا ئىنئام قىلماقچى بولىدۇ. بەزىلەر تۇرۇپ: كېپەك ئالتۇننى‌ئېلىپ يۈرۈش تەسىرەك، ئۇنى باھالاپ بەلگىلەپ سېتىۋەتسەك دەيدۇ.

شۇ چاغدىكى بازار باھاسى بويىچە، ھەر بىر سەر كېپەك ئالتۇن 80 سەر ئۆلكە پۇلى بولاتتى. شىڭشىسەي يەنە: كېپەك ئالتۇن ئالغۇسى كەلگەنلەرگە كېپەك ئالتۇن بېرەيلى، ئالمىغۇچىلارنىڭ ھەر بىر سەرىگە 90 سەر ئۆلكە پۇلى بېرەيلى‌دىدى. بوكەن مۇڭگۇزنى ھەربى ئۇنۋانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر جۈپتىن، بىر تالدىن بېرىلگەنلەر بولدى. قالغان بوكەن مۇڭگۈزنى كېپەك ئالتۇننى شىڭشىسەي ئۆزى ئالدى. قوي ئۈچەيلىرىنى بولسا، ساناپ چىقىپ، سودىگەرلەرگە سېتىۋەتتى، ئۇنىڭ پۇلىنى پۈتۈنلەي ئەسكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردى. چاغان‌ئۇدكەندىن كېيىن، شىڭشىسەي قومۇلغا ياندى.

## ( 8 )

ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماشىمىڭ قومۇلدىن تۇرپانغا كەلگەندە، تۇرپاندىن مەخمۇت مۇھىتى قوزغۇلۇپ ئاۋالقى شەنجاڭ تۇڭ - جۇڭلىن بىلەن باتالىيون باشلىقى لى XX نى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شىڭشىسەي تاغدىن قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرپان، پىچاندىن كەلگەن جىددى تېلېگىراممىلارنى كورۇپ شۇڭفايۇ تۈەنجاڭنى ئۈرۈمچىگە ئېۋەتىپ، تۇرپان، پىچاندىن ئوتكەندە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلايدۇ. شۇڭفايۇ تۇرپاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرىغا ئىگە بولىدۇ. لى يىڭجاڭ ھەم سېپىل دەرۋازىسىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. شۇ چاغدا شۇڭفايۇنىڭ مەرەملىرىدىن بىرسى: شەھەرگە كىرمەيلى خەۋپ باردەك تۇرىدۇ، دىگەندە شۇڭفايۇ ئۇنىڭغا: ئۇيغۇرلارنىڭ



**قارشى** ئالغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ يوق؟ ئويلاپ بېقىش كېرەك. ئەمما لى يىڭجاڭنىڭ قارشى ئېلىپ چىققىنىغا قارىغاندا، بۇيەردە چاتاق يوق ئوخشايدۇ دەپ تۇرپان شەھىرىگە كىرىدۇ. ئۇلار شەھەر ئىچىگە كىرگەن ھامان دەرۋازىنى ئېتىپ شۇڭفايۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېتىپ تاشلاپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. ئاڭلىشلارغا قارىغاندا شۇڭفايۇنىڭ تىلىنى كېسىپ، كوزىنى ئويۇپ، ناھايىتى دەھشەتلىك ئولتۇرگەنمىش. قانخورلۇق قېنىغا سىڭگەن، ئىككى قولى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللاتنىڭ مۇشۇنداق ئولۇشى گۇناھىغا لايىق بولغان ئىدى.

جىن شۇرېن شۇڭفايۇنىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قومۇلدىكى شىڭشىسەيگە تېلېگىرامما يوللاپ، تۇرپانغا قايتىپ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغىن دەپ بۇيرىدى. شىڭشىسەي تۇرپانغا كەلگىنىدە، مەخمۇت مۇھىتى ئاستانىغا، ماشىمىڭ قارا شەھەرگە ئىنكىۋەتكەن ئىدى. دەل شۇ مەزگىل ئۈرۈمچىدە چوڭ كوۋرۇك ۋەقەسى يۈز بەردى. جىن شۇرېن شىڭشىسەيگە دەرھال ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەل دەپ تېلېگىرامما يوللىدى. تۇرپان ۋەقەسى شۇ ھالەتتىلا قېپقالدى.

## ( 9 )

ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا، يەنى: ھازىرقى شىنجاڭ خۇابېيلۇدىن خوڭشەنزۈيگىچىلىك ئارىلىقتا ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ مۇتلەق كوپچىلىكى خۇيزۇلار ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئاھالىلەر رايونىدا نۇرغۇن تۈگمەنلەر بار ئىدى. 1932 - يىل قىشتا، نەن-

سەندىكى ماچۇەنلۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى ئەتراپى، مىچۇە
ئەتراپىنىڭ چاڭسەنزە دىگەن جايلىرىدىكى دىخانلارنى ھەيدە
كېلىپ ئۈرۈمچى چوڭكوۋرۈك ئەتراپىدىكى خەلق ئارىسىغا جا
لاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگىدەك ئۈرۈق - تۇققان جە
مەتلىرى بار.

ماچۇەنلۇ ساگفاڭكۇغا كەلگەندە ئۈرۈمچى شەھرىدىكى خەل
ناھايىتى دەككە - دۇككىدە بولۇشتى. ئۈرۈمچى شەھرىدە جى
شۇرېننىڭ ئاز ساندىكى «خەلق ئەسكەرلىرى پولكى» بىلە
10 ئورۇندىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ روتىسى بار ئىدى، چوڭكوۋ
رۈك ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئۆزگۈرۈشلەرنى جىن شۇرېن ھوكۈمە
تىنىڭ دائىرىسىدىكىلەر: گەرچە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى مىچۇەن
دىكى ئىسيانچى خەلق بىلەن بىرلىشىپ چوڭكوۋرۈك ۋە ئۈرۈ
چى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئورۇنلىشىۋالدى. كەلگۈسىد
چوڭ كوۋرۈكتىن نەنگەنگە كېتەيسە ئۈرۈمچى خەۋپ ئاستىدا قا
لىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى يوقۇتۇۋېتىش كېرەك دىگەن قا
رارغا كېلىدۇ- دە. ئەسكەرنى 3 يولغا بۆلۈپ تازىلاش ئۈچۈ
چىقىدۇ، بىرىنچى يولدىن چىققان خەلق ئەسكەرلىرى كېتىۋات
قاندا بىر ئۆيدىن ئوق ئېتىلىپ خەلق ئەسكەرلىرىدىن بىرس
ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاخالغا كىرىسىن چېچىپ ئۈرۈمچ
چوڭ كوۋرۈكتىكى ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويىدۇ. بىردەم
نىڭ ئىچىدىلا ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ خەلق تىگىش
لىك نەرسىلىرىنى ئېلىپلا قاچىدۇ. ياشلار ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىم
قوشۇلىدۇ، قېرىلار، ئاياللار خۇگسەندىكى بۇتخانا تەرەپكە قاچىد
ئىككىنچى يول بىلەن كەلگەن پەۋقۇلئاددە روتا چوڭ كوۋرۈكتىۋ
كەلگەندە ئىسيانچى خەلق بىلەن دۇقۇرۇشۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ



ئۇرۇشتا روتا باشلىغى جاڭكەي يارىدار بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ-
چىنچى يول بىلەن كەلگەن ئورۇس ئەسكەرلەرمۇ چوڭ كوۋرۈككە
كېلىدۇ. مۇشۇ ئۈچ يولدىن كەلگەن قىسىملار چوڭ كوۋرۈك ئەت-
راپىدىن قېچىپ چىققان ئەر- ئايال، ياش- قېرى ئاممىنى پۇ-
تۇنلەي قىرىپ تاشلايدۇ. خەلقنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ تاما-
مەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. مانا بۇنى چوڭ كوۋرۈك ۋەقەسى دەيمىز.

كونىچە بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بولاي دىگەندە
ھاۋا ئاستا- ئاستا ئىسسىدى. چوڭ كورۈكتە ئۆلگەن ئادەملەر-
نىڭ ئۆلۈكلىرى كومۇلمىسە، مەلۇم كېسەل ئاپىتى پەيدا بولۇشى
تۇرغان گەپ ئىدى. ئۆلكىلىك فىرقىدىكى گۇڭ بېيچىڭ بەي يۈيشيۇلار-
نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، قىزىل كىرېست جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ،
جەسەتلەرنى كومۇش ئىشلىرىنى يولغا قويدى. مەن ئۇ چاغدا
پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيتتىم، لى شياۋشيا،
ۋاڭجۇچېڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىشچىلارنى باشلاپ، قىزىل
بايراقنى ئېگىز كۆتەرگەن ھالدا خۇگسەنگە قاراپ كېتىپ بارغى-
نىمىزدا لالما ئىشتلارنىڭ ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ يۈرگەنلىرىنى
كوردۇق، قولىمىزدىكى گۈرجەك بىلەن بىر تەرەپتىن ئىشتلارنى
ئۈرۈپ تۇرىمىز، بىر تەرەپتىن مېڭىپ تۇرىمىز. خۇگسەنگە
يېتىپ بارغىنىمىزدا، ھەممىلا يەردە ئولتۇرۇلگەن ئەر - ئايال،
قېرى- ياشلارنىڭ جەسەتلىرىنى كوردۇق، قىش بولغانلىقتىن يەر-
لىك كولاش تەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئازگالغا تەخمى-
نەن 300 دەك جەسەتنى توپلاپ ئۈستىگە توپا تاشلاپ كومۇۋەت-
تۇق. پاجىئەلىك ۋەقەلەر بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالغىنى يوق.
چۈنكى بۇ قېتىم چوڭكوۋرۈك ۋەقەسىگە قاتناشقانلارنىڭ تول-

سى، چاڭ سەنزە ئەتراپىدىكى خۇيزۇ دېخانلىرى بولۇپ ئۇلار
نى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قۇتقۇرتۇپ ئەكەلگەن ئىدى. ئەتىيا
بولغاندا ئۇلار بىز دېخانلار يەر تېرىش بىلەن كۈن ئالىم
ماجۇڭيىڭ بولسا بۇ يەرنى پاراكەندە قىلغان بىلەن ئىككىنچ
بىر يەرگە كەتسىلا قۇتۇلىدۇ. بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىز بار
ئىشنىڭ مۇنداق بولىۋېرىشى ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ دېگە
تونۇشتا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن شۇرېن دائىرىلىرى بىلە
تېچلىق يولىدا كېلىشمەكچى بولۇپ باشقا ئىشلارغا ئارىلاشما
مىز، ئۆلكە تەرەپ ۋەكىل ئەۋەتسۇن سۆھبەتلىشەيلى دەپ تە
لەپ قويىدۇ. ئۆلكە تەرەپ ياڭ جېڭجۇڭنى مەسئۇل قىلىپ ۋە
كىل ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاس
تىدىكىلىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبە
ئۆتكۈزۈۋاتقان مىچىتنىڭ ئۇپچۆرىسىگە يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرىد
ئۆلكە تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى مىچىتكە كېلىپ سۆھبەتلىشىۋاتقا
چاغدا، ھېلىقى يوشۇرۇنۇۋالغانلار بىردىنلا ئوق چىقىرىپ ۋەكىل
لەرنى شۇ مەيداندىلا ئېتىپ، ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلكە تەرەپ ۋەكىللە
نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشنى مەخسەتلىك قويۇلغا
تۇزاق ئىكەن دەپ تونۇپ، دەرھال ئەسكەر ماڭدۇرىدۇ: بۇ ئە
كەرلەر شۇ جايدىكى دېخانلارنى ئاق قارىسىغا قارىماستىن، ئ
تۇپ باغلاپ بىر خامانغا جەملەپ ئەتراپىغا پاخال تۆپلاپ ئو
قويۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ يوشۇرۇنغان ئادەملىرى ئال
قاچان تىكىۋەتكەن ئىدى. ئۆلكە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەرل
ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قايتىپ بار
غاندىن كېيىن خىزمەت كورسەتتۇق دەپ مەلۇم قىلىدۇ.



ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن ماخۇيلىڭ دېگەن بىر-
سى ئاز سانلىق ئادەم بىلەن ئالتاي، چۆچەكلەرگە بېرىپ ھەر-
كەت قىلىپ باقسىمۇ نەتىجە چىقىرالماي، يېڭىشىدا شىخودىن ئۆ-
تۈپ ماناسقا كېلىۋاتقاندا قۇتۇبىنىڭ شەنجىڭى خۇشۇكاڭ خەلق
ئەسكەرلىرىنىڭ تۇەنجاڭى يىڭشىڭشۇ دېگەنلەر، ماخۇيلىڭ قۇتۇ-
بىگە كېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇلارنى قۇتقۇرتۇپ ئىسيان
كۆتەرگىدەك دەپ ئاڭلاپ يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇلارنى قىرىپ
تۈگۈتۈش ياكى ياشلار بىلەن ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنى قىرىش ئا-
ياللار- ئۇششاق باللارنى قالدۇرساق ماخۇيلىڭ كەلسىمۇ چوڭ
چاتاق چىقىرالمايدۇ دەپ ئويلىغان يىڭشىڭشۇ بەزى ئۇيغۇرلار
بىلەن بىرلىشىپ، كېچىدە يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇلار كەنتىگە
بېرىپ ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاشلىقلىرىنى پۈتۈنلەي بۇلاڭ- تا-
لاڭ قىلدى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى قانچە بۇ ھەقتە ئېنىق مە-
لۇمات يوق، ھەر ھالدا بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق بولغانلىقى
ئېنىق، شۇنىڭدىن كېيىن، سانجىنىڭ خۇيزۇلىرىمۇ قىرغىنچىلىققا
ئۇچرىدى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى قۇتۇبىدىكىلەردىن ئازراق.

ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى فۇكاڭ شەنجىڭى جۇجېنفۇڭ بارىكول-
لۇڭ ئىدى، لياڭ تۇەنجاڭ دېگەن گۇچېڭغا كېتىۋېتىپ فۇكاڭ-
دىن ئۆتكەندە جۇشەنجاڭدىن فۇكاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئەھۋالى
قانداق دەپ سوراپتۇ، جۇشەنجاڭ: فۇكاڭدىكى خۇيزۇ- خەنزۇلار
ئوبدان چىقىشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، بىرەر مەسىلە چىقسا پۈتۈنلەي
مەن مەسئۇل، چاتاق چىقمايدۇ، قىرىپ- چېپىشنىڭ ھاجىتى يوق
دەپتۇ، لياڭ تۇەنجاڭ: ئەگەر سىز جاۋابكار بولۇپ ھېچقانداق
ئىش يوقلىغىغا كاپالەتلىك قىلالىسىڭىز بوپتۇ، دەيدۇ. لياڭ تۇەن-

جاڭ يولغا زىمچۇەنزىگە بېرىپ يوقلىما قىلسا بىر ئادىمى يوق بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ئادەمنى كېچىچە ئىزدەپ ئۇگۇگلىياگزا دىگەن جايدىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئولۇگىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ ملتىغى بىلەن ئېتىپ يوقىتىش، لياڭ تۇەنجاڭ بۇ يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق ئادەملەر كىملەر دەپ سوراپتۇ، بەزىلەر: كوپچىلىگى خۇيزۇلاردەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چېپىڭلار- قىرىڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ، بۇ ۋاقىت تاڭ ئاتقان چاغ بولۇپ بەزىلەر بامدات ناماز ئوتەۋاتقان ئىكەن. لياڭ ×× دەرھال مچىتنى قورشاپ ناماز ئوتەۋاتقان خەلقنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن كەنتكە بېرىپ يەنە بىر مۇنچە ئادەمنى قىرىپتۇ، بۇ يەردە ئولتۇرۇلگەنلەر 100 دىن ئارتۇق، ۋەقەدىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، لياڭ ××نىڭ ھېلىقى ئولگەن ئەسكىرىنى دىڭفايۇ دىگەن پومىششىك يوليورۇق كورسۇتۇپ ئولتۇرتكۇزگەن ئىكەن. لياڭ ×× ئۇگۇگلىياگزىدىكى خۇيزۇلارنى قىرغاندىن كېيىن جولۇڭگەيدىكى خۇيزۇلار قورقۇنچىدا گۇچۇڭ تەرەپكە كەتكەن.

## خاتىمە

بۇ ماقالىنى يېزىشتا گۇدې، ۋېنئاۋ، ۋاڭئىنرۇڭ، جاڭ تۇگجۇ قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىنى ئالدىم، ئۇلار شۇ چاغدىكى بەزى ئەھۋاللارنى سوزلەپ بەردى، لېكىن ۋەقەلەرنىڭ جەريانىغا 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئوتكەچكە، بەزىبىر ئەسلىمىلەرنى ئاساس قىلغان بىلەنمۇ خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ تولاراق يوليورۇقتا بولۇشىنى ئۇمىت قىلىمىز.



# گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىدىن پارچىلار

گۇڭ بىيچىڭ

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا قىلغان بەزەن ھەركەتلىرىگە مەن بىۋاستە قاتناشقان. قىسمەن ئىشلارنى نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىدىكى بەزەن كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش جەريانىدا ئىگەللىدىم، چەتتىن ئىگەللىگەن ئەھۋاللارمۇ بار. بايان قىلىشقا ئۇڭاي بولسۇن ئۇچۇن جىن شۇرېن دەۋرى، شىڭ شىسەي دەۋرى دەپ ئىككىگە ئايرىدىم، ئارىلىقتا ئۇزۇن ۋاقىت ئوتكەنلىگى ئۇچۇن ئېسىمدە تولۇق قالمىغان ياكى خاتا جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، توزۇتۇپ پايدىلىنىشىڭىزلارنى ئۇمىت قىلىمەن.

## جىن شۇرېن دەۋرى

### دەسلەپكى سىناقلار ( 1 )

دەسلەپ ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ توغرىسىدا ئاز بىلەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى ياڭ زېڭشىن

نەتىجىدە ئىش باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىدى. چيەن تـۇ
ۋە جاڭ فېڭجيۇ ئىسىملىك ئىككى ۋەكىلى تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن
ئۆلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن تەختكە چىقتى. چيەن تۇڭگەنلە
جىن شۇرېن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن ئىستىپا سوراپ
بوشاندى. جاڭ فېڭجيۇ ئۆز خىزمىتىدە قالدى، جاڭ فېڭجيۇ
قورچاق قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە نەنجىڭدىكى
شىنجاڭ بېنسىچۇ ( ئىش باشقۇرۇش ئورنى ) نىڭ مائاۋىن
باشلىقى ئىدى. گومىنداڭ شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئەھۋالىنى
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالاقىلىرى، باردى - كەلدى تېلېگ
راممىلاردىن تولىراق جاڭ فېڭجيۇدىن ئىگىلەيتتى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ گەرچە شىنجاڭغا
بىر مەزگىل كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
كارى بولمايمۇ تۇرمىدى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلۈشى، ئانچە چو
تەۋرىنىشلىقتا سەۋەپ بولمىدى. نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ئەكسى
يەتچى ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئارىلىق يىراق بولغاچقا
تېچ بولسىلا شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇش ھاجەتسىز
ئىدى. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا ئەسكەر
ئەۋەتىشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئەسكەر ئەۋەتىلمىگەن
تەقدىردە شىنجاڭنى قولدىن چىقارماسلىق زورۇرلىكىنى بىلەتتى
شۇ چاغدىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىنىڭ ئورنىغا
جىن شۇرېننى تەيىنلىدى. لېكىن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش مەسىلىسىدە
باشقىچە يول تېپىش زورۇر دەپ قارايتتى، شىنجاڭنى پەيدىن
پەي كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئاۋال گومىنداڭ فىرقىسىنى



قۇرۇپ، تەشكىلي خىزمەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىش
ئارقىلىق سىڭىپ كىرىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئىناۋىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى قولغا
كىرگۈزمەكچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ 1929 - يىلى
لومبيخۇەن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ ھەيئەت
ئەزالىرىنى تەيىن قىلىپ، شىنجاڭغا بېرىشقا جىددى ھازىرلىق
كۆردى.

ئۇ ۋاقىتتا مەن نەنجىڭدىكى شىنجاڭ ئىشلىرى باشقارمىسىدا
كاتىپلىق قىلاتتىم. لومبيخۇەن قاتارلىقلار، شىنجاڭ فىرقىسىنىڭ
ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىن قىلىنغاندىن كېيىن، «مەركىزى فىرقىدا»
ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىم ۋاڭ زېڭشەن ماڭا كېلىپ (ئۇ شەن-
دۇڭلۇق خۇيزۇ) ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ ھەيئەت
ئەزالىقىغا تەيىن قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى
ئەھۋالىدىن تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى. شۇ كۈنى ئاخشىمى
جاڭ فېڭجيۇ ماڭا: گومىنداڭ شىنجاڭغا بارىدىغان بىر تۈركۈم
فىرقە ھەيئەتلىرىنى تەيىن قىلدى. بىراق ئۇلار باشقا ئۆلكىنىڭ
ئادەملىرى بولغانلىقتىن، شىنجاڭ توغرىسىدا ھېچ نەرسە چۈشەن-
مەيدۇ. ئۇلار شىنجاڭغا بارسا چوقۇم مەسىلە چىقىدۇ. جىن شۇرېن
قوشۇلماسلىقى مۇمكىن دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. مەن ئۇنىڭغا
ساۋاقدىشىم ۋاڭ زېڭشەن مەندىن شىنجاڭنىڭ خېلى ئەھۋالىنى
ئىگىلىدى. بەلكى ئۇ تۈركۈمگە بىرىپ ئوقۇغان چاغلىرىدىمۇ
بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان بولىشى ئېھتىمال ، دېدىم.
جاڭ فېڭجيۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ فىرقە قۇر

ھاقچى بولغانلىقىنى ئېلىپگىراما ئارقىلىق جىن شۇرېنغا مەلۇم قىلدى، جىن شۇرېن گومىنداڭنىڭ مەركىزىي فىرقىسى بىلەن نەنجىڭدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتكە ئېلىپگىراما يوللاپ بۇ ئادەملەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرى تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭلىق ئەمەس. بەلكى شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان، يەرلىك ئەھۋالدىن قىلچە خەۋىرى يوق، شىنجاڭدا مىللەتلەر مۇرەككەپ، ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئادەملەر شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىسە چوقۇم مەسىلە چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىشى „فىرقە“، „دۆلەت“، يەرلىك جاي ۋە خەلق ئۈچۈن زىيانلىق، ئويلىشىپ كۆرۈپ مۇۋاپىق ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز، بولمىغۇر ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالسا، يىغىشتۇرۇش قىيىن بولىدۇ. مەن بۇ جاۋابكارلىقنى كۆتۈرەلمەيمەن، دېدى. شۇڭا، گومىنداڭ مۇبادا ئادەملەر بارغاندىن كېيىن، راستىنلا مەسىلە چىقسا، ئارىلىق يىراق بولغاچقا دەرھال چارە قوللىنىشقا ئۈلگۈرمەي قالىدۇ، دەپ ئەسلى ئەۋەتمەكچى بولغان ئادەملەرنى توختىتىۋالدى. ئەمما گومىنداڭ يەنە ئادەم تەيىنلەشنى تاشلاپ قويغىنى يوق.

ئۇ چاغدا گومىنداڭ مەركىزىي فىرقىسى تەشكىلات بۇسىغا ئاكا ـ ئۇكا چېن گوفۇ، چېن لىفۇلار مەسئۇل ئىدى. شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان ئادەملەر جىن شۇرېن تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار بوشاپ قالماستىن جاڭ قېيچىيۇغا: شىنجاڭلىق سۈپىتىدە شىنجاڭغا قايتىپ فىرقە ئىشلىرىنى باشقۇرساڭ دەپ تەكلىپ قويدى. شۇنىڭدەك بىر نەچچە ئادەم



قوشۇپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتۈرمەكچى بولدى. بۇنداق قىلىش „مەركەز“ ئادەم تەيىنلەپ، يەرلىكنىڭ ئادەم چىقىرىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. لېكىن جاڭ قېيچىيۇ بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا فىرقە خادىملىرى ئەۋەتىش ئىشى كۆرۈنۈشتە ۋاقىتىنچە توختاپ قالدى.

## (2) يەرلىكنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ فىرقە خادىملىرىنى باشقىدىن تەيىنلەش

گومىنداڭنىڭ ساپ ئىچكىرىلىكتىن شىنجاڭغا ئادەم تەيىنلەش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن جىن شۇرېن بىلەن بىر قانچە نۆۋەت مەسلىھەتلىشىپ، يەرلىكنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، „ئارىلاش گۇرۇپپا تەشكىل قىلىغان“ ھالدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى جىن شۇرېن، باش كاتىپ لۇشياۋزۇ، مالىيە نازىرى جۇرۇيشى ۋە ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ياشلاردىن گۇڭ بىيچىڭ، بەيپۇيشىيۇ ۋە گومىنداڭنىڭ مەركىزىي سىياسىي مەكتىۋىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن گەنسۇلۇق لى چيا، ساۋچىۋېنسەنلەرنى شىنجاڭدىكى فىرقە ئىشلىرى پەۋقۇلئاددە ھەيئەتلىككە تەيىنلەپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىنى قۇرماقچى بولدى. ئەھۋالنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق ئىدى: ئاكا ـ ئۇكا چېنلەر شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ فىرقە قۇرۇش توغرۇلۇق جىن شۇرېنغا ھەدەپ ئېلىپگىراما يوللاپ ئۈزلۈكسىز جىكىلەپ تۇردى، جىن شۇرېن ئۇلارغا ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنى شىنجاڭلىق بولسۇن ياكى شىنجاڭ

ئەھۋالىنى چۈشۈنىدىغان كىشىلەردىن بولسۇن دېگەن شەرتتە چىلا تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشى تۈگىمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەپچىل چارە قوللىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىدىن 3 - 4 كىچە ئادەم كورسۇتۇش، ئاندىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 4 - 5 ئادەم كورسەتسە، «مەركىزى فىرقە» ئويلۇشۇپ بېكىتىپ تەيىنلەيدىغان بولدى. مەن بىلەن بەي يۈيشيۇنى 2 - شەرت بويىچە ئېتىراپ قىلىپ ئېلان قىلدى. مەركىزىي سىياسىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لى چيا، ساۋچېيۇئىلار جىن شۇرېن، لۇشياۋزۇلار بىلەن يۇرتداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئاكا - ئۇكا چىنلەر ماقۇل كېلىشى تەبىئى ئىدى. مەن بىلەن بەي يۈيشيۇ يۇقۇرى تەلىم - تەربىيە ئالغان ياشلاردىن بولغ نىمىز ئۈچۈن ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆزىگە تارتىپ پايدىلىنىشى، يالاقچىلىرى قىلىۋېلىشنى ئويلايتتى، كېيىن بىز ۋاقىپ بولدۇقكى ئاكا - ئۇكا چىنلەر لى چيا بىلەن ساۋچېيۇنلەرنى شىنجاڭغا ئېۋەتىپ ئۇلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆز كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولغان ئىكەن. ئۇلار جىن شۇرېن، لۇشياۋزۇ، جۇرۇيشىلەرنى يامانلاپ قالدى، شىنجاڭدا ئۇزۇن ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ دەپ قارايتتى، شىنجاڭدىن كورسۇتۇلگەن بۇ ئادەملەر ئاكا - ئۇكا چىنلەرنىڭ، گەرچە ئۆز ئادەملىرى بولمىسىمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئادەملەر دەپ قارايتتى، شۇڭا بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى چاپسانلا ئېلان قىلدى.

بىزنىڭ شىنجاڭدا فىرقە خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغان ھۆقۇق ئادەم ھەيئەتلەردىن بولۇپ تەيىنلىنىشىمىز، جىن شۇرېنگە نىسبەتەن



ئېيتقاندا كوڭۇلدىكىدەك ئىش بولدى. فىرقە خىزمىتى ئاتاقتىلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يوق ئىدى. بۇ ياشلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەركەزدىن يىراق ئىكەنلىكىنى بەلكى «ئاسمان ئېگىز - پادىشاغا يىراق»، بولغانلىقتىن فىرقىنىڭ ۋۇجۇدىنى چېقىپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ھىس قىلىشتى.

بىز فىرقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەيئەتلىكىگە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پات ئارىدىلا شىنجاڭغا ماڭىمىز دەپ ئويلايتتۇق. جاڭ فېڭجيۇ بىزگە: «مەركەز» بىزنى «فىرقىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك، مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا» قاتناشقاندىن كېيىن ماڭساڭلا دەيدۇ دېدى. بەي يۈيشيۇ بىلەن مەن گومىنداڭنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئايرىم ھالدا چېن گوفۇ ھەم چېن لىفۇلەر بىلەن كورۇشتۇق. چېن گوفۇ بىلەن كورۇشكەندە ئۇ بىزگە پەقەت بىر نەچچە ئېغىز رىغبەتلەندۇرۇش گەپلىرىنى قىلغان بولدى. چېن لىفۇ بىلەن كورۇشكىنىمىزدە، ئاۋال بىزگە جىن شۇرېن بىلەن مۇناسىۋەتلىرىڭلار قانداق دەپ سورىدى. بىز تونۇشمايمىز دېدۇق، ئاندىن ئۇ، شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىش ئوڭاي ئەمەس. سىلەر شىنجاڭلىق بول- ساڭلارمۇ، ئېھتىيات قىلىڭلار، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچىدە ئەكسى تەسىر قوزغىماڭلار، ھەر ئىشنى با مەسلىھەت ئىشلەڭلار، جىن شۇرېن قاتارلىق قىرلارغا نىسبەتەن پىرىنسىپال بولمىغان مەسىلىلەردە يول قويۇڭلا، ھەر قانداق ئىشتا ئالدىر- راقسان بولماڭلا. بىر - بىرىڭلارغا قېيىدىشىپ يۈرمەڭلار، كەل- گۈسىدە شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغانلار، ئەمەلىيەتتە سىلەر

تۇرتۇڭلا بولسىلەر، شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، قىيىنچىلىقلار بولسا خەت يازساڭلار ئىلاج قىلىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىڭلار، ياشلارنى ئىگەللەڭلار، ياشلار بىزنىڭ دەسمايىمىز، ئۇلارغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، لىچيا، ساۋچۇيىلەر بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭلار، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ۋاقىپلاندۇرۇڭلار، — دېدى.

شۇ چاغدا قۇمۇل ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلار جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىقىپ قۇمۇل، بارىكۆل ئەتراپىدا ھەركەتلىنىۋاتاتتى، بىز شىنجاڭغا بېرىش ئۈچۈن قۇمۇلدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بېرىشىمىز لازىم. سەپىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى توغرۇلۇق، تەۋەككۇل قىلىپ، مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەنجىڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت جىن شۇرېننى شىنجاڭنىڭ رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىيە دۇبەنلىككە تەيىنلەپ ئېلان قىلدى. ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىدىن سېتىۋالغان سىمسىز رادىيو ئۈسكۈنىلىرىنى شىنجاڭغا ئالغاچ كېتىشنى بىزگە تاپشۇردى. يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ئالتۇن كانىنى ئېچىش ئۈچۈن تېيەنجىندىن تەكلىپ قىلىنغان ۋۇ ئەيچېن ئىسىملىك مەسلىھەتچىمۇ بىز بىلەن بىللە ماڭماقچى ئىدى. شۇڭلاشقا، بىز جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى گۇاڭ لۇ (شۇ چاغدا نەنجىڭدە ئىدى) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن، نەنجىڭدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، يەرلىك ئەھۋالنىڭ



ئۆزگىرىشىنى بايقاپ، ئاندىن بىر قارارغا كەلمەكچى بولدۇق. قۇمۇل «قوزغىلىڭى» بىر مەزگىل بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، «مەركىزىي فىرقە» بولسا، ھەدەپ بىزنى مېڭىشقا ھايدايتتى، شۇنىڭدەك بىزگە بىر قىسىم رادىيو ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ كېتىشنى بۇيرىدى، شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئىچكىرى جايلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرالايسىلەر دەيتتى. بىز جاڭفېڭجيۇ، گۇاڭ لۇلار بىرگە شىنجاڭنىڭ يول مەسىلىسىنى بىر نەچچە نۆۋەت مەسلىھەتلىشىپ سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا بېرىشنى قارار قىلدۇق.

(1) ئۇ چاغدا جۇڭگو – سوۋېت ئالاقىسى ئەسلىگە كەلمىگەن ئىدى. چەتئەلگە چىقىدىغان پاسپورتنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىۋاستە باشقۇرۇپ قول قويۇپ بېرەلمەيتتى؛

(2) بىز فىرقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەيئەت ئەزالىق سالاھىيىتىمىزنى ئاشكارا قىلىشقا بولمايتتى.

«مەركىزىي فىرقە» بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ياپونىيە شىنخۇدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىمىزغا قول قويدۇرۇپ دىپلوماتىك خادىملەر سالاھىيىتىدە ماڭماقچى بولدۇق. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىشقا توغرى كەلدى؟ بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىمكى: (1) شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىدا يېقىن جايلاردىكى مىللەتلەر بىلەن تارىختا زېمىن ئۆزگىرىشلىرى تۈپەيلىدىن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن؛ (2) شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىدا يېقىن جايلىرىغا بېرىش – كېلىش قىلىدىغانلىقتىن؛ (3) شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى سودا مۇناسىۋەتلىرى قويۇق بولغانلىقتىن تاشكەنت، ئەنجان، شەمەي، ئالمۇتا، زايسان

قاتارلىق جايلاردا 5 كونسۇلخانا تەسىس قىلىنغان ئىدى، بۇ جايلارغا جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك خادىملىرىنىڭ بېرىش-كېلىشى ئىشلىرى قويۇق بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ دىپلوماتىك خادىملار سالاھىيىتىگە كىرىپ سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدۇق.

## سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگىچە

مەن، گۇاڭ لۇ، بەي يۈيشۇ، ۋۇئەيچىن تورتىمىز 1932-يىلى 12-ئاينىڭ باشلىرىدا گوۋانامىلىرىمىزغا قول قويدۇرۇپ ھىنخۇدىن پاراخوتقا چۈشۈپ ۋىلادىۋوستوكقا ئۇ يەردىن تۈركسىبۇ تومۇر يولى ئارقىلىق چوچەك ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق.

بىز ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا زېمىنىگە قەدەم قويۇپ، دولەت مۇداپىيەمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چەكسىز خورسۇندۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا زاستاۋلىرىدا، بىردىن چوڭ رادىيو ئىستانسىسى، قاۋۇل مۇداپىيە قىسىملىرى بار بولۇپ چېگرانى تىنىماي چارلاپ-چوگۇلەپ يۈرەتتى، بىزگە ئوخشاش چېگرىدىن چىقىدىغانلارنى، گەرچە گوۋانامىلىرىمىز بولسىمۇ، يۇقىرى ئورۇنغا مەلۇم قىلىپ ئاندىن ماڭغۇزاتتى. بىز ئۆز چېگرا مۇداپىيە جايىمىزغا يېتىپ كەلسەك چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنى كورگىلى بولمىدى. چېگرا قىسىملىرىمىزنىڭ شتابىغا يېتىپ كېلىپ، ئاپتو ماشىنا بىر نەچچە قېتىم سىگنال بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئادەم پەيدا بولدى، ھەممە ئادەم ئۆي ئىچىدە ئوت



سۇنۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، 10 نەچچە ئاۋارە چېرىكلەرنىڭ تولىسى ئەپيۇنكەشلەر ئىدى. ئۇلار تىتىرەپ تۇرۇشاتتى، ئۇلاردا دولەت مۇداپىيىسى ۋە سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچقانداق ساۋات يوق ئىدى. ئوينىڭ تاملىرىدا بىرەر ھەربىي خېرىتە ياكى ئادەتتىكى خېرىتىمۇ كورۈنمەيتتى. ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ۋە ئەپيۇننىڭ قويۇق ئىس پۇراقلىرى ئىچىدە مەس بولۇپ ياتسا كېرەك.

بىز چوچەككە كەلگەندىن كېيىن ۋالىيلىي خەيرۇنىڭ شەرق تەرەپكە يوتكۇلۇپ „باندىتلارنى تازىلاش“ ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى گۇيچاڭ ئەترابىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى ئۇقتۇق، بىز چۈشكەن ئوينىڭ ئىگىسى جوڭ دىخۇادىن ئوقۇشىمىزچە، شەرقتىكى ۋەقەنى ئوزىمىز كەلتۇرۇپ چىقاردۇق، ھەدەپ „يوقىتىمىز“ دېگەن بىلەن پايدىسىز دېدى. يەرلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ بۇنداقلىقىغا نارازى بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالمايتتى.

ئىگەللىشىمىزچە جىن شۇرېننى شىنجاڭدىكى فىرقە ئىشلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەيئەت ئەزاسى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئولكىلىك فىرقە قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ناھىيىگە ناھىيىلىك فىرقە ھەيئەتلىرى تەيىنلەپ، فىرقە خىزمىتىنى قانات يايغۇزغان، تەيىنلەنگەن ناھىيىلىك ھەيئەتلەرنىڭ تولىسى، شىنجاڭ رۇسچە سىياسى - قانۇن مەكتەپ دارىلمۇئەللىمىن، ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇلار ھەر ئايدا نەچچە ئون سەرلەپ كومۇچ پۇل ئېلىشىپ، ئەتىدىن

كەچكىچە قىلىچە ئىشى قىلماي يۈرىشەتتى، بەزى چاغلاردا نەنجىڭدىن ئېۋەتىلگەن ئالاقىلارنى كورۇپ قوياتتى، ئادەتتىكى چاغلاردا ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە بېرىپ قويۇشاتتى، ھەر قانداق يىغىن زىيابەتلەرگە قاتنىشىپ ئوزىنى كورسۇتوپ، غادىيىپ يۈرۈشەتتى، جىن شۇرېننىڭ بۇ ئادەملەرنى ناھىيىلەرگە ئېۋەتىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئۇلارنى ئىشلەۋاتىدۇ دېگەننى كورسۇتەتتى.

## (4) ئۈرۈمچىگە دەسلەپ كەلگەندە

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈلكىلىك فىرقىگە چۈشتۇق. ئەيتىشلارغا قارىغاندا بۇ جاي ئىلگىرى ئۈلكىلىك كېڭەشنىڭ كونا ئورنى ئىكەن. ئۈرۈمچىگە كېلىپ دەسلەپكى بىر نەچچە كۈنگىچە، شىنجاڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھەيئەتلىرى، نازىرلار، بولۇم باشلىقلىرى، ھاكىملار ۋە يەرلىك مۇتىۋەر زاتلار، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ پەيتە قىلدى، جىن شۇرېن بىلەن بىر قېتىملا كورۇشتۇق، چۈنكى شەرقىي تەرەپتە ۋەزىيەت جىددى بولغانلىقتىن ئۇ ئالدىراش ئىدى. بىز بىلەن كورۇشۇپ ئىچكىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئازىراق سوزلەشتى، فىرقىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئانچە كارى بولمىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن نۇرغۇن ئادەملەر بىز بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايتتى، دەسلەپكى چاغدا ھەممىسى كىلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، بىز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئوزىمىز بېرىپ كورۇشتۇق. يەرلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئەترابلىق سەممىي ئەھۋاللاشتۇق، بەزىبىر ئىدارىدىكى ياشلار ۋە مەكتەپ



ئوقۇغۇچىلىرى كېلىپ، بىز بىلەن خوشال مۇڭدىشاتتى، بىزدىن خېلى چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن دېگىدەك بۇگۈنكى ۋەزىيەتنى كەلتۇرۇپ چىقارغانلار، جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرى ياكى ئوز يۇرتلۇقلىرى دېيىشەتتى، شىنجاڭدا سىياسىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ مۇشۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنى يوتكەش زورۇر، ئۇنداق بولمىغاندا بۇ جاي تېخىمۇ پاراكەندىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنى قوزغىلاڭ قىلىشقا مۇشۇلار ئوزلىرى مەجبور قىلدى. سوقۇشقانىسىرى ئەھۋال يامانلىشىۋاتىدۇ دېيىشەتتى. جىن شۇرېن جايلاردا قوزغىلاڭ بولغانلىقتىن يەرلىكلەرنى ئىشقا سېلىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى، ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ھوسەيىن باي، تۇرسۇن بابا دېگەنلەر بىز بىلەن كورۇشكەندە، ھوكۇمەت ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قوزغىلاڭ قىلدى دەپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق بىزلەرگىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولدى. بىز كېچە - كۈندۈز ئەندىشىدە قالدۇق، قومۇلدىكى ۋەقەنىڭ بالدۇرراق تېچلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇلغۇيۇپ كېتىشنى خالىمايمىز، ئۇلغۇيۇپ كەتكىنى زىيانلىق - دېدى.

ئاڭلىغانلىرىمىز جىق بولغانسېرى، ۋەزىيەتنىڭ شۇنچە ناچارلىقىنى، بىزنىڭمۇ جاۋاپكارلىقىمىز بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ تونۇشىمىزچە كوز ئالدىمىزدىكى ئەھۋال ئاستىدا فىرقە خىزمىتى ۋە كان ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمىلىيەتتە ئىشلەشكىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. كىشىلەرنىڭ نەپرەت قىلىدىغانلىرى جىن لاۋۇ (جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى) گاسۇي (جىن شۇرېننىڭ

غالچىسى، سۈيزاۋجى، شۇ چاغدا پولك باشلىقى ئىدى) ۋە جىن شۇرېننىڭ ئوپچۆرىسىدىكى گەنسۇلۇقلار ئىدى. بۇ ئادەملەرنى خىزمەتتىن ئېلىۋېتىشكە ياكى قوغلاپ قۇتۇلۇشقا بولمايتتى، پەقەت ئۇلاردىن ھازىرقى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن تېچلىق چارىسى قوللىنىپ، سوقۇشماسلىقنى ھەمدە ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىپ ئاچ - يالىڭاچلىقتا يۈرگەنلەرنى قۇتقۇزۇش، ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىت قىلىش ئىدى. ئاۋال ۋەزىيەت مۇقىملاشسا، ئاندىن ئىسلاھ قىلىشتىن گەپ ئاچقىلى بولاتتى. بۇنداق گەپلەرنى بىز جىن شۇرېنغا بىۋاستە ئېيتالمايتتۇق، پەقەت ئۇنىڭ قولدا تۇتقىنى مالىيە نازىرى جۇرۇيشى ۋە يۇرتدىشى ھەم ساۋاقدىشى - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىۋى لۇشياۋزۇ ئارقىلىقلا يەتكۈزەتتۇق.

## (5) بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىز

1933 - يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كېيىن شەرقىي تەرەپتىن شۇم خەۋەرلەر كەلگىلى تۇردى، تۇرپان، پىچانلاردىنمۇ جىددىي خەۋەرلەر كېلىپ تۇردى، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بولسا كېرەك، ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىپ چوڭ كوۋرۈك، خۇڭسەنزۇي ۋە جىۋجۇسەن ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلدى. بىر تۈركۈم ھۆكۈمانلار ئالاقزادە بولۇپ غەم - قايغۇدا قالدى. بىز ئۈچۈن خىزمەت باشلاش پۇرسىتى كەلگەن ئىدى. بىز سوقۇشتا ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەن خەلقنى سوقۇشتا ئۆلگەن



ئەمما ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقان ئۆلۈكلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز يۇرتىمىزنى سۆيۈشتە بىر خىل جاۋاپكارلىقىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

ئۈرۈمچى مۇھاسىرىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھۆكۈمانلار كېچە - كۈندۈز دېگىدەك شەھەر مۇداپىئەسى توغرۇلۇق مۇزاكىرىلىشىپ باشقا ئىشلارغا چولىسى تەگمىدى. ئۇ چاغدا ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە ئۆي - ماكانسىز، ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. ئۈرۈمچىدە ئاشلىق مەسىلىسى جىددىيلىشىپ تىلەمچىلەرنىڭ كۈنى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. چوڭ كوۋرۈك، خۇڭسەنزۇي، جىۋجۇسەن ئەتراپىدىكى نەچچە يۈزلىگەن جەسەتلەر ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتاتتى، لالما ئىتلار چىشلەپ سورىشەتتى، ئەگەر يەنە بىرەر ئاي ياتىدىغان بولسا چىرىپ - سېسىپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە، شۇنداقلا يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزەتتى، شۇڭا بىز مەسلىھەتلىشىپ شەپقەت تەشكىلاتى قۇرۇپ ھاياتلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇق.

بىز باشقۇرىدىغان شەپقەت جەمئىيىتى، ھۆكۈمانلارنىڭ ماقۇللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۈرۈمچى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە مەسچىتلەردىكى ئاخۇنۇملارنىڭ قوللاپ - ياردەم بېرىشلىرىگە ئېرىشتى، خەلقنىڭ ئاغرىق - سىلاقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن، كاتولىكلار چىركاۋسى بىلەن فۇيىشتاگىدىكىدىن تارقاتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلاردا

بىر قىسىم مۇرتىلىرىنىڭ كۆچى بولغاچقا، خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاسان بولدى. بىز يەنە پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دانىيېلنىڭ كىچىككىنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق، چۈنكى ئۇ ھەم ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ياردەم قىلغۇزاتتى ياكى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە قاتنىشاتتى.

بىز ھەر تەرەپنى ماقۇل قىلىپ، تەشكىللەش ئىشىنى باشلىۋەتتۇق. ئۈرۈمچى سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مياۋپېيرەن بىلەن ۋۇئەيچېنلار مەسئول بولسۇن، دەپ قارار قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ كوپچۇلۇكنىڭ ئىناۋىتىگە ئېرىشىمۇ ئېرىشتۇق، ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ دەرۋازىسىغا شەپقەت جەمئىيىتىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئاستۇق، مەجلىس ئېچىپ، خىزمەتكە كىرىشىشنى قارار قىلدۇق: (1) ئىئانە توپلاش، (2) جايلاردىكى جەسەتلەرنى كومۇش؛ (3) نەنگۇەندىكى ئۇيغۇر مەسچىتى چوڭ كوۋرۇكتىكى مەسچىت ۋە دۇڭگۇەندىكى دىخانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرىدا ئوزۇق تارقىتىدىغان بىردىن ئورون قۇرۇش؛ (4) گۇمۇدىكە ئادەم ئېۋەتىپ فۇكاڭ، سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردا خەيرى - ساخاۋەت ئۈچۈن نان ياكى جىڭ موما تارقىتىپ، ئۈرۈمچىگە كېلەلمەيدىغان مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش؛ (5) ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە ھەر بىر ناھىيە ھەم جايلاردىكى ئاممىۋى جەمئىيەتلەرگە مۇساپىرلارنى يىغىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش ھەققىدە پىكىر بېرىش، كوپچۇلۇك بىر ئېغىزدىن مياۋپېيرەن بىلەن ۋۇئەيچېننى شەپقەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىدى (1) بەي يۈيشيۇ، چاڭ ×× لەر جەسەتلەرنى كومۇشكە مەسئول قىلىندى؛ (2) ۋاڭ جۇچېڭ، دىڭ خۇيلىن، تاۋمىڭيۈي، لى شاۋشىيا، ۋاڭ خەيجۇلار ئاش - ئوزۇق باشقۇرۇشقا مەسئول قىلىندى؛ (3) جۇخەيدۇڭ، گۇڭ بېچېڭ، مياۋپېيرەن لەر، ئىئانە توپلاشقا مەسئول قىلىندى؛ (4) كىچىككىنە، مىسسىيونېر خۇجېت (ئەنگىلىز) پاپا شىبۇدېن (گېرمانىيىلىك) لەر داۋالاشقا مەسئول قىلىندى؛ (5) لەن يەنشۇ، ماخۇڭشياڭلار چەت ناھىيىلەردە ساخاۋەت تارقىتىشقا مەسئول قىلىندى.

خىزمەت باشلاندى، ئۆلكىلىك فىرقىغە كەلدى - كەتتى ئادەملەر كوپەيدى، بىر مۇنچە ئادەملەر ئۆزلىكىدىن كېلىپ خىزمەتكە قاتناشتى، ئۇنىڭدا سودىگەرلەر، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھوكۇمەت خادىملىرى بولۇپ خىزمەتنى ناھايىتى قىزغىن ھەم ئەستايىدىل ئىشلەشتى، بەزىلەر شەخسى ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتىدى. جەسەتلەرنى كومۇش ئەترىتىدىكىلەر قەھرىتان سوغۇقتا قارىماي، ئاق قار، كوك مۇز دىمەستىدىن بىر نەچچە سائەتلەپ ئىشلەشتى، سوغۇقتا قول - پۇتلىرى قاناپ كەتسىمۇ ۋاي دېمەيتتى، ئاش - ئوزۇق تەييارلاش جايىدىكى ئادەملەر ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇ كوتۇرۇپ كومۇر توشۇيتتى، ئوت قالاپ، قاچا - قۇچا يىغىشتۇراتتى، پۇل تارقىتىدىغانلار ئاتلىق، ئېشەكلىك جايلارغا بېرىپ پۇل تارقاتتى.

ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان شارائىتتا خىزمىتىمىز ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى جانلاندى، بەزىلەرمۇ مۇھاسىرە ۋاقتىدىكى قورقۇنچلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. لېكىن، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز كىشىلەرنىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى كورگەن ھوكۇمرانلار كوڭلىدە خېلىلا ئازاپلىنىش ھېس قىلاتتى. بۇخىل ئەھۋالنى بىز جۇرۇيشى ۋە جىن شۇرېننىڭ

ۋە ئەندىشىسى بىلەن بولغان سوھبەتلىرىمىزدە، ئانچە - مۇنچە سېزىۋالاتتۇق. ئەمما كۆرۈنۈشتە ئۇلار بىزنى ئاغزىدىن چۈشۈر-مەي مەدھىيىلەپ تۇراتتى.

## (6) تەشكىللىنىپ ئىلگىرىلەش

بىز خىزمەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز ئارقىسىدا، دەسلەپكى قەدەمدە ئاممىنى ئىگەللىيەلىدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ بىرقىسىم ئەمەلدار-لىرىمۇ بىزگە مايىل بولۇشقا باشلىدى. بىز خىزمىتىمىزنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مەن بەي يۈيشىيۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالاتلارنى گومىنداڭ مەركىزى فىرقىسىغا، نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش ئورۇنىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇغا ئايرىم ھالدا مەلۇم قىلدۇق. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا تەشكىللەپ، بىزنىڭ شىن-جاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشىمىز يۇرتىمىزدىكى ياشى - قېرى، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىمىز ئۈچۈن ئىگەللىگىنى كۆپچۈ-لۈكنى جاپا - مۇشەققەتتىن چوقۇم قۇتقۇزىدىغانلىقىمىزنى تەرغىپ قىلماقچى بولدۇق. ھەرقانداق مەسىلە ياكى قىيىنچىلىقلار بولسا، بىزگە ئېيتىڭلار، قولىمىزدىن كەلگىنىنى دەرھال بېجىرىمىز، مەسىلە بولسا، ھەر تەرەپلەپ ھەل قىلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىمىز، چوڭلىرىنى «مەركەز» گە ئىلتىماس قىلىپ چارە ئىزدەشتۈرىمىز دىدۇق. مۇبادا ئېغىز ئارقىلىق دېيىشكە بىئەپ بولسا قەغەز يۈزىدە ئىمزاسىز يازساڭلارمۇ بولىدۇ. پەقەت راس گەپ ۋە راس



ئەھۋال بولسىلا، بىز ھەممىنى قوبۇل قىلىمىز دىدۇق. بۇ قارارىمىزنى ۋۇ ئەيچىن بىلەن مياۋپېيرەنگە خىزمەتنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش، ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ئۆزىمىزگە تارتىپ خىزمە-تىمىزنىڭ يۈرۈشلۈك بولىشى ئۈچۈن دىگەنندىلا ئېيتتۇق، ئەسلى مەقسىدىمىزنى دىمىدۇق.

مەن ھەم بەي يۈيشىيۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىدىمىز ئەسلىدە سىياسى پائالىيەت ياكى فىرقە خىزمىتىنى ئىشلەش ئەمەس ئىدى. لېكىن يۇرتىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، «شەپقەت» جەمىيىتىنى قۇرۇشىمىز بىلەن بەزىلەرنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولىشىمىز كېلىچەكتە ھەر قانداق خىزمەت ئۈچۈن دەسمايە بولالايتتى. شۇڭا بەي يۈيشىيۇ بىلەن بۇخىل ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشنى، يۇرتىمىز ئۈچۈن جىقراق پايدىلىق ئىشلار قىلىشنى مۇزاكىرەلەشتۇق. بۇنداق قىلىش يۇرتىمىز ئۈچۈن شۇنىڭدەك ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ تامامەن پايدىلىق ئىدى. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز، شەكىلسىز ھالدا گومىنداڭنىڭ ۋىۋىسكىسىنى پاقىرى-تاتتى، ئاكا - ئۇكا جىن لەر كېلىپ بىزنى كورگەن بولسا، ھەممە بۇ، ئۇششاق غالچىلار شىنجاڭدا ئاساس يارىتىپتۇ دىگەن بولاتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆلكىلىك فىرقىغە كېلىپ، بىز بىلەن سوھبەت ئوتكۈزۈپ تۇراتتى، بەزىلەر بىزگە ئۆرۇش خەۋەرلىرىنى سوز-لەيتتى، بەزىلەر قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئوتمۈ-شىنى سوزلەپ بەرسە، بەزىلەر جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن گەنسۇلۇق يۇرتداشلىرىنى ياكى تۇققانلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئەھۋاللارنى سوزلەپ بېرەتتى، بەزىلەر شىنجاڭ قەغەز پۇلىنىڭ قىممىتى چۈشكەنلىكىنى، غەزىنىنىڭ قۇ-رۇپ قالغانلىقىنى، بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «قوزغىلاڭ» چىقار-

غۇسى يوق ئىدى، ئەمما جىن شۇرېننىڭ «يەرلەرنى ئۆزگەرتىش» بويرۇقىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققانلىقىنى دەپ بىرەتتى؛ ھەممە ئادەمدىكى ئورتاق بىر پىكىر شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھوكۇمرانلىرىغا ئىشەنمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ئۈمىت ئۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭدەك يىراقتىكى سۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالماس دېگەندەك «مەركەزنىڭ» بىر تەرەپ قىلىشىدىن كورە بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى ئۈمىت قىلاتتى.

## (7) زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى

جىن شۇرېننىڭ ئۆلكىلىك فىرقىنى قۇرۇپ بىزنى كورسۇتۇشتىكى ئەسلى مەقسىدى، پەقەت بىز شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك فىرقىگە ئورۇنلۇشۇپ ئەتىدىن كەچكىچە ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئېيىغا بىر نەچچە يۈز سەر ياكى ئۈنىڭدىنمۇ جىقراق پۇلنى ئېلىپ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىپ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارىمىز بولماي، ئاتالمىش «نازىرلار، ھەيئەتلەر»، «دارىنلارنىڭ ياموللىرىغا» قاتراپ ئويناپ - تاماشا قىلىشاق، «فىرقە دارىنلىرى» دېگەن ئەلپازىمىزنى كورسۇتۇپ ئۇلارغا يانتاياق بولۇپ، زورۇر تاپقاندا ئۇلار ئۈچۈن چوقان سېلىپ قول - چوماق بولۇپ بەرسەك، ھەتتا پۇخرانى بېسىپ، پالاقشىپ يۇگۇرۇپ، ئۇلارنى قوغداپ ئىگىز پەشتاقتا چىقىرىپ قويساق، ھالاۋەتنى ئۇلار كورسە بولماقچى ئىدى بىراق شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلى بىزنى ئۇلار بىلەن ئەكسىنچە يولدا مېڭىپ، گومىنداڭ ئۈچۈن چوقان سېلىپ



ئۇلار ئۈچۈن يول ماگماسلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇڭا ئۇلار بىزدىن ئۈمىت ئۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئاستا - ئاستا بىزدىن ئېھتىيات قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلى ئىلگىرىلەشلەر، ھەم شۇچاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، بىز ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى كۈن ساناپ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتتە ئىشلەيدىغان مېنىڭ 4 - ئىنىم ئالدىراش كېلىپ ماڭا: جىن شۇرېن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ۋىلايەت ناھىيىلىرى ھەم شىنجاڭ چېگراسىغا يېقىن 5 كونسۇلخانىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، سىلەرنى «مەركەز» ئېۋەتىپتۇ. جاڭفېڭجيۇ بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، جايلاردا قالايمىقانلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار كېلىپ تەتۈر ھەركەتلەردە بولدى، بولاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك دەپ مەخپى بويرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى كوردۇم دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلگىمىز كەلدى، ئەمما بىزمۇ ئالدىنى ئالماساق بولمايتتى. ھەممىدىن ئاۋال مەن ئۆزەمنىڭ خاتىرىلىرىمنى تەكشۈردۈم. ھەر كۈنلۈك خاتىرە قىلغانلىرىمنىڭ تولىسىغا جىن شۇرېنغا نارازىلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتى سىڭگەن ئىدى. شۇڭا ئېھتىيات قىلىپ خاتىرىنى كويدۈرۈۋەتتىم. لېكىن خىزمىتىمىزنى ئاۋالقىدەك، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيگەن يۈرگۈزدۇق، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى كېيىنرەك بىلسەك، جىن شۇرېن نەنجىڭدىكى شىنجاڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا ئورۇنباسار باشلىق قىلىپ ئېۋەتكەن ۋاڭ رۇيى، جىن شۇرېنغا تېلېگرامما يوللاپ بىزگە دىققەت قىلىشنى تاپىلىغان ئىكەن. شۇڭا جىن شۇرېن ھېچبىر ئويلاپ كورمەستىنلا، ھەممە يەرگە ئومۇميۈزلۈك مەخپى بۇيرۇق ئېۋەتكەن ئىكەن. ۋاڭ رۇيى بىر تومتۇۋاق زەھەرلىك ئەسكى ئادەم ئىدى.

نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن، جاڭ فېڭجيۇ ئۇستىدىن ھۇجۇم يۈرگۈزۈپ ئىش باشقۇرۇشى ئورنىنىڭ باشلىقى بولۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇ بىزنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياكى جىن شۇرېننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كېتىدۇ دەپ قورقۇپ مۇشۇ چارىنى تاپقان. بىز بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى جۇرۇيشىگە: ساخاۋەت جەمئىيىتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىز بۇنى ئاخىرلاشتۇرساق دەيمىز دەپ ئېيتتۇق. ھېلىگەر جۇرۇيشى قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىپ: ۋاي ئۇكۇلۇرۇم، سىلەر بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىسىلەر، راسا ئىشلەيدىغان ۋاقىتىڭلاردا نېمىشكە يىغىشتۇرىمىز دەيسىلەر؟ سىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن خېلى ئىشلارنى ئىشلەپ بەردىڭلار، دۇكاننى يىغىشتۇرىمىز دېسەڭلەر جىن جۇشىمۇ ماقۇل بولماسمىكىن! دېدى. ئاخىرى بىز جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسىنى چېكىپ كۆرسەك، ئۇ ھەم ئىشنى توختىتىپ قويۇشىمىزغا قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى راستىمۇ، يالغانمۇ ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيتتى. بىزمۇ كۆرۈنۈشتە ئىشلىگىنىمىز يوق دېگىنىمىز بىلەن دىلىمىزدا بۇ خىزمەتنى زادى بوش قويۇتمىدۇق. بىزنىڭ تونۇشىمىزچە بۇ بىر كۆرەشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. گەرچە، بىز شىنجاڭغا كېلىشتە جىن لىفۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلار بىلەن يېرىكلىشىپ قالماڭلار، دەپ تاپىلىغان بولسىمۇ بىراق بىز ۋاڭرۇيىگە باش ئەگمەسلىكىمىز كېرەك، جىن شۇرېنغىمۇ ئىگىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك دەپ ئويلاپ ھۇجۇمنىڭ نىشانىسىنى ۋاڭ رۇيى تومتۇۋاققا قاراتتۇق. بۇنداق قىلىش جىن شۇرېنغا زەربە بەرگەنلىكىمىز بولاتتى. جاڭ فېڭجيۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋاڭرۇيىگە ھەرگىز بوش كەلمەيدىغان-



لىقىنى بىلەتتۇق. شۇڭا بىز ۋاڭرۇيىنى چېقىپ خەت ئېۋەتتۇق. كېيىن بىلىشىمىزچە ۋاڭرۇيى خېلى دەككە يەپتۇ، دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئەتراپىدىكى سوقۇش يەنىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. جىن شۇرېن ھەممىگە تەڭ كېلىش ئۈچۈن «شىنجاڭدا باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىقى» ناملىق يېڭى ھىلىنى تاپتى ھەم ئۇنى قۇرۇپ قارمىقىدا 8 باشقارما قۇردى. ئۇ بىردىنلا ماڭا سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولىسەن دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بىز ئۇنىڭ ھىلە ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق. مەن جىن شۇرېننىڭ ئۆزىگىلا بۇ ئىشنى قىلالمايمەن دېدىم.

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ «قىرغىنچىلىق قىلىچىدىن» ئىبارەت «شىنجاڭدا باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىقى» غا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، جاي - جايلاردىكى تەپرىقچىلىق توغرىسىدا خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ ئۈرۈمچىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى يەنە پاراكەندە قىلدى. پۈتۈن شەھەرنى يەنە ئېغىر كەيپىيات قاپلاپ كەتتى.

## ( 8 ) «چوڭ ئۆزگىرىش» ۋە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ يېڭى يۆنىلىشى

جىن شۇرېن ئىمكان قەدەر شىنجاڭ خەلقىگە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ شىنجاڭ خەلقىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى. جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچكى قىسمىدا ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىتتىپاق ئەمەس بەلكى ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى؛ ئۇلار ھۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ھەرزامانچە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈشە

ياكى قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قۇيۇشتەك پوزىتسىيە قوللانغان ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھەردىكى ئادەملەر مۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتلىك ئەھۋالدا تۇرغان پەيتتە «چوڭ ئۆزگۈرۈش» يېتىپ كەلدى، 12 - ئاپرېل كۈنى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ قوغلاندى بولدى، ئۇنىڭ شىنجاڭدا يۈزگۈزگەن 4 يىلدىن ئارتۇق ھوكۇمرانلىقى ئاخىرلاشتى. بۇ، شىنجاڭدىكى «12 - ئاپرېل ئۆزگۈرىشى» ئىدى.

جىن شۇرېننىڭ قوغلاندى بولۇشى بىلەن، شەھەرنىڭ ئىچى تېشىدا بىركېچە - كۈندۈز ئۇرۇش بولدى.

«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگۈرۈشنىڭ 3 - كۈنى ئۆل- كىلىك فىرقىدە ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلىرى بىلەن ھەر مىللەت بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ قوشما مەجلىسى ئۆتكۈزۈ- لۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھوكۇمەت قۇرۇلدى. جىن شۇرېن- نىڭ كونا ھوكۇمىتى ئاخىرلاشقانلىقى بۇندىن كېيىن يېڭى ھو- كۇمەتنىڭ بارلىق تەدبىرلىرى ئەمەلگە قويۇلىدىغانلىقى جاكالاندى. مەجلىستە ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى، جۇ رۈيشى- لىچى، يەن يۇيشەن، تۇۋېنپى، چىن جىشەن، تاۋ مىڭيۈي، گۈڭ بېيچىڭ ۋۇئەيچىن، خۇسەيىن باي، كىچىكخو، تۇرسۇن بابا، لەن يەنشۇ- قاتارلىق 36 ئادەم ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ ھەيئەتلىرى دەپ تونۇلدى. ۋاقىتلىق دۇبەن جىن رۇگچىڭ (شەرقىي شىمال پىدايى قىسىملار لۇيجاڭى) ئىستىپا بېرىپ باش قوماندان شىڭ- شىسەينى دۇبەنلىككە ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن سايلاپ چىقتى. لى شياۋتيەن شۇ مەيداندىلا مەن ئالدىن تۈزۈپ چىققان يېڭى ھوكۇمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگىراممىسىنى ئوقۇپ بەردى. بۇ پۇروگىراممىنى شۇكۈنى يىغىن ئېچىلىشتىن ئاۋال تۈزۈپ چىققان ئىدىم؛ 10 ماددىلىق پۇروگىراممىدا تو-



ۋەندىكى 4 نۇقتا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن: (1) شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ جەھەتتە باراۋەر بولۇش؛ (2) خەلقتە ئۇيۇشۇش، يىغىن ئېچىش، مەتبۇئات ۋە سوز ئەركىنلىكى بولۇش؛ (3) جىن شۇرېن دەۋرىدىكى خەلققە ئىشلىتىلگەن قانۇنسىز ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە خىلاپ بولغان تەدبىرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ (4) دىخانلارغا ئاكتىپ ياردەم قىلىپ يېزا، قىشلاق ئىگىلىكىنى تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

## (9) جىن شۇرېننىڭ قاماققا ئېلىنىشى

1930 - يىلى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى، فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەھلىكىسى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن نەنجىڭدە جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، شىمالىي جۇڭگودىكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كىرىپ، فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتەك قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇددىئاسى شىنجاڭ ئەمەسلىكى ئېنىق. لېكىن گومىنداڭ نومۇسسىزلىرىنىڭ سۈيقەستى شىنجاڭدا ئىدى. جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ تېخى يولغا چىقماستا، چوڭ خائىن چۇمىنيى شىنجاڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇغا: فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆمىلەپ ماڭىدىغان ماشىنىسى مەزمۇت ھەم چىداملىق، باياۋان - قۇملۇقلاردا مېڭىشقا مۇۋاپىق، سۈيىيۈەن، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ غايەۋى جايى شىن-

جاڭ دېگەن سوزنى قىلغان ئىدى. فىرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇددىئاسى ئومۇلەپ ماڭىدىغان ماشىنىنى ئىشقا سېلىشتا ئەمەس ئىدى. ئەمما ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ سۇيقەستىمۇ فىرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئومۇلەپ ماڭىدىغان ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىشىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. جۇڭگو فىرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلگەندە جىن شۇرېن ئۇلارنى قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شىنجاڭدا ئويلاپ كەلگەن مەخسەتلىرىگە تامامەن يېتەلىگىنى يوق. چولڭ خائىن ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن چومىنىلەرنىڭ جىن شۇرېندىن ئالغان ئەمەلىي مەنپەئەتلىرى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چىش تىرنىقىغىچە نەپرەت بىلدۈرىدىغان جياڭ جيېشىنىڭ كورگەن مەنپەئەتىدەك چوق بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ قوغلاندى قاتاردا نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن چولڭ خائىن ۋاڭ جىڭۋېي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەيسا بەگ قاتارلىقلارنى كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئادەم ئولتۇرۇدى، ئوت قويدى، شىنجاڭ خەلقىنى ئەزدى دەپ ئەرز قىلدۇردى. نەتىجىدە جىن شۇرېن قاماققا ئېلىندى.

جىن شۇرېن دەۋرىدە گومىنداڭ شۇنچە ھەركەتلەرنى قىلىپ ئارزۇ مەخسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يول ئېچىۋالغان ئىدى. يەنى گومىنداڭ سىياسىتىنى تەرغىپ قىلغۇچى بىر دەك ئۇششاق غالچىلار، شىنجاڭدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ بىزگە نىسبەتەن »ياخشى تەسىرات« ئېلىشتەك ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلىدۇق. بۇ ئىلتىپات، بىزگە ئىلھام بولدى. »يۇرتىمىز« ئۈچۈن جىقراق »ئوبدان ئىشلار«نى قىلساق دېيىدىغان مەھەللىۋى كوزقاراشتىكى جاۋابكارلىق ھېسياتىدا بولدۇق، يەنە بىر



تەرەپتىن كىلەچەكتە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى ئېزىپ-ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق بىر شەرت-شارائىت پەيدا قىلماقچى بولدۇق.

## شېڭ شىسەي دەۋرى

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرى، جىن شۇرېن دەۋرىدە پەقەت بىر باشلىنىش ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا شېڭ شىسەي، جۇشياۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىن ۋە جاڭجىجۇڭلەر ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە گومىنداڭ ئوخشاش بولمىغان باھانىلار، ئۇسۇللار ئارقىلىق، سىياسى، ئىختىسادىي، مەدەنى-مائارىپ ۋە فىرقە خىزمەتلىرى جەھەتتە ھەركەت يۈرگۈزۈپ شىنجاڭغا ۋە شىنجاڭ خەلقىغە زىيان-زەخمەتلەرنى يەتكۈزدى، تارىختا كورۇلمىگەن ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ-گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ھوكۇمرانلىق سىياسىتىگە باغلىق. ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدە ئەھۋال ھەممىدىن ئېغىر بولدى. خىزمەت مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن، مەن ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ بەزى ئەرباپلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردۇم، شۇڭا بەزى بىر ئەھۋاللاردىن خەۋىرىم بار. تولاراق شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە تۆۋەندىكىچە توختۇلىمەن:

## (1) كورۇنۇشتە ھال سوراپ، يەر ئاستىدا ھاكىمىيەت تالىشىش

شىنجاڭدا 1931 - يىلىدىن باشلاپ «قۇمۇل ۋەقەسى» پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى گەرچە شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلارنىڭ مەلۇماتىنى ۋە گەنسۇ، قورچاق ئولكىلىك ھوكۇمەتتىن ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ يەرلەردە بولۇۋاتقان ئېغىر ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالمىدى. 1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگۈرۈشى» بولدى. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشتى، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىشنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئالدىراپ - تېنەپ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ھال سوراش ئۇمىگى تەيىنلىدى.

شىنجاڭدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش» نىڭ خەۋىرى نەنجىڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈپ بەزىلەر ئادەم تەيىنلەپ ھەربىي كۈچ بىلەن بېسىقتۇرايلى دېسە، بەزىلەر ھال سورايلى دېدى، بەزىلەر ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ ئادەم تەيىنلىگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلايلى دېيىشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ھال سوراش قارارىغا كەلدى. جاڭفېڭجيۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ماڭا دېيىشىچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، بۇ بىر پارچە سېمىز گۆشنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىغە يالغاندىن شەپقەت قىلماقچى بولۇپ بۇ جاي بەك خا-



نۇۋەيران بولدى. خەلق سەرگاردانلىقتا، قىرغىنچىلىقتا ئۆچۈردى دېگەندەك گەپلەر بىلەن، قورچاق مەمۇرى پالاتا شىنجاڭ خەلقىغە مۇراجەتنامە دېگەن نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ «مەركىزى ھوكۇمەت» نىڭ شىنجاڭغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى شىنجاڭ خەلقىغە غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى يول ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن، ئۆتكەندىكى ئىشلارنى ۋاختىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالماي، «مەركەز» يېغىشتۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ قويدۇق دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلقنى تىنچلاندۇرۇپ، جايلارنى خاتىرجەم قىلىش، ئۈچۈن شىنجاڭغا ھال سوراش ئۆمىكى ئېۋەتتى.

ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى خۇاڭمۇسوڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن مەقسىدى، كۆرۈنۈشتە تەشۋىقات ھال سوراش بولغىنى بىلەن، ئەسلى غەرىزى شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى كەڭ دائىرىلىك تەشۋىقات - ھال سوراش ئۆمىكى پىرقە خىزمىتى، ئىچكى ئىشلار ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، دىن نەقلىيات - قاتنىشى قاتارلىق «ئەرباپلار» نىڭ ھەممىسىنى سەپلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، نەنجىڭدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت زورۇر تېپىلغاندا، بويرۇق ئارقىلىق خۇاڭمۇسوڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىيە دۇبەنى دەپ جاكالايدۇ دەپ ئويلايتتى.

جاڭفېڭجيۇنىڭ ئېيتىشىچە: خۇاڭمۇسوڭنى شىنجاڭغا تەشۋىقات - ھال سوراش ئەربابى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن ئۇ ھەدەپ كەينىگە تارتىپ شىنجاڭغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئامالسىز بارماقچى بولغان بولسىمۇ ئۆلۈمدىن قورقىدى-

غان خۇالىمۇسۇلنىڭ ئاۋال ياڭبىڭلى، ئەيسالارنى تىلەك - تىلەلا
قا ئېۋەتىپ ئۆزى لەنجۇدا خەۋەر كۈتكەن.

تاۋمىڭيۈي ئىككىنچى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئايرۇپىلان بىلەن نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلماقچى بولدۇق. لەنجۇدىن ئۆ- تۈشىمىزدە، لەنجۇدىكى تېنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى دېڭباۋسەننىڭ ئۆيىدە خۇالىمۇسۇل بىلەن كۆرۈشتۇق، مەسلى ھەت بويىچە تاۋمىڭيۈي خۇالىمۇسۇل بىلەن شىنجاڭغا يانماقچى بولدى. مەن نەنجىڭگە بېرىپ، جىياڭجېشى ھەم ۋاڭجىڭۋېيگە دوكلات بەرمەكچى بولدۇم. مەن نەنجىڭغا بېرىپ جىياڭجېشى بىلەن كۆرۈشتۈم. شىنجاڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىمغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ھەدەپ خۇالىمۇسۇلنىڭ شىنجاڭدى كى ئەھۋالى قانداق، شىڭشىسەي قانداق دۇبەن ئىكەن؟ دەپ سورايتتى. ئۇ خۇالىمۇسۇلنىڭ شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىنكى بار لىق پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. يەرلىك ئەھۋاللارغا شىڭشىسەي، لىيۇۋېنلۇڭلارنىڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق قى لمىشى - ئەتمىشلىرىگە ئېتىۋار قىلمايتتى. خۇالىمۇسۇل شىڭ شىسەيگە ئۆز قەلىمى بىلەن ئىككى پارچە خەت يېزىپ لىپاپى ئۆزى پېچەتلىدى. ئۇ ماڭا نەنجىڭگە بېرىپ ۋاڭجىڭۋېي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشىمنى بۇيرۇ دى. ۋە شىڭشىسەيگە خۇالىمۇسۇلنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئوبدان قۇلاق سېلىپ، باشقىچە ھەركەتلەردە بولماسلىقى لازىملىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇال مۇسۇلنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلىرىنى چاپسانراق تۈگەتسۇن، ب



جەريانىدا، مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرسۇن دېدى. مەن نەنجىڭگە بېرىپ ۋاڭجىڭۋېي بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ ئۈستى- ئۈستىلەپ قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ سورىدى. قىلغان سۆز- لىرىنىڭ ئۇرانىدىن خۇالىمۇسۇل شىنجاڭ ئىشلىرىنى باشقۇرسا، مەسىلە چىقمامدۇ يوق دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ- غا «مەركەز» نىڭ كاتتا ئادەملىرى ئۇ يەردە ئىش بېجىرىدىغان بولسا ياخشى بولىدۇ. شىڭشىسەي بۇرۇن مەسلىھەتچى بولغان ۋاقىتلاردا خۇاڭنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، مېنىڭچە مە- سىلە چىقمايدۇ دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇ جاۋابىمغا ئۇ بەك خوش بولدى. مەن ئۇنىڭ مەخسىتى نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. چۈنكى خائىن چۈمىنيى شۇ چاغلاردا قورچاق مەمۇرى پالاتاسىنىڭ باش كاتىۋى ئىدى. ئۇ مېنى بىر - ئىككى قېتىم ئىزدىدى. ئۇنىڭ مەخسىتىمۇ خۇالىمۇسۇل شىنجاڭغا باشلىق بولامدۇ - يوق دېگەننى تىلەك - تىلەلاش ئىدى. ئۇ يەنە ماڭا شىنجاڭدىكى ۋاقىت- لىق ھۆكۈمەت ئەربابلىرى خۇاڭنى ئوبدان ھىمايە قىلسۇن دەپ تاپىلىدى. شىنجاڭدىكىلەر ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇ- لارنىڭ ئىستىقبالىغا پايدىلىق دېدى.

خۇالىمۇسۇل شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن تاۋمىڭيۈي، لى شاۋتيەن، چېن جۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت جۇشىسى لىيۇۋېنلۇڭنىڭ ئىتائەتچانلىقى، ئەيسابەگ، گاۋچاڭجۇ، ياڭبىڭلى لەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىل بىرىكتۈرۈ- شى ئارقىسىدا شىڭشىسەي ھەقىقەتەن يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ھەمدە «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنىڭ ئارقا كۆرۈ- نۈشى ۋە شىڭشىسەينىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارلاپ قويغان ئىدى. شىڭشىسەي ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئورنىنى مۇستەھكەملەش

ئۈچۈن تاۋمىڭيۈي، لىشاۋتيەن، چېن جۇڭلارنى ئولتۇرۇپ خۇاڭ مۇسۇڭنى نەزەر بەنت قىلدى. نەنجىڭ بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ جان قايغۇسىدا قالدى.

## (2) شىڭ شىسەينى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ خۇاڭ مۇسۇڭنى قۇتقۇزۇۋېلىش

شىڭ شىسەي تاۋمىڭيۈي قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئولتۇرگەندىن كېيىن لىيۇۋېنلۇڭ نامىدىن ۋە ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ نامىدىن نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىگە تاۋ، لى، چېن قاتارلىقلار يولدىن چىقتى دەپ دوكلات ئەۋەتتى ھەمدە جاڭ فىڭجيۇ بىلەن ماڭا: گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. بىزنىڭ چەتتىن ئاڭلىغانلىرىمىزغا قارىغاندا خۇاڭ مۇسۇڭ نەزەر بەنت قىلىنغان؛ لىيۇۋېنلۇڭمۇ قورقۇنچ ئاستىدا قالغان؛ ۋاقىتلىق ھوكۇمەت خادىملىرى ۋە ھەر قايسى ئۇيۇشمىلارمۇ خاتىرجەم بولالمىغان. بۇ چاغدا شىنجاڭ تەرەپتىن مەركەزگە كورسۇتۇلگەن ئۆلكە ھوكۇمەت ئەزالىرى، نازىرلىرى ۋە شىڭ شىسەينى دۇبەن قىلىش، لىيۇۋېنلۇڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلىش ئىسىملىكلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىغان ئىدى. مەركەز خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ نەزەر بەنت قىلىنغانلىقىدىن خېلى ئەنسىرىدى. بۇ پۇرسەتتە بىز ۋاڭ جىڭۋېي، جىياڭ جيېشىلەر بىلەن كورۇشۇپ، خىزمەتكە تەيىنلەنگەن ئىسىملىكلەرنى تېزراق ئېلان قىلىپ خۇاڭ مۇسۇڭنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا پىكىر قىلدۇق. خۇاڭنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن جىياڭ جيې-



شى، ۋاڭجىڭۋېيغا تېلېگىرام ئەۋەتتى. ۋاڭ جىڭۋېي مەن بىلەن كورۇشۇپ، شىڭ شىسەيگە خۇاڭ مۇسۇڭغا ھېچ قانداق زىيانكەشلىك قىلىپ قويماسلىق توغرىسىدا تېلېگىرام ئەۋەتىشىمنى ھاۋالە قىلدى. يەنى مىنى ئايرۇپىلان بىلەن بېرىپ قۇتقۇزۇپ كېلىشكە بۇيرىدى. شىڭ شىسەي، تاۋمىڭيۈي، لىشاۋتيەن، چېن جۇڭلەردەك ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگە قاتىل قولىنى سونغان يەردە ماڭا ھېچ قانداق كاپالەت يوق ئىدى. مەن بۇ تەرەپنى ئويلاپ ئەسلىدە شىڭ شىسەينى شىنجاڭغا تونۇشتۇرغان پىڭ شاۋتيەن بىلەن بىللە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

شىڭ شىسەي بىزنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگىراممىلىرىغا قاراپ خۇاڭ مۇسۇڭنى نەزەر بەنتتىن بوشاتتى. ئەمما بىر مەزگىل ئۇنى قويۇۋەتكىنى يوق. ۋاڭ جىڭۋېي خۇاڭنىڭ ئەركىنلىككە چىققانلىغىنى ئاڭلاپ بىزنى شىنجاڭغا بېرىڭلار دەپ ھەيدەكچىلىك قىلمىدى. مەنمۇ خوش بولدۇم. ئاز كۈن ئوتمەي نەنجىڭ ھوكۇمىتى شىڭ شىسەينى دۇبەن، لىيۇۋېنلۇڭنى ئۆلكە رەئىسى دەپ ئېلان قىلدى. خۇاڭ مۇسۇڭمۇ شىنجاڭدا قىلماقچى بولغان ھەممە ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئامال قىلىپ ئۆزىنى يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى ئويلاندى. ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بىللە بارغان مەسلىھەتچىلەرمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولدى. مەركەز شىڭ شىسەينى دۇبەن دەپ ئېلان قىلغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلار جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىۋالدى.

## (3) جاڭ پېيۈەن ماجۇڭيىڭغا يارىدەم قىلىپ شىڭشىسەي بىلەن لىۋۋېنلۇڭنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى

خۇاڭ مۇسۇڭ نەنجىڭگە قايتقاندىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا ھال سوراش ئۈچۈن بېرىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتقان بولسىمۇ نەزەربەنت بولۇپ قالغان ئەھۋالنى ئېيتمى-دى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خۇاڭ مۇسۇڭ قاتارلىقلارنىڭ شەرمەندە بولغانلىقىنى، نەنجىڭدىكى ھەممە ئادەم بىلەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭمۇ تامغا ئۇسۇپ تۇمشۇغىنى يېرىۋالغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەمما مۇخبىرلار يەنىلا ئۇلارنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ پەدەزلەپ ئاخبارات تارقاتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىدى. يەنىلا قول سېلىشنى ئوي-لايتتى. بەزىلەر شىڭشىسەيگە يارىدەملىشىپ « تىنچلاندۇرۇش » باھانىسى بىلەن شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، شىڭشىسەينى جايلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما شىنجاڭغا ئەسكەر كىر-گۈزۈش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. بەزىلەر شىنجاڭ-دىكى خوجانىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ ۋە ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىڭشىسەينى ئوتتۇرىدىن قىسىپ يوقۇتۇۋېتىش، زورۇر تېپىلغاندا مەركەز قورال بىلەن تەمىنلەش، شۇ ئارقى-



لىق جۇڭياڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەكشۈرۈش نامى بىلەن لوۋېنگەننى شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

لوۋېنگەن كەتكەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ۋۇيىڭچى نەنجىڭگە كېلىپ ھەركەتلەندى. ۋاڭ جىڭۋېي ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى. سىرىيە يولى بىلەن كەلگەن جاڭ پېيۈەننىڭ ۋەكىلى چېن زىجۇاڭمۇ نەنجىڭگە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھەركەت قىلدى. لوۋېنگەن ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنى ۋە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ شىڭشىسەينى ئوتتۇرىدىن كوتۇرۇۋېتىشنى ئاساسى مەقسەت قىلدى. ئەمما شىڭشىسەي ئۇنىڭ ھىيلىسىنى سېزىۋېلىپ كورۇنۇشتە لوۋېنگەن بىلەن كارى بولمىغاندەك قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا خوجانىيازھاجىنى ئۆزىگە تارتىپ ماجۇڭيىڭنى يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېن دېلىسى، چاڭ يۈگلۈلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يارىدەم بېرىپ قولىشىنى، ئەسكەر كىرگۈزۈپ جاڭپېيۈەنلىنى يۈگەنلەپ تۇرۇشنى، زورۇر تېپىلغاندا ئۇنى يوقۇتۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

« 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى » دىن كېيىن، تاۋمىڭيۇي قاتارلىقلارنى ئولتۇرۇشتىن، ئىلگىرى شىڭشىسەي، لىۋۋېنلۇڭلار يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا

ۋۇ ئەيچىنىي ماجۇڭيىڭ بىلەن سوھبەتلەشكەندە، گۇاڭ لۇنى
جاڭ پېيىۋن بىلەن سوھبەتلەشكە ئەۋەتكەن ئىدى. جاڭ پېيىۋە
كورۇنۇشتە شىڭ شىسەيگە ھە - ھە دەپ تۇرۇپ ئەمەلىيەتتە
ئەسكەرلىرىنى تولۇقلاپ قورال سېتىۋالدى. لىۋپىڭگەن ئۇرۇ
چىدىن كەتكەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيىۋەنلەر ئىتتىپ
تەرەپتىن ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ئەمما ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي
ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چېكىندى
جاڭ پېيىۋەنمۇ مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرۋالدى.

شىنجاڭ ئىنقىلابىدىن بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا
„ مەركەز “ „ مەركەزدىكى كاتتىۋاشلار “ دېگەننى ئىمىسى
ئەگەر خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا كەلمىگەن بولسا، قاۋمىچيۇ
قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى. لىۋپىڭگەن شىنجاڭغا كەل
مىگەن بولسا، ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيىۋن ئەسكەر تارتىپ
ئۇ قەدەر قاتتىق ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ
كېلىپ ھال سورايمىز، تەكشۈرىمىز دېگەنلىرىدىن شىنجاڭ
خەلقى زادى قانچىلىك مەنپەت كۆردى؟ پايدا كۆرمىدى
ئەمەس بەلكى تېخىمۇ چوڭ پاراكەندىچىلىك تارتىپ خاراب
رانچىلىققا، قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار بولسا „ تەختى
پەردە ئۆلتۈردى “ „ يورغا ئاتقا مىندى “ ، يوقىلار بولسا
جەبرى - جاپاغا قالدى.

## ( 4 ) ئامال قىلىپ مەقسەتكە يېتىش

شىڭ شىسەي ۋاقتىنچە بولسىمۇ شىمالىي شىنجاڭنى كونترول
قىلدى. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭ تېخى تىنچلانمىغان ئىدى. ماجۇڭ



يىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆز مەغلۇبىـ
يىتىگە تەن بەرمىدى. شۇڭا شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ
تەرەپنى تىنچلاندۇرۇشقا پائال كىرىشتى. بۇ چاغدا گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تەكرار مۇھاكىمە قىلىپ شىنجاڭغا بىر
مەزگىل ئارىلاشقىلى بولمايدۇ دەپ، بوشاپ قالدى. ھەمدە
شىنجاڭ دائىرىلىرى كورسەتكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى،
نازىرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. ئاندىن 2 - قەدەمدىكى
تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ: (1) قورچاق مەمۇرى پالاتا
تەرەپتىن شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش پىلان كومىتېتى قۇرۇپ،
كېيىنچە شىنجاڭغا كەڭ كولەمدە تەسىر كۆرگۈزۈشنى پىلانلىدى؛
(2) ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈرگەن ئاز سانلىق ئۇيغۇرلارنى
شىنجاڭغا ئەۋەتىپ كەلگۈسىدە شىنجاڭغا كىرگەندە تايىنىدىغان
تايانچ كۈچ قىلماقچى بولدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ھەر خىل چارىلارنى قوللاندى. ئۇلار شىنجاڭنى كونترول
قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدا كوپ سانلىق تەشكىل قىلىدىغان ئۇيـ
غۇرلارنىڭ ئەشەددىي قولغا كەلتۈرۈش زورۇرلىكىنى ھېس قىلىشتى.
شۇڭا 1933 - يىلىدىن باشلاپ ۋاڭ جىڭۋېي مەركىزىي ئالىي
مەكتەپ، مەركىزىي سىياسىي قانۇن مەكتىۋى، مەركىزىي ھەربىي
مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ۋە شۇ
چاغدا جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئەرز قىلىۋاتقان ئەيسا قاتارلىقلاردىن
پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارغا تېخىمۇ غەمخورلۇق كورسەتتى.
يېشى چوڭراق بولغان ئەيسانى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.
ئەيسا ئارقىلىق تىيەنجىندە تىجارەت قىلىۋاتقان مەسئۇت، ئىسمايىل،

قادىر دىگەنلەرنى نەنجىڭگە ئالدۇرۇپ كېلىپ « مەركىزىي فىرقە
« مۇڭغۇل زاڭزۇ ھەيئىتى » قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇدى
( قادىر دىگىنى بىۋاستە ھىندىستاندىن كەلدى ) ئۇلار
ياخشى ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماستىن يەنە ھەر تۈرلۈ
قوشۇمچە ياردەم بەردى. نەنجىڭدە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىس
قۇرۇشقا، « ئالتاي » ژورنىلى چىقىرىشقا يول قويدى، ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ
ئىناۋىتىنى كۆتەردى. 1934 - يىلى يازدا يولۋاس ماجۇڭيىڭ
ئەگىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ نەنجىڭگە باردى
ئەيسا، مەسئۇتلار مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ يول
ۋاسىنى شىنجاڭنىڭ شەرقىي يولىدىكى ( قۇمۇل يولى دىمەكچى - ت
ھەربىي قوماندان دەپ كۆككە كۆتەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىت
ئۇنىڭغا ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ نە
جىڭدە تۇرغۇزدى. ۋاڭ جىڭۋېي چېن گوفۇ قاتارلىقلار ھەر نۆۋەت
غەربىي شىمال مەسىلىسى توغرىسىدا يىغىن ئاچسا ياكى چاي
زىياپەت ئۆتكۈزسە ئەيسا، مەسئۇت قاتارلىقلارنى گويا ئەنگۈشتە
قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ پايدىلاندى. ھە
خەنزۇلارغا ئوخشاش ئاتاش ئۈچۈن ئۇلارغا خەنزۇچە ئىسىم
قويدى. مەسىلەن: ئەي خۇەنشىن، مۇ يىشىن، خامىشىن ۋە باشقىلار
ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر ئەسلىدە شىنجاڭدا تۇرالماي ئىچكى
ئۆلكىلەرگە قېچىپ بېرىپ يۈرگەنلەر ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتى ئۇلارنى تۇۋار سۈپىتىدە دەستەك قىلىپ ئورۇن بەر
ئۇلارمۇ خوش بولۇپ ئويناپ تاماشا قىلغاچ سىياسى جەھەتتە
بىرەر مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئۈمىت قىلىپ گومىنداڭ ھۆكۈ



مىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

1934 - يىلىدىن باشلاپ شىڭ شىسەي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆزىنى ساختا ئىلغار كۆرسەتتى. سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنىڭ قىسمەنلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئاتتىق چۆچىدى. بۇ چاغدا مەسئۇت، ئەيسالار شىڭ شىسەينى قىزىللىشىپ كەتتى دەپ كەڭ تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ؛ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەمما ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت شارائىتىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھەربىي كۈچ ئىشلىتەلمىدىلا ئەمەس، بەلكى شىڭ شىسەي ئۈستىدىن گەپ - سۆزمۇ قىلالمىدى. ۋاڭ جىڭۋېي بىر قانچە قېتىم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ: مەركەز شىنجاڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. سىرتتا ھەر خىل ئۇسەك سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر. شىڭ شىسەي شىنجاڭنى ياخشىلاپ ئىدارە قىلسۇن، ھەر قانداق قىيىنچىلىقى بولسا بولۇۋېرۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە « مەركەز » ئىمكان قەدەر ياردەم بېرىدۇ، - دىدى. شىڭ شىسەي مۇنداق سۆزلەرگە پىسەن قىلمىدى. 1936 - يىلى ۋاڭ جىڭۋېي تەختتىن چۈشۈپ جىياڭ جيېشى مەمۇرى پالاتاغا يۈەنجاڭ بولغاندا شىنجاڭغا غەمخورلۇق قىلىش توغرىسىدا خېلى ھەرىكەت قىلدى. شىڭ شىسەي بۇنىڭغىمۇ قۇلاق سالمىدى.

1937 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى قارشى تۇرماستىن، فاشىست گېرمانىيىنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشىدىن خام خىيال قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي قورال ياردەم

بېرىشىنى ئۆتۈندى. مەيلى «جۇڭگو ــ گېرمانىيە» ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىدا بولسۇن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئېلىشتا بولسۇن شىنجاڭدىن ئۆتمەي بولمايتتى. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇھىم كۆرۈپ ئالدى بىلەن ھاۋا قاتناش جەھەتتە قول سالماقچى بولدى. بىراق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرى نەچچە قېتىم تۇمشۇغىغا يېگەنلىكى ئۈچۈن بىۋاستە سۆزلۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە گومىنداڭ مەركەزنى چۇڭچىڭگە يۆتكەپ كەتتى. شىنجاڭ مەسىلىسىنى قىلچىمۇ بوشاتمىدى. ئامال قىلىپ ئۆزىگە تارتىش، گۇللەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. 1942 ــ يىلىغا كەلگەندە شىڭ شىسەي گومىنداڭ تەرەپكە بويسۇندى. شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە ھەركەتلىنىپ كۆپلەپ ئادەم كىرگۈزدى. شىنجاڭنى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى دەپ زور تۈركۈمدە ھەربىي قوشۇن كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلقى بالايى ــ ئاپەت ئىچىدە قالدى.

1944 ــ يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنى تولۇق ئىگەللىدى. جياڭ جيېشى جۇشياۋلياڭنى ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالدى. شۇ يىلى نويابىردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى غۇلجىنى ئىشغال قىلدى. كەڭسايغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا يولىنى كېسىپ تاشلىماقچى بولدى. ئۈرۈمچىدە



«رومكىسىنى تىيانشانغا چېقىشتۇرۇپ» ياتقان جۇشياۋلياڭ بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھولۇقۇپ كېتىپ كۆپلەپ ئەسكەر ئېۋەتكەن بولسىمۇ قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنى توسالماي قالدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ شەھەرگە قايتىپ كەتكەن شى × × پەمىلىلىك دىۋىزىيە قوماندانىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە: «گومىنداڭ قوشۇنلىرىدا قورال خىل بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغانلىقتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن. بىر قىسمى كەڭسايدا توڭلاپ ئۆلگەندىن تاشقىرى، شىخو، ماناسقا ياردەمگە ئېۋەتكەن ئەسكەرلەرمۇ سوغۇققا چىدىماي پىرونتقا بارالمىغان. شۇ چاغدا گومىنداڭ «مەركىزى» خۇزۇڭنەنگە يەنە ئەسكەر ئېۋەتكىن دېگەندە خۇزۇڭنەن كۈلۈپ: شىنجاڭ خەلقى زۇلۇمنىڭ ئازاۋىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئۇلارنىڭ غەزىۋىگە دىۋىزىيەلەرنى ئېۋەتكەن بىلەنمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئۇلار مۇنايىملىق بىلەن قايتىپ كەلسە بولىدۇ دېگەن. دېمەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئېۋەتتى. ئۇ كېلىپ سىياسىي ئىقتىسادىي، مەدەنىي مائارىپ جەھەتتە ھەر خىل ئىسپاھاتلارنى كۆرسەتتى. شىڭ شىسەي دەۋرىدىكىدىنمۇ ئاشۇرىۋەتتى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى زور تۈركۈملەپ چىقىپ، ھەممىسى پايدا مەنپەئەت قوغلاشتى. خىيانەت ۋە باشقا پەسكەشلىكلەرنى قىلىپ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى قانۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ خەلقى بۇلارنى

ئىنتايىن ئۆچ كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيداپ „ شياڭناۋجىلىك " دەپ ئات قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ „ شىياڭناۋجىلىك " دېگەن سۆز ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەرنىڭ مەخسۇس لەقىمى بولۇپ قالدى.

1963 · 9 · 20

# جىن شۇرېننىڭ گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار

سەي خېڭسىڭ

جىن شۇرېن 1928 - يىلى كونا بيۇروكراتلىق كىيىمى بىلەن سىياسىي سەھنىگە چىقتى. ئۇ چاغلاردا ئۆلكە سىرتىدىكى بەزەن ئىخلاسى قايتقان سىياسەتۋازلار ۋە قارانىيەت مىلىتارىستلار يېرى كەڭ، بايلىقى مول شىنجاڭنى „ جەننەت " دەك كۆرۈپ بۇ يەردە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ياكى ئۆز كۈچىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولاتتى. ئۆلكە ئىچىدە خوجانىياز ھاجى رەھبەرلىكىدە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، ماجۇڭيىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى باشلاپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، يېڭى تۇرغۇت قەبىلىسى، ئايماق باشلىقى، دۇپتون سېردىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولۇۋاتقان، ھەر قايسى جايلاردىكى دېھقانلار دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى



ئېزىشكە چىدىماي كۆتۈرۈلىۋاتقان، بولۇپمۇ ئىلغار ياشلاردىن مەسىلەن جياڭ يىۋۇ، بى فاڭجىڭ، لى فۇشىڭ، چېڭشى قاتارلىقلار يۈرگۈزگەن ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر جىن شۇرېننى ئالاقزادە قىلىۋاتقان ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئەمەل تۇتۇپ باي بولغان مۇخلىسلار قۇرال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەكسىيونلۇق ھەرىكىتىنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي كۈچلىرىنى كېڭەيتىپ، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپ ھازىرلاپ ئۆزىنىڭ يۇرتداش ۋە تونۇش - بىلىشلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ ئەمەلدارلىققا ئورۇنلاشتۇردى. ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەنسۇنى قولغا چۈشۈرۈپ كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئەختىساسلىق كىشىلەرگە مۇھتاج ئىدى. لېكىن تاللاپ ئىشلىتىۋاتقان ئادەملىرى ئۇنىڭ يۇرتداش، قوۋمى - قېرىنداشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەر يەردىن كەلگەن ھېچنەرسە بىلمەيدىغان قىرا قوساقلار ئىدى. جىن شۇرېن ئۇلارنىڭ „ ھەساپتا بار، ھەمدەمدە يوق " ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقلا ھەقىقىي قابىلىيەتلىك زىيالىلارنى دادىل ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرىدىن گېرمانىيىگە ھەربىي ئوقۇشقا ئەۋەتىپ يېتىشتۈرمەكچى بولدى.

1931 - يىلى جىن شۇرېننىڭ ئوغلى جىن زۇدىڭ ئاكىسى-

نىڭ ئوغلى جىن زۇجىڭ، جىن شۇرېننىڭ قۇدىسى جۇرۇيچېڭنىڭ ئوغلى جۇيۇيىنىڭ، جىن شۇرېننىڭ 2 - دۆۋزىيە باشلىقى ليۇشىزىڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ليۇ خۇڭلىيى، جىن شۇرېننىڭ باش كاتىۋى لۇشىياۋزۇنىڭ ئوغلى لۇكېيىدىن ئىبارەت 5 كىشىنى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئېۋەتتى، ھەمدە ئۈرۈمچى ساقچى باشلىقى ۋۇگۇاڭرۇڭغا 2 نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەن ئۇلارنى قوغداپ مېڭىشقا تەيىنلىدى، بۇ تۈركۈم پەرزەنتلەر ئىچىدە بەزىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە بولسا، بەزىلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىمۇ يوق ئىدى، ئەمما جىن شۇرېن ئۇلارغا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، بېرلىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆبىسىدە ئوقۇشقا ئېۋەتتى. لېكىن گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆبىسىنىڭ جۇڭگودىن قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولغانلىقتىن پەقەت جىڭزودىڭنىلا قوبۇل قىلدى. قالغانلىرىنى شىۋىتسارىيە بېرنىي قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىۋىگە كىرگۈزۈپ قويدى.

جىن شۇرېننىڭ پەرزەنتلەرنى چەتكە ئېۋەتىپ ئوقۇتۇش ھەركىتى، جامائەتچىلىكنىڭ ئىنتايىن نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇ چاغلاردا بۇلارنى «5 بەگزادىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى» دەپ ئاتاشتى، ئۆلكىلىك روس تىلى سىياسى قانۇن مەكتىۋى ۋە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياتاق، دەرسخانا، ۋە كارىدورلىرىغا يوقالسۇن جىن شۇرېن! ماجۇڭيىڭنى قارشى ئالىمىز دېگەن شوئارلار چاپلانغان ئىدى. بۇ، بىر تۈركۈم قارا قورساق بەگزادىلارنىڭ چەتئەلگە ئېۋەتىلگەنلىكى خەلقنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل شەخسىيەتچى فېئودال



ھوكۇمرانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

جىن شۇرېن جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆزىنى پەدەزلەپ ئىككىنچى تۈركۈم گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئېۋەتمەكچى بولدى.

1932 - يىلى ئەتىيازدا جىن شۇرېن ئۆلكىلىك روس تىلى سىياسى قانۇن مەكتىۋىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئېۋەتمەكچى بولۇپ ئىمتىھانغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. نەتىجىدە گۇيۇگۇلۇڭ، جىڭ فىڭجى، سۇڭ گۇجىڭ، سەيخىڭسىڭ قاتارلىق 4 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى. بۇلار ئاددىتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە كىچىك سودىگەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.

1932 - يىلى 7 - ئايدا بۇ، بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار گېرمانىيىگە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، جىن شۇرېن ئۇلارغا ھەربىي ئىشلارنى ياخشى ئۆگىنىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەردى. ئۇلار گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن گېرمانىيىدە سانائەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، شىنجاڭدا سانائەت بولغاندىلا ئاندىن گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ دەپ چۈشۈنۈپ، شۇ چاغلاردا گېرمانىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان سودا - سانائەت ھەيئىتى بۇرھان شەھىدىگە (بۇرھان شەھىدى چەتئەلدىكى ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىمۇ ئىشلەيتتى) سانائەت ساھەسىدە ئوقۇشىمىزغا رۇخسەت قىلىش ئىلتىماسىمىزنى جىن شۇرېنغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇلار ئالدى بىلەن بېرلىن سىغەن داشۆبىدە ئوقۇۋاتقان بىرسىنى تەكلىپ قىلىپ، نېمىس تىلى، ماتېماتىكا، تەبىئىي پەن، ۋە خىمىيە دەرسلىرىنى پىششىقلاش ئۈچۈن دەرس ئوقىدى، پىششىقلاش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن (جەمئىي 8 ئاي) بۇرھان شەھىدى

ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە پىراكتىكىكا ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەر قايسى جايلارغا تونۇشتۇردى. گويۇگىلوك، جىلىڭفىڭجىنى ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا، سوڭگوجە-ڭنى رەيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدا-نىدا پىراكتىكىدا قىلىشقا، سەي خېچىڭنى سانائەت داشۆبىسىنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا تونۇشتۇردى. ئۇلار گېرمانىيىدە پىراكتىكىدا ۋە ئوقۇشنى 3-4 ئاي داۋام ئەتتۈرگەندە شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولدى. ئوقۇش راسخو-تىغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن 1933 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ گېرمانىيىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىز بىر يىلغا يېقىن بولدى.

جىن شۇرېننىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچى-لارنىڭ ئايلىق راسخوتى ھەر بىر كىشىگە 400 مارك (بىر مارك شۇ چاغدىكى تەڭگە پۇلغا بىر سەر بىر مىسقالغا توغرى كېلىدۇ) تۇرمۇش خىراجىتى 50 مارك بەلگىلەنگەن ئىدى. ئىك-كىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرسىگە 360 مارك بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بېرلىندە بىرىنچى تۈركۈمدىكى 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرىدىغان ۋۇگۇاڭلۇك ۋە ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بېرىدىغان فەن جېڭزىغا 200 ماركتىن مائاش بېرەتتى. دېمەك بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئېيىغا 4000 مارك، پىرۇۋوت ھەققى ۋە ئىش خىراجىتىنى قوشقاندا، ئېيىغا 5000 مارك كېتەتتى، دۆلىتىمىزنىڭ تەڭگە پۇلىغا 5500 سەر شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىغا 19.800 سەر (بىر سەر تەڭگە ئۆلكە پۇلىغا 3 سەر ئالتە مىسقال) بولاتتى، بۇ سان شىنجاڭنىڭ



ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا زور چىقىم ئىدى. بۇ پۇل مائارىپقا ئىشلىتىلسە 14 سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 12 نى قۇرغىلى بولاتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئالتايدىن يىغىۋېلىنغان ئالتۇنلار يۇشىڭ يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ قىم-مەت باھادىكى ژۇڭ تېرىلىرى ئۆزۈلمەي گېرمانىيىگە ئەۋەتىلەت-تى. بېرلىن دۆلەتلىك بانكىدا شىنجاڭنىڭ نەچچە ئونمىڭ مارك پۇلى دائىم زاپاس تۇراتتى.

جىن شۇرېن ئەۋەتكەن بالىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى ھەمدە راھەتپەرەس بەگزادىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭى ھەربىي تېخنىكىنى ئۆزلەشتۈرەلمىدى، شۇنداقلا قاتتىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىگە چىدىمىدى. نەتىجىدە ئوقۇشنى 3 يىل داۋاملاشتۇرالىغان جىن زودىگىدىن باشقىلىرى بەزىلىرى 3 ئاي بەزىلىرى يېرىم يىل ئوگۇنۇپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بېرلىنگە قايتىپ كېلىۋېلىپ لاغايلاپ يۈردى. بىر مەزگىل ئوت-كەندىن كېيىن بەزىلىرى ساقچى مەكتىپىگە كىردى. بەزىلىرى بېرلىن داشۆي سىياسىي پاكۇلتېتىغا (سىرتتىن دەرس ئاڭلاش ئۈچۈن) بارغان بولسىمۇ لېكىن نەچچە ئاي ئۆتمەيلا بارمايدىغان بولىۋالدى.

1933 - يىلى جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوقۇش راسخوت پۇلى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار بېرلىندە بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرۈپ بانكىدىكى پۇللارنى خەشلەپ بولغاندىن كېيىن 1935 - 1936 - يىللىرى دۆلەت-

مىزگە قايتىپ كەلدى. جىنزۇجەڭلار جىياڭجىيېشى ھەربى قىسمىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدار بولدى. ليۇ خۇڭ ليبي ئىشپىيون بولدى. جۇ يۇيىنىڭ شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭ دەۋرىدە ھاكىم بولدى، ليۇكېپەي سودىگەرچىلىك قىلدى.

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭشىسەي ئۇلارنى ئولكىلىك ھوكۇمەت كاتىۋات باشقارمىسىنىڭ بولۇم ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىدى. 1934- يىلى ئەنىيازدا شىنجاڭدا مالىيىنى رەتلەشتە ئۇلارنى مالىيە نازارىتىگە كوزدىن كوچۇرگىچى قىلىپ ئىۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭ- نىڭ قالايمىقان چىرىكلىشىپ كەتكەن مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىشتا خېلى كوپ خىزمەت ئىشلىدى.

# مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولغان 12 يىل

باي ئىبزىز

مەن 1932 - يىلى تۇرپان قوزغولاڭلىرىغا قاتناشقان ئىدىم. بۇ ئىشلارغا ئازكام 50 يىل بولدى. ھازىر ئېسىمدە قالغان پاكىتلارنى ئېيتىپ ماتېرىيال سۇپىتىدە تەقدىم قىلماقچىمەن، قېپقالغان جايلىرى بولسا، خەۋەردار ئاغىنىلەرنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## سوزنى قۇمۇل قوزغولىڭىدىن باشلايمەن

قۇمۇل ۋاڭ ۋە جىنشۇرېن ھوكۇمىتى خەلقنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەزگەنلىكى ئۈچۈن قۇمۇل، ئارا تۈرۈك ئىككى ناھىيىسىدە



خوجانىيازھاجى ۋە سالى دورغا باشچىلىقىدا ئون نەچچە ئادەم- دىن تەركىب تاپقان قوزغولاڭ كوتۈرۈش تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇلار «ئىسلام ئىچىش» شۇئارى ئاستىدا كەڭ كولەمدە تەشۋىقات يۈرگۈزدى ۋە دېخانلارنى قوراللاندۇرۇپ ۋاقىت پىشىپ يېتىل- گەندە قوزغولاڭ كوتۈرۈش پىلانىنى بەلگىلىدى.

ئۇ چاغدا ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدە بىر لىيەن ھوكۇمەت ئەسكىرى تۇراتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر قىزى ئا- لىمەن دېگەندە يەرلىك خەلق ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلەندى. سالى دورغا باشچىلىقىدىكى بىر توپ دېخانلار مەسلىھەتلىشىپ مەزكۇر لىيەنجاڭغا قىلماقچى بولغان تويىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ توي مۇراسىمىغا تەييارلىق كورۇشنى خەۋەر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن سالى دورغا بىر قىسىم مەرگەنلەرنى تويلاپ، توي بولىۋاتقاندا پىلان بويىچە كازارمىغا ھۇجۇم قىلىپ ھو- كۇمەت ئەسكەرلىرىنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. سالى دورغا مەزكۇر لىيەنجاڭنى ئولتۈرۈپ ئەسكەرلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاتقا چىقىپ كېيىنكى ئۇرۇشقا تەييارلىق كوردى.

ئۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا خىز- مەتتە تۇراتتى. سالى دورغا خوجانىيازھاجى ۋە باشقا تەشكىلات ئەزالىرىغا تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى قوزغاپ ئاتقا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتلىرى نەتىجىسىدە ھەر قايسى جايلاردىكى دېخان - چارۋىچىلار قوللىرىغا ئاياق - توقماق، كەتمەن، پالتا ئېلىپ ئاتقا چىقىپ تاغلىقلارنىڭ ھەركەتلىرىگە قاتناشتى.

قۇمۇلدا قوزغولاڭ كوتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان جىنشۇرېن ھوكۇمىتى ئاقسۇدىكى جياۋ دوتەيىنى يوتكەپ كېلىپ ئالدىنقى

سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئەسكىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ قۇمۇل قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرماقچى بولدى. خوجانىيازھاجى قاتارلىقلار جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زور مىقداردا ئەسكەر ئېۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن گەنسۇغا ئادەم ئېۋەتىپ ماجۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن خوجانىياز ھاجى بىر نەچچە ئادەم بىلەن قۇمۇلدىكى قوماندانلىق شتابىغا كىرىپ سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. قوماندان ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ ئاتقا بىر نەچچە يۈز ئەسكەر ئېۋەتمەكچى بولۇپ ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك تەييارلاشقا كىرىشتى. بۇ جەرياندا تاغلىقلار تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئىدى. شۇنىڭدەك خوجانىيازھاجى ئاتقا مەخپى ئادەم ئېۋەتىپ، سالى دورغىغا جاي تاللاپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى خەۋەر قىلدى.

خوجانىياز ھاجى يەنە سالى دورغىغا، مەن ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى باشلاپ مەلۇم جايغا يېتىكەندە ئالدى بىلەن مېنى خائىن دەپ باغلىۋېلىڭلار، ئاندىن كېيىن باشقىلارنى باغلاڭلار دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. سالى دورغا پىلان بويىچە ئىشلەپ ئوز مەقسىتىگە يەتتى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى تاغ ئېتىكىدە تولۇق يوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ ئوزلىرىنى قوراللاندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خوجا نىيازھاجىنىڭ نامى چىقىشقا باشلىدى.

## ماجۇڭيىڭنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا چىقىشى

ماجۇڭيىڭ 500 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا چىقىپ خوجانىيازھاجى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل شەھرىنى مۇھاسىرە قىلدى.



كېيىن 7 قۇدۇقتىكى بىر جەڭدە ماجۇڭيىڭ ياردار بولۇپ، ۋاقتىنچە يەنە گەنسۇغا قايتىپ كەتتى.

قۇمۇل شەھرىنىڭ بازار باشلىقى يولۋاس بىر نەچچە مەرگەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتقا چىقىپ قوراللىق دېھقانلارغا قوشۇلدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي خوجانىياز ھاجى بىلەن كېلىشەلمەي تاغدا ئوز ئالدىغا ئىش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بىر قېتىم خوجانىيازھاجىنى تۇتۇۋېلىپ بىر قانچە كۈن نەزەربەنت قىلغاندا، قوزغىلاڭچى ئامما ئادەم ئېۋەتىپ خوجانىياز ھاجىنى قۇتقۇزۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجانىيازھاجى بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىر زىددىيەت پەيدا بولدى.

خوجانىياز ھاجى قۇمۇلدا باش كوتەرگەندىن كېيىن، تاشقى موڭغولىيەدىن قاسىم ئەپەندى (قازاق) قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مۇشاۋىر-(مەسلىھەتچى) بولدى.

ماجۇڭيىڭدىن قېچىپ قالغان ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تومۇر دېگەن كىشىلەرنى تېپىپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ ئاتقا چىقىپ خوجانىيازھاجى بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكەر تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى ۋە ئەسكەرلەرگە ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى.

## پىچان، تۇرپاندىكى ئۇچقۇن

ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تومۇر دېگەنلەر تۇرپاندا شەرت-شارائىت پىشىپ قالدى، بىز چىقىپ ياردەم قىلساق دەپ خوجانىياز ھاجىغا پىكىر قىلغاندا، ھاجى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىگە قوشۇلمىدى.

ئەمما ئۇلار گەپكە كىرمەي ئارقا يول بىلەن پىچانغا چىقىپ، پىچاننىڭ تەگىدىن تولىسىنى ئىشغال قىلدى. بۇچاغدا شۇن لۇ-جاڭ نەچچە يۈز ئاتلىق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ۋە نەچچە يۈز ئاتلىق قالماق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېتىۋاتقان ئىدى. ماشىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ پىچانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئۇر لويى دىگەن بىر كىشى شۇن لۇيجاڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ خەۋەر قىلغاندا، شۇن لۇيجاڭ دەرھال ئارقىغا قايتىپ پىچاندا قاتتىق سوقۇش قىلدى. نەتىجىدە ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تومۇر دىگەنلەر مەغلۇپ بولۇپ لۈكچۈنگە چېكىندى. شۇن لۇيجاڭ پىچاندا چوڭ قەتلى ئام يۈرگۈزدى.

ئۇ چاغدا لۈكچۈندە خۇيمىڭجاڭ قوماندانلىقىدا بىر باتالىيون ھۆكۈمەت ئەسكىرى بار ئىدى. ماشىمىڭ لۈكچۈنگە بېرىپ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما خۇيمىڭجاڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلماي رەت قىلدى. ماشىمىڭ بۇ ئەھۋالدا دۈگخاڭغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ لۈكچۈندىن شەرققە قاراپ دىغايغا كېتىدۇ. (يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى مەن مومىن ئاخۇننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم.)

بۇ چاغدا تۇرپاندا مەھمۇت مۇھىتى، باي ئىبىز، پاشاخوجا (لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئوغلى) ئابدۇراخمان (بۇئادەم قەشقەر ئاتۇشلۇق توگىچى بولۇپ ئۇرۇمچى، فۇكاڭ، سانجى، جىمسار، گۇچۇڭ، تۇرپان ئارىلىقلىرىدىكى ئاخباراتلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى.) قاتارلىق 13 ئادەم تەشكىللات قۇرۇپ «ئىسلام ئىچىش» شۇئارى ئاستىدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى ئاممىنى قوزغاشقا كىرىشتۇق.

بىز يەنە مومىن ئاخۇننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ خوجانىيازھاجى



بىلەن ئالاقە باغلىدۇق. شۇكۈنلەردە تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىمىن باينى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈنگە بېرىپ تەشۋىق قىلغىلار دەپ ئاستانىغا ئەۋەتكەن ئىدى. مەن ئۇچاغدا ماشىمىڭنىڭ پىچانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېۋىپلىك قىيات-يىتىم بىلەن ئاتلىق ئاستانىغا بېرىپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆرەشكە كىرسەم، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت مىلتىق ياغلاۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ئاتاڭ قېنى؟ دەپ سوراپ تۇرۇشۇمغا مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ قالدى. مەن ئۇ كىشىدىن ئەھۋال سورىسام، ئۇ كىشى ئەسلىدە ئىمىن باي بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈنگە تەشۋىق قىلىشقا ئۇچۇن كېتىۋاتقاندا، يولدا ئىبراھىم دورغا باشچىلىقىدا بىرتوپ خەلق ئۇچراپ مېنى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىپ بەرگىن دەپ تەلەپ قىلدى، مەن ئۇلارغا ئېنىق جاۋاپ بەرمىدىم، ھازىر ئۇلار ماشىمىڭنى قايتۇرۇپ كېلىمىز دەپ قالدى. مەن ئىمىن باي بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم دىدى.

بۇكۈنى مەھمۇت باي ئائىلە شەجەرلىرى بىلەن ھىساۋات دەپتەرلىرىنى ماگا ساقلاپ قويۇشقا تاپشۇردى، يەنە بىر دانە تاپانچا بەردى. مەن بۇ نەرسىلەرنى تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ يوشۇرغاندىن كېيىن ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە سالامغا باردىم. ئاخۇن مېنى كورۇپلا: «بۇگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سەن بىلەن ئىككىمىزنى ئاستانىغا بېرىپ خەلقنى باندىتلارغا قوشۇلماڭلا دەپ تەشۋىق قىلغىلار دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىمىز ئاستانىغا بارايلى» دىدى.

ئەتىسى بىز ئىككىمىز ئاستانىغا بېرىپ توختى ھاجىنىڭ (ھازىر مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەھمەت ۋاجىننىڭ ئاتىسى) ئۆيىگە چۈشتۇق. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى

مەخمۇت باي (بۇ ئادەم شۇچاغدىلا روسچە بىلىدىغان زىيالىي ئىدى.) بىزنى كورۇپلا يىغلاپ تۇرۇپ «ئىسلام دىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەممىمىز ئورتاق كۈچ چىقىرايلى!» دېدى. ئاخۇنۇم باشلىق بىر قانچىمىز، يىغلىمىسىلا، ھەممىمىز ئىسلام ئۈچۈن ئىشلەشنى خالايمىز دېدۇق. ئاندىن ئۇ بىزگە: تۇرپان ئامبىلى شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن ھىسامىدىن (زىبەر ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى) غا 70 تال مىلتىق بېرىپتۇ. بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلساق، شەھەر ئىچىدىن ھىسامىدىن بىزگە ماسلىشىدۇ. مۇنداق بولغاندا تۇرپاننى ئاسانلا ئىشغال قىلالايمىز. شۇڭا مەن ھازىر باي ئەزىز، ئابدۇ قادىر داموللا بىلەن تۇرپانغا ماڭىمەن. قالغان ئادەملەر ئەتە ئەتىگەن چوقۇم يېتىپ بېرىشى كېرەك. بىز شەھەر ئىچىدىن سىلەرگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلساق، تۇرپان يېڭى شەھەرنى ئېلىۋالالايمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن يوقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈچ كىشى يەنە تۇرپانغا ماڭدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە قوزغولاڭچىلار كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدى، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق. كېيىن مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ئاتلىنىپ بۇلىيۇققا بارساق تاياق توقماق كوتەرگەن خەلق ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتۇق، بىز ئۇلاردىن بۈگۈن ئەتىگەن نىمە ئۈچۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدىڭلار؟ دەپ سورىساق ئۇلار دېدىكى: موسۇلباي ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ، تۇرپاننى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار تامامەن يېڭى قورال بىلەن قوراللانغان (بۇقوراللارنى بۇرھان شەھىدى ئەنگلىيىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن) ئالدى بىلەن شۇلارنى توساپ يىغىشتۇرىۋېتىڭلار دېدى. شۇڭا بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدۇق. بىز ئەمدى كىنىدىككە مېڭىشقا



تەييارلىق كورۈۋاتىمىز دېيىشتى.

قوزغولاڭچىلار كىنىدىككە يېتىپ بارغاندا، ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقانلار تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئەمما گۇچۇڭدىن بىر باتالىيون ھوكۇمەت ئەسكىرى كېلىپ تۇرپان شاپتۇللۇققا ئورۇنلاشقان ئىكەن، مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن شاپتۇللۇققا بارساق قاتتىق ئۇرۇش بولىۋېتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ چىقىم تارتىپتۇ. ماشىڭنىڭ بىر بۆلۈك ئادىمى ئاستانىغا قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

بىز مەھمۇت مۇھىتى، ماشىڭلار مەسلىھەتلىشىپ تۇرپان يېڭىشەھەرگە قايتىپ كېتىۋاتساق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا خەلقلەر كوزىيىشى قىلىپ ئامەن دەپ نۇسرەت تىلەشتى، بىز شەھەرگە يېقىنلاپ بېرىپ 70 تال قورالنى ئېلىپ ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق، چۈشكە قالمايلا شەھەرنى ئىگەللىدۇق.

## تۇرپان ئۇرۇشى

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن گۇچۇڭدىن كەلگەن قوشۇن ئۇ كۈنى بىرلىشىپ تۇرپان كونا شەھەرگە كىرىپ، ئەتەسى تاڭ يورىغاندا يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، مەھمۇت باي ۋە ماشىڭلار مەسلىھەتلىشىپ قەتئىي قارشى تۇرماقچى بولدۇق. ئولسەك شېھىت، قالساق غازى دەپ شۇكېچىسى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقماقچى بولۇپ شەرقىي دەرۋازىدىن چىقىشىمىزغا ھىسامىدىنغا ئوق تەگدى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن چوڭ قوشۇن بىلەن ماداخەنزە قوشۇنلىرىغا

قارشى بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش قىلىشۋاتقىنىمىزدا لەمجىن تەرەپتىن قوللىرىغا تاياق - توقماق كۆتەرگەن ئۇرغۇن ئادەم ياردەمگە كەلدى. ماداخەنزە بۇئەھۋالنى كورۇپ قاچماقچى بولدى. 50 هارۋىغا قۇرال - ياراقلىرىنى بېسىپ قېچىپ يارغولغا كەلگەندە قوزغولاڭچى ئامما ئۇلارنى توساپ ئولجا ئالدى. ساندۇقلارغا قاچىلانغان ئوق دورىلارنى چوڭ مېچىتكە تىزىپ قويدۇق. بەزەن ساندۇقلاردا يۇمىلاق بىرنەرسىلەر قاچىلانغان ئىكەن. ئۇنەرسىلەرنىڭ نېمىلىگىنى، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەن بىرنەچچە تىجارەتچىلەردىن بۇنەرسىلەرنىڭ نېمىلىگىنى سورىسام ئۇلارماڭا، بۇنەرسىلەرنىڭ قول بومبىسى ئىكەنلىگىنى، قالايمىقان ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىپ قويىدىغان بولسا پارتلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز دۈشمەننىڭ يېڭىشەھەرگە قىلغان مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. كونا شەھەردە ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى پىلىموت بىلەن بىزگە ھە دەپ ئوق ياغدۇراتتى. دەرۋازىغا يېقىنلاپ بارغىلى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرەدىن بىر چارە دەرۋازىغا ئوت قويۇش ئىدى. شۇيەردىلا كىشىلەر ئوزلىرىنى مەلۇم قىلىپ كىرىسىن تۇڭلىرىنى كوتۇرۇپ شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىرسى ئولسە ئون ئادەم تەييار بولاتتى. پىلىموت ئوقى ئاستىدا كوپ ئادەم ئولگەنلىگىگە قارىماي ئاخىرى دەرۋازىغا ئوت قويدۇق. ئوت يالقۇنلىرى ئاسمان پەلەككە كوتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ماداخەنزە ( شىڭشىسەي چوچەكتىن يوتكەپ كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىگى —— ) ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. بىر ئازدىن كېيىن ماداخەنزە نەچچە ئادەمنى



ئەگەشتۈرۈپ سېپىل ئىچىدىن چىقتى. بىز تەرەپمۇ نەچچە ۋەكىل ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئوز ئارا سوزلەشتى. بىر مەچىت ئىچىدە تەنپەن يۈرگۈزدى. تەنپەندە: ① ماداخەنزە قۇرال تاپشۇرۇش؛ ② قوزغولاڭچى ئامما تۇرپان كوناشەھەرگە كىرمەسلىك؛ ③ ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. نەتىجىدە ماداخەنزە قۇرال تاپشۇردى. بىزنىڭ تەجرىبىمىز بولمىغانلىقتىن، ئۇلار قانچىلىك تاپشۇرغان بولسا، بىز شۇنىڭغا قانائەت قىلدۇق. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئوتكەندە، قوللىرىغا تاياق - توخماق كوتەرگەن ئون نەچچە ئادەم كونا شەھەرگە كىرىپ 6 - 7 چوشقىنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ توغرىدا ماداخەنزە نارازىلىق بىلدۈردى. مەھمۇت باي توختامغا ئەمەل قىلىپ كوناشەھەرگە كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلارنى باغلاتتۇرۇپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغان بولدى.

بۇ چاغدا ئاستانە تەرەپتىن: پىچانندىكى ئوروس ئەسكەرلىرى تۇرپانغا كېلىۋېتىپتۇ دەيدىغان خەۋەر كەلدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇخەۋەرنى ئاڭلاپلا تومۇر ھاجىغا بىرقانچە يۈز ئادەم بىلەن بېرىپ توساپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

شۇچاغدا ھاپىز ھاجى بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلدى. خەتتە شۇن لۇيجاڭ توشقان بۇلاقتا كەلگەندە قوزغولاڭچى خەلق توساپ قويدى، ماشىنىسىنىڭ رادىئاتورى ( سۇ قاچىسى ) توڭلاپ قاپتۇ، ئون نەچچە ھارۋا ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن دېيىلگەن ئىكەن. شۇن لۇيجاڭ دېگەن جاللات ئاخىرى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپتۇ! دەپ شۇ ئانىلا بىر دانە ماشىنا بىلەن 20 نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ شۇن لۇيجاڭنى تۇتتۇرۇپ كەلدۇق.

بىركېچە ئۇنى ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىدە ساقلاپ ئەتتىسى ئامىنغا تاپشۇرۇپ بېرىۋىدۇق، ئامما ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، بىز يەنە ۋۇداچىلىك دېگەن بىر كاتىپىمىز تۇتقان ئىدۇق ئۇنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

بۇ چاغلاردا ماشىمىلىك سىجاڭ، مەھمۇت مۇھىتى مۇئاۋىن سىجاڭ ئىدى. (ئۇزلىرى قويۇپ ئاتىۋالغان ئىسىم) بۇ ئىككى سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پىچانغا ھۇجۇم قىلدى. مەن 7 نەپەر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىمىلىك بىلەن بىرلىكتە پىچاندا ئۇرۇشقا قاتناشتىم. مەن نېمە ئۈچۈن ماشىمىلىك بىلەن بىللە بولىمەن؟ چۈنكى مەھمۇت سىجاڭ، ماشىمىڭنى گەنسۇغا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بىر ئاز ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەركەتلىرىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن مېنى قوشۇپ قويغان ئىدى. ماشىمىلىك قوشۇنلىرى پىچانغا بېرىپ شەرقى يولغا (قۇمول يولغا) ئورۇنلىشۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇكۈنى لۈكچۈندىن تايىپ باشچىلىقىدا نەچچە يۈز ئادەم ياردەمگە كەلدى، شۇكۈنى كېچىسى مەھمۇت سىجاڭ چۈشكۈن قىلغان جايغا كېلىپ ئۇرۇش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقسام، كېچىدە ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولىۋاتقان ئىكەن. شۇڭا مەن قايتىپ كېتەلمەي بىركېچە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى سەھەردە ماشىمىلىك تۇرغان جايغا قايتىپ بارسام قۇمۇل يولى تەرەپتىن بىر ھارۋا كەلدى. ماشىمىلىك ھارۋىنى كورۇپلا ئويىدىن چىقىپ تاپانچا بىلەن ئېچى ئاتنى ئېتىپ تاشلىدى. ھارۋىدىن ئۈچ ئادەم چۈشتى. ئۇنىڭ بىرسى ناسىر بەگ (ئازاتلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باشلىق بولغان ناسىر بەگ) ئىككىنچىسى نۇربەگ (خېيدىڭباڭ دەپمۇ ئاتايتتى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن خوتەنگە ۋالى بولغان).



ئۈچىنچىسى مامۇت بەگ (ئۈرۈمچىلىك). بۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپلا قېچىپ كەتتى. كېيىن بىلسەك بۇ ئۈچ ئادەمنى شىڭشىسەي تەرجىمان قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە ئەۋەتىپ بارغان ئىكەن.

ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلماقتا. شىڭشىسەينىڭ قۇمۇلدىن قايتقان ئەسكەرلىرى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا ئېتىلغان ئوق خۇددى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ تۇردى. شىڭشىسەي قىسىملىرى بىردانە تۆمۈر كۆككىنى (زىرھلىق ئاپتوموبىل) ئىشقا سېلىپ پىلىموت قويۇپ نۇرغۇن ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى ۋە يارىدار قىلدى. مېنىڭ يەتتە ئادىمىمدىن ئاران بىرسى قالدى. ئابلا رەئىس ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى. تۆمۈر باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز ئادەم ئۆلۈپ تۈگىدى. تۆمۈرنىڭ ئورۇنباسارى تۇرسۇن ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاتلىنىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ؛ دۈشمەن ئەسكەرلىرى، كۆپلەپ كەتتى قاچماساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ دېدى. مەن شۇئانلا ئابدۇقادىر داموللىنى ئېلىپ ماشىمىلىك تۇرغان يەرگە بارساق بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن ئىكەن. بىزمۇ قېچىپ يول ئۈستىدە ماشىمىڭغا يېتىشىۋالدۇق. بۇچاغدا تۇرپان تەرەپتىن بىردانە ماشىنا كېلىۋىدى، ماشىمىلىك ئاتنى تاشلاپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تۇرپانغا كەتتى. مەن ئون نەچچە ئادەم بىلەن لەمجىنگە كېلىپ مەھمۇت سىجاڭنى ساقلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن سىجاڭ يېتىپ كەلدى. مېنى كورۇپلا: تۇرپانغا بېرىپ ياردەمگە ئەسكەر باشلاپ كېلىڭلار، مەن قاراغوجا ئېغىزىدا شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى توساپ تۇرىمەن دېدى. شۇڭا مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن تۇرپانغا ماڭدۇق. بىز ئاستانىگە كەلگەندە مەخسۇت بايې بىزدىن مەھمۇت سىجاڭنى سورىدى. بىز سىجاڭنىڭ

ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

مەن تۇرپانغا كېلىپ ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ۋە ماشىمىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەھمۇت سىجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 200 ئادەم بىلەن ئاخۇن تۇەنجاڭنى ئەۋەتتۇق. پىلانىمىزدا ئاخۇن تۇەنجاڭ ئالدى بىلەن لەمجىنگە بېرىپ ئاندىن كەينىگە يېنىپ ئېغىمىزغا ھۇجۇم قىلماقچى. مەھمۇت سىجاڭ ۋە قۇربان سەئىدى باشچىلىقىدىكى قىسىملار ئېغىزنى توساپ شىڭشىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ كۈن ئۇرۇشتى. ئاخۇن تۇەنجاڭ يېتىپ كەلگىچە، ئورۇس ئەسكەرلىرى تاغدىن ئۆتۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇلار پىلىموت قويۇپ ئون نەچچە ئادىمىمىزنى نابۇت قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن قۇربان سەئىدى قىسىملىرى چېكىنىپ توشقان بۇلاققا كېلىۋالدى. مەھمۇت سىجاڭ بىر نەچچە يېقىن ئادەملىرى بىلەن ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ پەيلى بۇزۇق، خورىكى ئۈستۈن، شۇڭا توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە كېتىمەن دېدى.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش

شۇ كۈنى كەچتە ماشىمىلىك مېنى چاقىرتىپ، ئون نەچچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ قۇمۇل يولىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ ئالدى تەرىپىدە لەخمە كولاپ ئۈستىگە شۇپۇر تاشلاپ، دۈشمەننىڭ تۆمۈر كۆككىسى ئۆتەلمەيدىغان قىلىپ كولاڭلار دەپ بۇيرۇدى. مەن ئون نەچچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ، يەر توڭ بولغانلىقتىن لەخمە كولىيالمىدۇق. ئامالسىز قايتىپ كەلدىم، ئەتىسى ئابدۇقادىر ھامۇللا مېنى ھەمدۇللا ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىڭ دېدى. مەن



ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاپامنى ۋە خوتۇن بالىلىرىمنى پاقا بۇلاق تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆيدىكى مىلتىقنى ئېلىپ ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. شۇ كۈنى شىڭشىسەي ئايروپىلان ئەۋەتىپ تۇرپان يېڭى شەھەرنى بومباردىمان قىلدى. شۇڭا ھەمدۇللا ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە پاقا بۇلاق تەرەپكە قاچتۇق. پاقا بۇلاقتا بىر كىراكەشنى تېپىپ ئاپام بىلەن ئايالىمنى، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئاپىرىپ قويۇشقا كىرا قىلىۋېتىپ ئۆزەم توقسۇنغا باردىم. مەن تاھىر بەگ، پالتاخۇن دېگەنلەر بىلەن توقسۇنغا بارغىنىمىزدا ماشىمىلىك قېچىپ كۆمۈشكە يېتىپ بارغان ئىدى. توقسۇنلۇق توختى تۇەنجاڭ بولسا ئۆز ئادەملىرى بىلەن توقسۇن خودۇڭ رايونىنىڭ قارا بۇلاق دېگەن يېرىدە شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىۋاتقان ئىكەن. بىز ماشىمىلىك، مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئادەملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتۇق. يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ بۇ ئۇرۇشتا توختى تۇەنجاڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، شىڭشىسەينىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

بىز قارا شەھەرگە بېرىپ ماجۇڭيىڭنى قايتا تەكلىپ قىلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ مەۋسۇلباي (مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاكىسى) بىلەن ۋاڭ نىيازنى (خۇيزۇ) كورلا ئارقىلىق دۇڭخاڭغا ئەۋەتتۇق. جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مەن بىلەن يۇنۇس بەگ، كىچىك ئاخۇن ئۈچىمىزنى كۇچارغا ئەۋەتتى. بىز ئۈچىمىز بۈگۈرگە يېتىپ بارغاندا، كۇچاردا تۆمۈر ئىسلى ۋە ھادى ئەلەم (شايارلىق) ئادەملەر باشچىلىقىدىكى قوزغولاڭچى ئامما كۇچارغا ھۇجۇم قىلىپ مۇھاسىرە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. كۇچاردا ئەسلىدە چوگراق دورا ئىسكىلاتى بار ئىدى. ئەمما

شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، كۇچاردىكى ھەربىي ـ مەمۇرى ئەمەلدارلار
دورىخانا ئۈگۈزىسىگە چىقىپ بىر ئادەمگە ئوق ئېتىشنى بۇيرۇپ
دورىنى پارتلىتىدۇ. گۈلدۈرلىگەن دورا ئاۋازى يەر جاھاننى
تىترىتىدۇ. پۈتۈن شەھەرنى ئىس تۇمان قاپلايدۇ. بىز بۇ ئەھـ
ۋالنى بۇگۈرده تۇرۇپ ئاڭلىدۇق. بىز كۇچارغا يېتىپ بارساق،
تومۇر تۇەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا كەتكەن ئىكەن.
بىز كۇچار، شايار، توقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەشۋىق قىلىپ،
ۋەزىيىتىمىز ئاخىرلاشقاندا قارا شەھەرگە قايتىپ كېتەيلى دەپ
تۇرساق، كۇچارلىق ئىسلامباي، ھېلىم ھاجى دېگەنلەر بىزنى
تۇساپ، ئاقسۇدىن كەلگەن خەۋەردە تومۇر تۇنجاڭ بىلەن ماـ
لۇيجاڭنىڭ ئارىسى بىر ئاز بۇزۇلۇپ قاپتۇ. سىلەر بىرىپ ئىتـ
تىپاقلاشتۇرۇپ تۈزەپ قويۇڭلار دېدى. شۇ سەۋەپتىن بىز قارا
شەھەرگە قايتماستىن ئاقسۇغا بارماقچى بولدۇق. بىز ئاقسۇ
كونا شەھەرگە يېتىپ بىرىپ تومۇر تۇەنجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق،
ئۇ كىشى بىزگە مۇنداق دېدى: ما لۇيجاڭ كومۇشتە دەن ئاچىدىغان
دەنجوا، ئوزىنى ـ ئوزى لۇيجاڭ دەپ ئاتىۋېلىپ ئادەم ياراتمايـ
دىغان بولىۋالدى. ئۇنىڭ يېپ دارىن، ئېو دارىن، سەن دارىن
دەپ ئۈچ ئىنىسى بار. ئۇرۇش دىسە يىراق قاچىدۇ، ئولىجا
ئېلىشقا كەلگەندە ھەممىدىن جىق ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇكىپسىلىنىـ
ئۈزەتمىسەم بولمايدۇ دېدى. بىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈنۈس
بەگ، كىچىك ئاخۇن ئۈچىمىز ئاسوققا (يېڭى شەھەرگە) چىقىپ
ما لۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ
ئىككىسىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويدۇق. بىز تومۇر ئېلىنى ئاسوققا
باشلاپ چىقىپ، مالۇيجاڭ بېسىۋالغان قورال ـ ياراق، ئوق ـ



دورىلاردىن بىر قىسمىنى ئېلىپ بەردۇق. تومۇر ئېلى قورال
ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئالدىنقى سەپكە بىرىپ ئۇرۇشقا قومانـ
دانلىق قىلدى. مارالۋېشى ئۇمشۇقتا قەشقەردىن كەلگەن مادوتەي
ئەسكەرلىرى بىلەن 40 نەچچە كۈن سوقۇش قىلدى. تومۇر ئېلى
بىلەن مالۇيجاڭ ئىككىسى مىنى ئارقاسەپ تەمىنات خىزمىتىنى
ئىشلەشكە تەيىنلىدى. شۇڭا مەن ئاقسۇدا ھەربىي كىيىم ۋە ئىگەـ
توقۇم ياسىتىش بىلەن بولدۇم. يۈنۈس بەگ بىلەن كىچىك
ئاخۇن ئىككىسى قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە كەتتى.

مەن قارا شەھەردىكى ماشىمىڭغا بىر پارچە خەت يازدىم.
مەزمۇنى مالۇيجاڭ تومۇر ئېلىنى كوزدىكە ئىلماي نەتىجىدە ئىكـ
كىسىنىڭ ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپتۇ. بۇنداق بولىشى
ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىسىز. شۇڭا ئىچكى ئۆلكىدىن چىققان
خۇيزۇلاردىن ئېۋەتىپ مالۇيجاڭغا بىرئاز بېسىم ئىشلەتكەن بولـ
سىڭىز ياخشى بولاتتى دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭ خېتىمگە
ئاساسەن ماجەنچاڭ ئىسمىلىك ياشراق بىرسىنى بىر قىسىم
ئادەم بىلەن ئېۋەتتى، ئۇ كىشى مارالۋېشىغا يېتىپ كېلىپلا ئۇرۇشقا
قاتناشتى. ماجەنچاڭ ئاقسۇغا كەلگەندە مەن ئاقسۇ كوناشەھەر
ھاكىمى ئايۇپ بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈشتۇم. ماجەنساڭمۇ مېنىڭ
ئارقاسەپ تەمىنات خىزمىتى ئىشلەۋاتقانلىقىمغا قوشۇلدى.

مارالۋېشى ئۇمشۇقتا 40 نەچچە كۈن جەڭ قىلغان تومۇر
ئېلى غەلىبە قىلدى. يالڭچىمەن ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ قەشقەرگە
قاراپ قاچتى. مەن ئاقسۇدىن قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا تومۇر
ئېلى سىلىڭ بولۇپ قەشقەر كونا شەھەرگە جايلاشقان ئىكەن.
يۈنۈس بەگ قەشقەرگە ۋالى بولۇپتۇ. يەنە بىر مانىسلىق خۇيزۇ

ئورۇنباسار ۋالىي بولۇپتۇ. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) بولۇپتۇ. مازىخۇي (ماجەنچاڭ) قەشقەر يېڭىشەرگە جايلاشقان ئىكەن. مەن بېرىپ كۆرۈشكەندە ئۇ، ماڭا تۆمۈر ئېلى سىلىڭ بولغاندىن بۇيان مەن بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلمايدۇ، دەپ نارازىلىق سۆزلەرنى قىلدى.

## قەشقەردە

مېنىڭ بىلىشىمچە قەشقەردە 4 خىل كۈچ بار ئىدى: ① تۆمۈر سىلىڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ② ماجەنچاڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ③ ئوسمان سىجاڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ④ ئۆزبېك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچلەردىن ئىبارەت.

قەشقەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەرلىق ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئابدۇرەيىم بايۋەتچە دىگەنلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلىشىۋالغان ئىكەن. مەن قەشقەرگە بارغان ھامان مېنى يەركەنگە بۇيرىدى. يەكەندە تۆمۈر سىلىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن ھاپىز لۈيجاڭ بار ئىدى. شامەنسۇرمۇ شۇ يەردە ئىكەن. ئۇچاغدا يەركەنگە ھامىتخان خوجا دىگەن كىشى شەنجاڭ ئىدى.

شامەنسۇر دىگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ بۇ قانداق ئادەمدۇر دەپ ھەيران بولدۇم. مەن يەكەنگە بارسام شامەنسۇر دىگەن كىشى كېلىپ مەن بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭ كونا ئاغىنەم ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇ ئەسلىدە ئابدۇللا ئىسمىلىك



جورىگەر بولۇپ تۇرپاندا بىللە تىبابەتچىلىك قىلغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن خاتىرجەم يەكەندە تۇرۇپ قالدىم. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە شامەنسۇر، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار خوتەن قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەرگە تۆمۈر سىجاڭنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى. ئۇلار ئاساسەن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن بارغان ئىدى. بۇ مەسىلىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرالمىدىلا ئەمەس، ئەكسىنچە توقۇنۇش پەيدا بولۇپ تۆمۈر سىجاڭ، خوتەن قىسىملىرىنى قۇرالسىزلاندۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەنلىكلەر تۆمۈر سىجاڭغا ئىتائەت قىلمىدى. ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى.

تۆمۈر سىجاڭ، سېتىۋالدىجان پولكى بىلەن ھاپىز لۈيجاڭغا خوتەنگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ ۋاقىتلاردا تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئابدۇقادىر مۇختەرنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئەكىلىش ئۈچۈن كۇچارغا كەتكەن ئىدى. قەشقەر كونىشەھەردە ھامۇتخان لۈيجاڭنىڭ بىر لۈي ئەسكىرىلا قالغان ئىدى. شۇنداق ۋاقىتتا ئوسمان سىجاڭ يۈز ئورۇپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاققا چىقىپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭ ھامۇتخان لۈيجاڭغا ئوسمان سىجاڭنى قوغلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. قىرغىزلار ئاللىقاچان تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى تۆمۈر سىجاڭ كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ لەڭگەرگە چىقىپ ئورۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قەشقەر كونىشەھەرگە قايتىپ كېلى-

ۋاتقاندا يول ئۈستىدە ماجەنچاڭ ئېۋەتكەن كاڭمازا باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەرگە ئۇچراپتۇ. تومۇر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ مەزكۇر پولكنىڭ تۇەنجاڭىنى ۋاقتىدا كەلمىدىڭلار دەپ ئېيىپلاپتۇ. تۇڭگان ئەسكەرلىرى شۇ يەردە ئوق چىقىرىپ تومۇر سىجاڭ ۋە باشقا مەرھۇملارنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ھەمدە تومۇر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. ( كاڭ مازا قارا شەھەرلىك خۇيزۇ بولۇپ كېيىن لۈيجاڭ بولغان. ) مەن يەكەندە تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئەسلىدە خوتەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ھاپىز لۈيجاڭ ۋە سىتىۋالدىجان قىسىملىرى كەينىگە قايتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. تومۇر سىجاڭنىڭ قارمىقىدىكى قوشۇنلار كۆرۈنۈشتە قىساس ئال-ماقچى بولۇپ سوقۇش قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قالاتتى. شۇڭا ھەقىقىي يوسۇندا ئۇرۇشقا قاتناشمىدى.

بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار ئاقسۇغا كەلگەن ئىدى. تومۇر سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەردىكى ماجەنچاڭ قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشىۋاتاتتى. بولۇپمۇ سىتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبېك پولكى ئىنتايىن قاتتىق جەڭ قىلدى. قەشقەر كونىشەھەرنى بىر قانچە قېتىم ئىشغال قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» رەسمىي قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئاقسۇدىكى خوجانىياز ھاجى مەھمۇت سىجاڭ قوشۇنلىرىمۇ قەشقەرگە كېلىپ ماجەنچاڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى.



خوجانىياز ھاجى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە رەئىس جۇمھۇرلۇققا تەيىنلەندى. ساۋۇت داموللا باش ۋەزىر ( زۇڭلى ) بولدى. مەھمۇت سىجاڭنىمۇ دولەت مۇداپىئە مىنىس-تىرى دەپ تەيىنلىدى. خوجانىياز ھاجى قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە راسا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى. ھاجى، ئەسكەرلىرىنى قايتىپ كېلىپ ھېيت نامىز ئو-قۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇققا بىنائەن ھەممە ئەسكەر سەپنى بوشىتىپ قايتىپ كەلدى. بۇ پۇرسەتتە ماجەنچاڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان سېپىلىرىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈپ يېڭىشەھەرنى مۇستەھكەملىۋالدى.

بۇ چاغدا مافۇيۈەن قوشۇنلىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلدى. ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرى مارالۋېشى يېزىۋاتلاردا توساپ زەربە بەردى. نەتىجىدە خو-تەن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ مارالۋېشى، يېزىۋاتلارنى تاش-لاپ چېكىندى. مافۇيۈەن قوشۇنلىرى ئىلگىرىلەپ كېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. خوجانىياز ھاجى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرىغا چېكىندى. تۇڭگان قوشۇنلىرى ئاتۇشقىچە قوغلۇشۇپ كېلىپ قات-تىق سوقۇشلار بولدى. ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىپ ھاجىنىڭ يېنىدا ئاران ئون نەچچىلا ئادەم قالغاندا تۇڭگان ئەسكەرلىرى ھاجىنى قوغلاپ بىر ئېقىنغا قاپساپ كې-لىدۇ. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. شۇ چاغدا ھاجى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆز قولى بىلەن دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ خەتەردىن قۇتۇلدى. تۇڭگانلار كەتكەندىن كېيىن خوجانىياز ھاجى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئېركەشتامغا

بېرىپ نەق بىر ئاي تۇردى. بۇ يەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مۇنچە ئادەملەر كېلىپ ساۋۇت داموللىنىڭ « شەرقىي تۇر-كىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرغانلىقىغا نارازىلىق قىلدى. ھەمدە خوجا نىياز ھاجىنى رەئىس جۇمھۇر بولماسلىقىغا لازىم ئىدى دەپ ئەيىپلىدى. بۇ مەسىلىدە خوجانىياز ھاجى خېلىلا « خىجالەت » بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېتلىكلەر ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش تەكلىۋىنى قويدى ھەمدە ئۇرغۇن سوغا تەقدىم قىلىپ شەرەپلىك ئىنئام بەردى.

« شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ دۆلەت بايرىقى مەسىلىسىدە بىر قانچە كۈن مۇنازىرىلىشىپ بىر قىسىم كىشىلەر مۇستەقىل بولۇش، بايراققا ئاي يۇلتۇز بەلگىسى ئور-نىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. يۇنۇس بەگ پىكىر قىلىپ يەر ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىر مەركەزگە تايىنىشىمىز كېرەك. ئۇن-داق قىلمىساق چەتئەل جاھانگىرلىرى بوزەك تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت بايرىقىمىزغا ئاي - يۇلتۇز ئورناتقاندىن تاشقىرى يۇقۇرقى بۇرجىسىغا « كۆك ئاسمان ئاق كۈن » بەلگىسى ( گومىنداڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ بەلگىسى - ت ) ئورنىتىشىمىز لازىم دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ « شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » بايرىقىغا ئاي - يۇلتۇز ئورنىتىپ، دەستىنىڭ ئۇچىغا يېقىن بۇرجىسىغا « ئاق كۈن » بەلگىسى ئورناتماقچى بولدى.

خوجانىياز ھاجى ئەركەشتامدىن يەركەنگە كېلىپ ساۋۇت داموللا، زىرىپ قارىھاجى، سۇلتانجان قاتارلىق ئۈچ كىشىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەھمۇت سىجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇت سىجاڭ غوپۇر تۇەنجاڭغا بۇيرۇق بېرىپ قولغا ئالدى.



سۇلتانجان « شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ باش كاتىۋى بولۇپ پۈتۈن ئىش شۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. سۇلتانجان ئەسلىدە سوۋېت يېرىدىن قېچىپ ئۆتكەن ئۇنسۇر ئىدى. كېيىن ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چەتئەلگە ئۆتۈپ ئەرەب دۆلەتلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. ( سۇلتانجان ئەسلىدە تۈركىيە پۇخراسى ئىدى. تۈركىيە ئۇنى سوۋېت ئىشپىيونى دەپ گۇمانلىنىپ تۈركىيىگە كىرگۈزمىگەن. )

شىڭ شىسەي ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاپ كەلگەندە ئۇلار قەشقەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن خوتەنگە جۇغلاندى. مەن بۇ چاغدا يەكەندە شەنجاڭ ئىدىم. ماشىمىڭ، مافۇيۈەنلەر بىلەن تونۇش بولغۇنۇم ئۈچۈن ئۇلار مېنىڭ داۋاملىق شەنجاڭ بولۇشۇمنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇلار يەكەنگە كەلگەندە خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار مەكىتتە ئىدى. ماشىمىڭ قىسىملىرى مەكىتكە بېرىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇ سوققۇشتا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئادىيوتانتلار باشلىقى نىيازغا ئوق تەگدى. شۇ سەۋەپتىن ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ يەكەن دەرياسى بويلاپ ئاقسۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قېچىپ مارالۋېشى ئەتراپىدىكى شاقۇر دېگەن جايغا بارغاندا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كىيىم - كېچەكلىرىنى يېشىپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندا مافۇيۈەن قىسىملىرى قوغلاپ كېلىپ تۈن نىسپىدە ھۇجۇم قىلدى. خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى ئۇيقۇلۇقتا قورقۇپ كېتىپ قاچتى. مافۇيۈەن قىسىملىرى نۇرغۇن قورال ۋە ياپىلاقلارنى غەنىمەت ئالدى.

خوجانىياز ھاجى ئاقسۇغا بېرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ 1934 - يىلى 5 - ئايلاردىكى

ئىش. لىيۇبىڭ قەشقەردە گارنىزون سىلىڭى بولدى. مەھمۇت سىجاڭ مۇئاۋىن سىلىڭ بولغان ئىدى.

مەھمۇت سىجاڭ مارالبېشىدىكى ۋاقىتتا خوجانىياز ھاجى ئايرۇپىلان بىلەن ئاقسۇدىن كېلىپ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئىككىسى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى. ئايرۇپىلان مارالبېشىغا كېلىپ يەرگە قونۇش ۋاقتىدا بىر ئاز خەتەرگە ئۇچراپ ھاجىنىڭ پۇتى يارىلاندى. مەھمۇت سىجاڭ ھاجىغا ئۈرۈمچىگە بارماڭ دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەگەر بارىدىغان بولسىڭىز ھەممە ئىشىمىز بۇزۇلۇدۇ دېدى. خوجا نىياز ھاجى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. مەھمۇت سىجاڭ مۇئاۋىن سىلىڭ بولۇپ قەشقەر كونىشەھەردە لىيۇبىڭ يېڭىشەھەردە تۇردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى رىبالكىن ئىسىملىك ھەربىي ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ مەھمۇت سىجاڭغا ھەربىي مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىدى. ( بۇ كىشى كېيىن ئاڭلىساق سوۋېت ئىتتىپاقى مەلۇم تانكا جىتۈەنجۇنىڭ گېنېرالى بولغان ) بۇ كىشى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئۆتتى. مەھمۇت سىجاڭ ئۆز ئىستىقبالى توغرىسىدا ئىنتايىن قايغۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچىلا ئادىمى قالغان ئىدى. مەسىلەن ئابلا داموللا نەئىمى ( تۇرپانلىق ) سىجاڭنىڭ پۈتۈن مەخپىي ئالاقىلىرىنى باشقۇراتتى. قۇربان سەئىدى، ( تۇرپانلىق ) ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككى يىل ئوقۇپ كېلىپ لەمەت خەلىپەتنىڭ ئورنىغا سەنمۇچاڭ بولدى. ئىلياس فوگۇەنجاڭ



« ئادىيوتانتلار باشلىقى ) مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئىلياسنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ چەتئەلگە كېتىۋاتقاندا يولدا ئېتىپ تاشلىدى. يۇقۇرقى كىشىلەر ئىچىدە بەزىلىرى تولۇق ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەھمۇت سىجاڭ كۈن ئۆتكۈزمەكنىڭ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ يەنە بەزەن ھەركەتلەرنىمۇ قىلاتتى. قەشقەر شەھەر كوچىلىرىدا دايىم دېگىدەك سوۋېتكە قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىپ تۇراتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەس كىشى بولۇپ تەكشۈرۈشكە ئادەم ئاجرىتاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەرەقىلەرنى ئابلا داموللىغا ئۆزى بۇيرۇپ قىلدۇراتتى.

## ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن ئابدۇغوپۇر داموللا بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەشۋىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مەھمۇت سىجاڭ ئۇ كىشىنى شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كەلگەن خەۋىپلىك ئۇنسۇر دەپ قاراپ يوقۇتىۋەتمەكچى بولدى. شۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ئابدۇغوپۇر داموللىنى 2 - قېتىم ئۈرۈمچىگە قىچقارتىپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئابدۇغوپۇر داموللا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەندە، سىجاڭ مەخسەتلىك ھالدا كۈندۈزى كورۈشمەي كەچقۇرۇنلىقى كورۈشمەكچى بولدى. شۇ ئاخشىمى ئابدۇغوپۇر داموللا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن

كورۇشۇپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ تۆمەن دەرياسى كوۋرۈكىگە كەلگەندە سىجاڭ تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان 2 ئادەم كوۋرۈك ئاستىدىن چىقىپ پىچاق بىلەن ئابدۇغوپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئابلا داموللا مېنى ئويغۇتۇپ، بۈگۈن كېچە تۆمەن دەرياسى كوۋرۈكىدە ئابدۇغوپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ دېدى. مەن ياتاقتىن چىقسام قۇربان سەئىدى كەلدى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇ ئاندىلا ماڭا بىر پولك ئەسكەر چىقىرىپ چارلاپ قاتىللارنى تۇتۇڭلار دېدى. مەن ئۇ چاغدا ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. بۇيرۇققا بىنائەن بىر پولك ئەسكەر چىقىرىپ چارلاش يۈرگۈزگەن بولسامۇ قاتىللارنى قولغا چۈشۈرەلمىدۇق. ئەتىسى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەھمۇت سىجاڭ مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەھمۇت سىجاڭنىڭ مومىن ئاخۇن دەپ بىر ئىشەنچلىك ئادىمى بار ئىدى. بۇ ئادەم سودىگەرچىلىك قىلاتتى. بۇ ئادەم ئەسكى چاپان كىيىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا ئادەتتە ئۇ كىشىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ ئادەمنى نەنجىڭگە ئەۋەتكەن ئىدى. مومىن ئاخۇن خوتەن، كېرىيە، دۆڭخاڭ ئارقىلىق قەلەندەر شەكلىدە نەنجىڭگە يېتىپ بېرىپ ئەيسا بەگ، مەسئۇت سەبرى قاتارلىقلارنى تېپىپ، ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭ باشلىقلىرى بىلەن كورۇشۇپتۇ. گومىنداڭ مەركىزى ئۇ كىشىنىڭ دوكلادىنى ئاڭلاپ بىر مۇنچە يوليۇرۇق بەرگەندىن كېيىن يول خىراجىتى بېرىپتۇ. بۇ كىشى مىڭ تاختىدەك چاي ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىپ قومۇلغا كەلگەندە يولۋاس بۇ ئادەمنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بېرىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى قەشقەرگە كەلگەندە مومىن ئاخۇننى نەنجىڭگە ئەۋەتكەن مەسىلىنى تەنقىدى تەلەپپۇز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىجاڭ بۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن قايتا سادىر قىلماسلىق كېرەك! دەيدۇ. مەھمۇت سىجاڭ بۇ سۆزگە ھېچقانداق سۆز قىلمايدۇ. كېيىن مەھمۇت سىجاڭ ئىمىن داموللىنى نەنجىڭگە ئەۋەتتى. بۇ ئادەم نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، چۆللەردە يول تاپالماي كەلگەن يولى بىلەن نەنجىڭگە قايتىپ كەتكەن ئىدى.

شىڭ شىسەي مەھمۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ نۇرغۇن قېتىم تېلېگرامما ئەۋەتتى. مەھمۇت سىجاڭ كورۈنۈشتە بېرىشقا تەييارلىق كورسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھىندىستانغا قېچىش تەييارلىقىنى كورەتتى. ئۇ قۇربان سەئىدىگە ھىندىستانغا قېچىش پىلانىنى ئېيتقاندا: بىز ئورنىمىزدىن قوزغالمايلى، چەتكە چىققان بىلەنمۇ ھېچقانداق مەخسەتكە يېتەلمەيمىز، چەتتە سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتىن باشقا ئىش يوق دەپ قوشۇلمىدى. شۇڭا سىجاڭ چەتكە قېچىش پىلانىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويدى.

## ھىندىستانغا قېچىش

كېيىنچە مەھمۇت سىجاڭ ۋەزىيەتنىڭ بارغانچە چىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۈپ قۇربان سەئىدى سەنمۇجاڭغا تويدۇرماستىن، 2 - قېتىملىق قېچىش پىلانى تۈزدى.

مەھمۇت سىجاڭ تۇرپاندىكى بىر كارىزنى 400 سەر

ئالتۇنغا ساتتى. يەنە باشقا نەرسە كېرەكلىرىنى سېتىشتۇرۇپ، جەمى 800 سەر ئالتۇن تەييارلىدى. بۇنىڭدىن 400 سەر ئالتۇننى ئابدۇقادىر داموللىغا تاپشۇرۇپ چەتئەلگە ئوتكۇزمەكچى بولۇۋىدى، يول ئۇستىدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىر قىلىنىپ كەتتى. قالغان 400 سەر ئالتۇننى قاچقاندا بىللە ئېلىپ ماڭدۇق.

بىز پىلانىمىز بويىچە 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يولغا چىقتۇق. مېڭىش ئالدىدا ياقۇپ تۇەنفۇ ( پوەپول-كوۋنىك ) غا پولكوۋنىك قۇربان نىيازنى ئېتىۋېتىشقا بۇيرۇق قىلدۇق. ( ياقۇپ تۇەنفۇ، شايارلىق ) نەتىجىدە بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى ( پۇتىدىن ياردار قىلدى ).

مەھمۇت سىجاڭ يەكەنگە بېرىپ ماخۇسەن قىسىملىرىغا: مەن شىڭ شىسەي بىلەن بۇزۇلۇشۇپ قايتىپ چىقتىم، خوتەنگە بېرىپ ماخۇسەن بىلەن كورۇشىمەن دەپ نەچچە پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. بۇ خەتنى كورگەن ماخۇسەن قىسىملىرى ھەيران بولدى ھەمدە خوشال بولدى. شۇڭا ئۇلار مەھمۇت سىجاڭ كەلگىدەك دەپ ئورتەڭ - ئورتەڭلەرگە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، قارشى ئېلىش تەييارلىقى كوردى. شۇنداق قىلىپ لاداق يولى بوش قالغان ئىدى.

بىز قېچىپ لاداققا باردۇق. توختى ھاجى ئوردو تىلى بىلگەچكە تەرجىمانلىق قىلاتتى. لاداقتىن 8 كۈن يۈرۈپ كەشمىرگە باردۇق. ئۇ يەردە خېلى جىق تىجارەتچى ئۇيغۇرلار بار ئىكەن. كەشمىردە تۇرۇشلۇق ئېنگلىزلار رەسمىيەت ئوتەپ



قۇراللىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالدى. مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئابلا داموللا ئىككىسى كالكوتتىغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن كورۇشۇپ پاسپورت تەلەپ قىلىپتۇ.

مەھمۇت سىجاڭ ماڭا 100 دانە تىللا بېرىپ نەنجىڭگە ئەۋەتتى. مەن كالكوتتىغا بېرىپ كونسۇلخانىدىن يول خېتى ئېلىپ بىر ياپون پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ ئارقىلىق نەنجىڭگە باردىم. مەسئۇت، ئەيسالار شۇ يەردە، مەسئۇت مەركىزى ھوكۇمەت ئەزاسى، ئەيسا قانۇن تۇزۇش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىسىدا 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جياڭ جيېشى بىلەن كورۇشۇپ 15 مىنۇتچە سوزلەشتىم. مەن ئۇچ تۇرلۇك تەلەپ قويدۇم، ① بىز ماخۇسەنگە ئىشەنمەيمىز؛ ② شىڭ شىسەي سوۋېت تەرەپ بولۇپ كەتتى؛ ③ بىزگە قورال بەرسۇن، شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ شىڭ شىسەينى يوقىتىپ كېتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. جياڭ جيېشى ماڭا: سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ھازىر جۇڭگو - سوۋېت ئوز - ئارا ھوجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەگەر شىڭ شىسەينى يوقىتىسەك جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن. ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرى. قالغان ئىشلارنى چىڭ لىفۇ بىلەن سوزلىشىڭلار، مەن تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىمەن دېدى. مەن چىڭ لىفۇ بىلەن كورۇشكەندە ئۇ ماڭا: ئاۋال ياڭ زېڭشىننى ئەسكى دېدىڭلار، كېيىن جىن شۇرېننى ئەسكى دېدىڭلار، ئەمدى شىڭ - شىسەينى يامان دېسەڭلار، سىلەرگە مەن ئاسماندىن پەرىشتە

ئەكىلىپ قىلىپ رەئىس قىلىپ بېرەتتىمۇ؟ دىگەندەك بىر مۇنچە قۇلاققا ياقمايدىغان سوزلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە سوزلەپ: يېقىندا شىنجاڭغا بارىمەن. مېنىڭ ئالدىدا يەنە بىر كورىشەيلى دىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئوتمەي چىڭ لىفۇ شىنجاڭغا كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىڭ شىسەيىنى چىڭ لىفۇنىڭ ئادىمى دەپ تونۇيمەن.

بۇ ئەھۋاللارنى خەت ئارقىلىق مەمۇت سىجاڭغا دوكلات قىلدىم. مەمۇت سىجاڭ مېنى شاڭخەيگە كېلىپ چەتئەل كونسىيەلىرىگە بېرىپ تۇرۇشۇمنى تاپشۇردى. مەن شاڭخەيگە بېرىشقا تەييارلىق كورۇۋاتسام مەسئوت ئەيسالارمۇ بىللە بارىمىز دىدى. ئەيسا بەگ قانۇن تۇزۇش پالاتاسىدىن بىر دانە ئاپتوموبىل ھەل قىلغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە باردۇق. ئەيسا بىر ھەپتە تۇرۇپ قايتىپ كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم.

مەن نەنجىڭگە كەلگەندىن كېيىن مەمۇت سىجاڭ مايىت تۇەنجاڭ ( توخسۇنلۇق ) ئابدۇللا داموللا، باۋۇدۇن ھاجى قاتارلىقلار بىرلىكتە ھەرەمگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن تۇركىيىگە بېرىپ يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن.

ئۇ چاغلاردا ھىندىستانلىقلار ھەمىشە نامايىش قىلىپ ئەنگلىيە ھوكۇمىتىگە قارشى تۇراتتى. مەمۇت سىجاڭغا ئەگىشىپ چىققانلار بىكار يېتىپ زىرىكىپ، نەچچە ئېغىز ئوردوچە گەپ - سوزلەرنى ئوگۇنىۋېلىپ نامايىشلارغا قاتنىشىپ ھىندىستانلىقلارغا قولۇڭلارغا كالتەك ئېلىپ نامايىش قىلىڭلار دەپ ئوگەتكەن ئىكەن، ھىندىلار بۇ گەپتىن خېلى تەسىرلىنىپتۇ، ئېنگلىز ھوكۇ-



مىتى بۇنى سىزىۋېلىپ مەمۇت سىجاڭ كەلگەن ھامان قولغا ئېلىپ 27 كۇن قاماپ قويىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھوكۇمەت تەرەپ 3 كۇن ئىچىدە كېتىشىمىزنى ئۇختۇرۇش قىلدى. شۇ سەۋەپتىن بىز ھىندىستاندا تۇرالمىدۇق.

## جۇڭگوغا قايتىش

مەمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى قاتارلىق توت كىشى كالكۇتتىغا كېلىپ ياپونىيىنىڭ سودا پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە كەتتى. شاڭخەيدە ئۇچ كۇن تۇرۇپ ئۇ يەردىن ياپونىيىگە كەتتى. توكيوغا بارغاندا «شەرقىي تۇركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى» قورماقچى بولۇپ بىزگە ( بىز ئۇ چاغدا كوكخوتتا ئىدۇق ) تېلېگىراما ئەۋەتىپ ۋەكىل قاتناشتۇرۇشىمىزنى ئۇقتۇردى. كوكخوتتىكىلەر مەن بىلەن مايىت ھاجىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بىز 1939 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا توكيوغا يېتىپ بېرىپ «شەرقىي تۇركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى» قۇرۇپ مەمۇت سىجاڭنى رەئىس، ئىمىن ھەزرەتنى مۇئاۋىن رەئىس سايلىدۇق ( ئىمىن ھەزرەت ئافغانىستاندا ئىدى. ) ئەلى ھاجى ئومۇمى ئىشلار باشلىقى بولدى. ئۇيۇشمىنىڭ خىراجىتىنى ئىئانە توپلاش يولى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدۇق. 1940 - يىلى 1 - ئايدا بىز كوكخوتقا قايتىپ كەلدۇق. ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى يەتكۇزدۇق. ئۇ يەردىكىلەر

ئىئانە بېرىشكە قوشۇلمىدى. ئىئانە توپلاپ چەتئەللەردە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنلەرنى باقىمىزمۇ؟ دەپ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇشما قۇرۇلغان بولسىمۇ راۋاج تاپالمىدى.

مەھمۇت سىجاڭ توكيودىن بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندە، مەن كوكخوتتىن ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتۈم. بەزەنلەر مەھمۇت سىجاڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن قانداقتۇر بىر كېلىشىم تۈزۈشۈپتۇ دەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا پاكىت يوق. مەھمۇت سىجاڭ ياپونىيىگە بارغان بولسىمۇ، ئەمما ياپونلارغا ئىنتايىن نارازى ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى، ئابلا داموللا قاتارلىقلار ياپونىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ سەنخەيگۇەنگە كەلگەندە ياپون ساقچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈرگەندە سومكا ئىچىدە نەرسە - كېرەك ئورىغان بىر پارچە گېزىتتە ياپون باشلىقىنىڭ سۈرىتى بىر ئاز پۈرلۈشۈپ كىرلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ توختى ھاجىنى ئىككى شاپىلاق ئۇرغان ھەمدە ئىككى كۈن توختۇتۇپ قويغان. بۇ ئىش مەھمۇت سىجاڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنتايىن ئېغىر كېلىپ ياپونلارغا بەك نارازى بولغان. مەھمۇت سىجاڭ تيەنجىندە گومىنداڭنىڭ قاتناش بانكىسىغا 30 تاي گەزمال ئامانەت قويغان ئىدى. كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرى تيەنجىننى ئىشغال قىلىپ مەزكۇر مالنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. مەھمۇت سىجاڭ شۇ مالنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ياپونلار قايتۇرۇپ بەرمىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ياپونلارغا نارازى ئىدى. يۇقۇرقى پاكىتلاردىن مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاقە بولمىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.



ئىزاھلار:

## 1 سېتىۋالدىجان پولكىنى قۇرالسىزلاندۇرۇش

سېتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبەك پولكى تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا قۇرۇلغان پولك بولۇپ پۈتۈنلەي ئۆزبەكلەردىن قۇرۇلغان ئاتلىق پولك ئىدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەنگە چېكىنگەندە، سېتىۋالدىجان پولكى بىلەن خوتەن قىسىملىرى يېڭىسارىدا توساپ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆزبەك پولكى مەغلۇپ بولدى. سېتىۋالدىجان ئۆزى ئەركەشتام ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچتى. چېگرىغا بارغاندا ئېيتىلىشىچە ھەربىي قىسىملىرى چېگرىدىن ئۆتكۈزمىگەچكە قايتىپ كېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە مەندىن مەھمۇت سىجاڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ ھاياتىغا كاپالەت قىلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن مەن خەت يېزىپ مەھمۇت سىجاڭغا ئەۋەتىش ئارىلىقىدا لىۋ بىڭ سىلىڭ سېتىۋالدىجان بىلەن ئەيسا ھاجى دېگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. سېتىۋالدىجان ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يۈسۈپجان پولك كوماندىرى بولدى. شىڭ شىسەي بۇ پولكنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر پولكنى مارالۋېشىغا بېرىشقا بۇيرىدى. سەنجاڭ نەمەت خەلپەت بىرلىكتە باشلاپ ماڭدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەزكۇر پولكنى قۇرالسىزلاندۇرۇشقا ياردەم تەلەپ قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىستاكوۋ قوماندانلىقىدا قىزىل ئارمىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ مارالۋېشى ئەتراپىدا مەزكۇر پولكنى قۇرالسىزلاندۇردى. يۈسۈپجان مۇھاسىرىنى بۇزۇپ

تەكلىماكان تەرەپكە قېچىپ قولغا چۈشمىگەن.

## 2- ئوسمان سىجاڭنى قولغا ئېلىش

ئوسمان سىجاڭ (قىرغىز) نى قولغا ئېلىش توغرىسىدا خوجا نىياز ھاجى بەرگەن بۇيرۇققا ئاساسەن 1935 - يىلى مەھمۇت سىجاڭ ئوسمان سىجاڭنى دىۋىزىيە ئىشتاۋىغا مېھمانغا چاقىردى. ئوسمان بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن كەلگەندە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە كارىدوردا داستىخان سالدى. ئۆزى ئىچكىكى مېھمانخانىغا بىرلا ئادىمى بىلەن كىرگەندە شۇ يەردە تۇتۇپ قولغا ئالدى. يەنە بىر نەچچە ھەربىي باشلىقلارنىمۇ قولغا ئېلىپ يولىدىكتە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەردى.

## 3- قەشقەردىكى قۇم دەرۋازا تۈرمىسىگە ئوت قويۇش

مەھمۇت سىجاڭ قاچقاندىن كېيىن قەشقەردە 3 - 4 يۈز ئادەمنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. مېنىڭ ئايالىم ئىككى قات بولۇپ تۇغۇت كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، شىڭ شىسەي ئادەملىرى قولغا ئېلىپ قاماپ قويغان ئىدى. (كېيىن ئابدۇ نىياز سىجاڭنىڭ تويلاڭچى قوشۇنلىرى ئايالىمنى قۇتقۇزۇپ ئازغۇنغا قايتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تۇغۇلغان قىزىم ھازىر ئۈرۈمچى پوچتا تېلېگىرافتا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.) بىز كەتكەندىن كېيىن ماخۇسەن، ئابدۇ نىياز سىجاڭلار قەشقەرگە ھوجۇم قىلغاندا شىڭ شىسەي بۇيرۇق بويىچە قەشقەر كونىشەھەر قۇم دەرۋازىسىدىكى تۈرمىگە ئوت قويدۇرۇۋەتكەن.



تۈرمىدە قامالغانلار ئىچىدە گۇناسىزلار خېلى كۆپ ئىدى.

## 4- قەشقەردە بولۇنغان قىرغىن

ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا خوجانىياز ھاجى ۋاقتىنچە ئاتۇشنىڭ تاغلىرىغا چېكىندى. ماجۇڭيىڭ قەشقەر كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. شەھەر ئىچىدە ئادەم كۆرۈنسىلا ئۆلتۈردى. ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۆلۈكلەرنى زەمبىللەر بىلەن توشۇپ چىقىپ كۆمگەن. مۇنداق قەتلىئام تارىختا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

## 5- مەھمۇت سىجاڭنىڭ ۋاپاتى

مەھمۇت مۇھىتى ياپونىيەدىن قايتىپ كېلىپ بېيجىڭدە، ئىلگىرى قومۇل ۋاڭ تۇرىدىغان قەسىردە تۇردى. قالغانلىرىمىز كوكخوتتا ئىدۇق. بىر قېتىم مەھمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى، يۈسۈپ باي قاتارلىقلار يولىدىكتە كوكخوتقا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ «قويۇشما» قوروش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. شۇ كۈنلەردە مەھمۇت سىجاڭنىڭ مىجەزى كەم ئىدى. كېيىن بېيجىڭغا قايتىپ كەتتى، ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە مەھمۇت سىجاڭنىڭ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق تېلېگراممىسى ئالدۇق. بۇ 1944 - يىلدىكى ئىش. بىزلەر بېيجىڭغا باردۇق، مەن

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ساندۇغىدىن بىر نۇسخا قۇرئان تەرجىمە-
سىنى تاپتىم. بۇ نۇسخىنى ساقلاپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە
مەھمۇت سىجاڭنىڭ قىزى ھەجەرخانغا بەردىم. كېيىن ئاڭلىسام
بۇ قۇرئان تەرجىمىسى نەمەت خەلپەتنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىكەن.

1980 - يىلى بىرىنچى ئاي

# سابىق ئۇيغۇر مەدىنى خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە

جۇنەيد بەكرى

30 - يىللار تارىختا ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن قال-
ايمىقان يىللار ئىدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيە-
سى مەشھۇر 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان ۋە خەلق
ئازاتلىق ھەركىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ-
دىمۇ تارىخى خاراكتېرلىك زور تەۋرىنىش ۋە زور ئىجتىمائى
ئۆزگىرىشلەر (مەسىلەن: «قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى»،
«12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى») يۈز بەردى ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىپ
يېڭى خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەركىتى ۋۇجۇت-
قا كەلدى. شۇ يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى



چاغلاردا پىشقەدەم كوممۇنىزمچىلاردىن تىلىڭ دەيىۋەن، چېك
يۈن، دېڭفا، چېڭ تەنچۇ، ماۋزېمىڭ (لىن جىلۇ، شىڭ يەنبىڭ
(ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى... قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ، شىنجاڭغا كەلدى، بۇ ئىنقىلاۋى پىشقەدەملەر
ئېچىلمىغان بوز يەردىن ئىبارەت بۇ كەڭ رايونغا ئىنقىلاپ ئۇ-
رۇغىنى چاچتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىما-
ئى ھاياتىغا پىروگىرىسسىۋ تەسىر كۆرسەتتى، بۇلارنىڭ تۈرتكىسى
ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭ-
دەك تارىخي تەرەققىياتنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەينى زامانىدىكى
ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىپەرۋەر زاتلار، يارقىن
مەئرىپەتچىلەر شۇ زامانلاردا دەۋران سۈرگەن زۇلۇم - زالالەت
ۋە ئەۋھامى خۇراپاتلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، بى-
لىملىق ۋە ئىلىم - ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى تۈرلۈك
تۈمەن توسالغۇلارنى بۇسۇپ، مەدەنى - مائارىپ ئۈچۈن يېڭى
يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار تاقىلىپ كەتكەن ئىلىم -
پەن دەرۋازىسى ئېچىلىپ، مەدەنى - مائارىپنىڭ ئويغىنىشى ۋە
گۈللىنىشى دەۋرى باشلاندى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈم-
چىدە ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى - شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى تۇنجى
قېتىم قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، گىم-
نازىيە مەكتەپلىرى تەسىس قىلىندى ۋە بىر مۇنچە كۇرسلار ئې-
چىلىپ كادىر تەربىيىلەش ئىشى باشلاندى. بۇ مەكتەپ ۋە كۇر-
سلارغا ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىدىن ۋە ھەر مىللەتتىن ئوقۇغۇچى-
لار كەلتۈرۈلدى. 1935 - يىلى شىنجاڭنىڭ قەدىمى مەدەنى - ما-
ئارىپ ۋە سودا - تىجارەت مەركىزىدىن بىرى بولغان قەشقەردىن

لا بىرىنچى تۈركۈمدە 250 كەيپقىن ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك ياشلىرى كېلىپ، ئالى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە جايلاشتى. شۇنىڭدەك شۇ يىلدىن باشلاپلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن تاللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ 3 نۆۋەتتە 300 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى. بۇلار مەمۇرى، دوختۇرلۇق، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھەربى ساھەلەردە ئوقۇتۇلۇپ تەربىيىلەندى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدىنى - مائارىپ ۋە ئالى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىدىغان كادىر مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنىپ، مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن گۈللىنىشىگە ئاساس يارىتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يېتىلگەن بۇ زىيالىلار تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، كېيىن بېرىپ، يەنى 1938 - يىلغا كەلگەندە، مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە «مەدىنى ئالاقە جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتكە ئىنقىلاۋى ئەدىب شىڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن) جاڭ جۇڭشى يولداشلار يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ جەمئىيەت شىنجاڭنىڭ مەدىنى - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ باردى. بۇ جەمئىيەت ئۆز قارمىقىدا ئالاھىدە مەدىنى كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ شىنجاڭنىڭ مەدىنىيەت سېپىنى يېڭى قاۋۇل كادىرلار بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭدەك ھەر مىللەتنىڭ مەدىنى خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا مەلۇم ۋاقىت يېتەكچىلىك قىلدى.



1934 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا شىنجاڭدا ھەممە مىللەتنىڭ مەدىنى خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان ئىدى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئاساسي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» دېيىلىدۇ) قۇرۇلغان ئىدى، بۇنىڭ ئۈرۈمچىدە مەركىزي ئۇيۇشمىسى، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان. ھەتتا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسى، قەشقەرنىڭ كەنت يايلاق يېزىسى، مارالبېشىنىڭ سىرىقبۇيا يېزىسى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىغا ئوخشاش چوڭراق ۋە ناھىيە مەركىزىدىن چەتتەك بولغان يېزا - قىشلاقلاردىمۇ تارماق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىلار بىر مىللى، ئىجتىمائى، مەدىنى ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدىنى - مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. خەلقنى ئاقارتىش، مىللەتنى، پەن - مەدىنىيەت بىلەن قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىشىغا جىددى كىرىشتى، نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ ھەردىنى يەككىچە تارتقان ۋە قارا كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر خەلقىدە ئىلىم - ئىرپان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر مىللى تەشكىلاتى بولغان ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتى. قايىنام - تاشقىنلىق مەدىنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پۇلى بارلار پۇل چىقاردى، كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك يېڭى مەكتەپ بىنالىرى قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇرۇندىن بار بول-

قان مەھەللىۋى دىنى ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئۇيۇشمىلار ئۆز ئەلكىگە ئوتكۇزىۋالدى ياكى دىنى مەكتەپلەرگىمۇ ئىلىم-پەندىن ساۋادى بار ئوقۇتقۇچىلارنى بەلگىلەپ ئوقۇغۇچىلارغا پەننى ۋە دىنىي تەربىيىنى بىرلىكتە ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ ھەر بىر كىچىك ۋە چەت يېزا قىشلاقلاردىمۇ يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ يىراق-چەت ياقىسىدىكى چۆچەك ناھىيىسىدە ھوكۇمەت قارمىقىدا شەھەر ئىچىدە بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان بولسا، ئۇيۇشما قارمىقىدا 35 جايدا مەكتەپ بار ئىدى. ھەتتا بۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراقتا بولغان كوئىنلون تېغى ئىچىدىكى پۇلۇ دىگەن تاغلىق كەنتتىمۇ ئۇيۇشما قارمىقىدا 4 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مەئرىپەتچىسى ۋە شائىرى نىمشېھىت سايرامىنىڭ «يۈرەك سوزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى 1936-يىلى ئىيۇن يازغان «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» دىگەن شېئىردا ئەينى زاماندا باي ناھىيىسىدە 30 جايدا مەكتەپ بارلىقى، يەنە ئۇ يەردە بىر دارىلمۇئەللىمىن ئېچىلىپ ئۇنىڭدا 35 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلىنىپ چىققانلىقى، مەدىنىي-مائارىپ ئۈچۈن خەلقتىن ئالتۇن-كۈمۈش بولۇپ نەچچە مىليون دوللار پۇل ئىئانە توپلانغانلىقى، ئەمما بۇنىڭ گېزىت يۇزدە ئېلان قىلىنمىغانلىقىغا شائىرنىڭ ئېچىنغانلىقى يېزىلغان ①، مانا بۇ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيۇشمىلارنىڭ كەڭ ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئىئانە توپلاپ، مەكتەپ بىنا قىلىپ، ھەممە جايدا مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويغانلىقىنىڭ بىر دېلىلى، دىمەك ئۇ مەزگىللەردە پەقەت ناھىيىلەرنىڭ مەركىزىدىلا بىردىن ھوكۇمەت قارمىقىدىكى شەنلى مەكتەپ بولۇپ



ئۇنىڭدىن قالغان رايون-مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇيۇشما قارمىقىدا (خۇيلى) مەكتەپلەر بار ئىدى. ھەقىقەتەن بىر مەھەللىلا جايدا مەكتەپ بىنا قىلىش دولقۇنى كوتۇرۇلگەن ئىدى.

بۇ مەكتەپلەر گاھى جايلاردا يۇقۇرقىدەك ئىئانە توپلاش يولى بىلەن قۇرۇلغان بولسا، گاھى جايلاردا ئەھۋالغا قاراپ، ئۇيۇشمىلار ئۆزى سالدۇرۇپ بېرەتتى، گاھى جايلاردا بولسا، مائارىپپەرۋەر شەخسلەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ مەلۇم شەخس ئۆز پۇلى بىلەن سېلىپ بېرەتتى، بۇ مەكتەپلەر ئادەتتە يېزا-كەنتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋات، كوزگە چېلىقارلىق يېرىگە سېلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا شۇ يېزىدا بىردىن-بىر كوركەم ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش مەكتەپ بىناسى ئىدى، ئادەتتە مەكتەپنىڭ ئالدى پەشتاقلىق بولۇپ ئىشىك بېشىغا چوڭ چىرايلىق مەشىق خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان بولاتتى. ئۇ كەملەردە يېزىلاردا مەكتەپتىن باشقا ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئورۇن يوق ئىدى. مەكتەپنىڭ ئىماراتە تاملىرى مىللىي شەكىلدە بولۇپ، ئاقارتىلغان بولاتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق سەينالىرى، كول-كولچەكلىرى، بوستانلىرى، گۈللۈك، مېۋىلىك باغلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈپ تەربىيە بېرىشتە ئېھتىياجلىق بولغان تېرىلغۇ يەرلىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار دەرسىنىڭ سىرتىدا مەلۇم مىقداردا جىسمانى ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

مۇندىن باشقا مەكتەپلەردە ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئالاھىدىلىك خۇسۇسىيەت ۋە ھەۋەسلىرىگە قاراپ قول سانائەت گۇرۇپپىلىرىمۇ تەشكىل قىلىنىپ، ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىتىلەتتى. ھەتتا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ،

جەمئىيەتنىڭ قالاق ھادىسە ۋە ناچار كەيپىياتلارنى تەنقىدلەپ، خەلقنى يېڭىلىققا باشلايدىغان ئەسەر، ناخشىلارنى يېزىپ، ئىجات قىلىپ جەمئىيەتنى يېڭىلىققا ۋە ئالغا باشلايتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋىگە قاراپ ھەر خىل تەشۋىق - تەرغىب ئىشلىرىنى پائال ئېلىپ باراتتى. مەكتەپلەر ئۆز قارمىقىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىلمى ئىشلىرىغا لازىملىق نەرسىلىرىنى ئۆز دوكىنىدىن تەمىنلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەپ قېلىنغانتى. ئۇ چاغلاردا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن شەھەردىن يېزىغا چىقىپ قالغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى مېھمان بولمىسۇن ئۆزى بارغان يېزىنىڭ مەكتىۋىنى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەي قالمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مەكتەپلەر يېزىلارغا بارغان ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. خەلق ئىچىدىمۇ مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابرۇيى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى ئىدى. پۈتۈن خەلق ۋە ئاتا - ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. كىشىلەر ئادەتتە ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «خانىم» دەپ ئاتايتتى. ھازىرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسا، سالام بەرمەي ئۆتمەيتتى. ئىزچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرگەندە، تىك تۇرۇپ، قول كۆتۈرۈپ سالام بېرەتتى ۋە ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىدىن بەكرەك ئاڭلايتتى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپ ئىنتىزامى بەك



چىڭ ئىدى. بۇ مەكتەپلەر شۇ يېزا ۋە شۇ مەھەللىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى. مەكتەپلەردە كۈندۈزى بالىلار دەرس ئوقۇسا، كەچتە چوڭ ئەر - ئاياللار ساۋات چىقىراتتى. يېزىلاردا قويۇلىدىغان كىنو - تىياتىر ۋە ھەر خىل يىغىن پائالىيەتلىرىمۇ مەكتەپ زاللىرى ۋە سەينالىرىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى كەڭتاشا، پارتا ئورۇندۇق سەرەمجانلىرىمۇ بىر قەدەر تولۇق ۋە رەتلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا بەزى جايلاردا قەغەز بىر ئاز قىس بولغاچ، بالىلار قەلەمي ياكى تاشتىن ئىشلەنگەن كىچىك قول دوسكىسىنى ئىشلىتەتتى. مەكتەپلەردە تامامەن مىللىي روھ، مىللىي تىل - يېزىق بىلەن دەرس ئۆتەلەيتتى، دەرسلىك كىتاپلار ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا تۈزۈلۈپ، ئۆز ئانا تىلىدا چۈشۈنىشلىك قىلىپ دەرس ئۆتۈلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە روھى ھالىتىمۇ ئالاھىدە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رۇشدى سىنىپىدىن باشلاپلا تارىخ، جۇغراپىيە، گىرامماتىكا، ئىجتىمائىيات، شەرئى بار جايلاردا خەنزۇچە، رۇسچە، لاتىنچە يېزىقلارمۇ قوشۇلۇپ ئۆتۈلەتتى. ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىمۇ خېلىلا ياخشى ئىدى. دەرسلىك ماتېرىياللىرىمۇ بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئۆزىمىزدە يوقلىرى (مەسىلەن: ھىساپ، تەبىئەت، جۇغراپىيە قاتارلىق كىتاپلار) سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىنىپ ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن زامانىۋى مەتبەدە باستۇرۇلۇپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ دائىرىدە تارقىتىلغان ئىدى. ئۆلكىدىن باشقا ئېلىپبە، ئوقۇش كىتاپلىرىدىن تارتىپ قالغان ھەممە دەرسلىكلەر، ھەتتا دىن دەرسلىرىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەتبەلىرىدە بېسىلىپ يېتەرلىك دەرىجىدە تارقىلاتتى.

مەكتەپلەردە ئومۇمەن ھەربىي مەشىق يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئەتە - ئاخشام ۋە تەنتەربىيە دەرسى ۋاقتىلىرىدا ياغاچ مىلتىق بىلەن ھەربىي مەشىق قىلاتتى. ھەر يىلى يىغىن - مۇراسىملارغا ياغاچ مىلتىقلىرىنى دولىسىغا ئاسقان ھالدا، مەشى دەسسەپ، شېئىر ئوقۇپ، ئەلەم كۆتۈرۈپ داقا - دۇمباق بىلەن باراتتى.

« 1 - ماي خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى » ، « 12 - ئاپرېل » (شىڭ شىسەي يېكىتكەن بايرام) دەك كۈنلەردە بالىلار بىر خىل كىيىندۈرۈلەتتى. كەمبەغەل ۋە يېتىم بالىلارغا ئويۇشمىلار بىر خىل كىيىم قىلدۇرۇپ بېرەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يېتىم - يېسىرلەر، ئاتا - ئانا، ئىگە چاقىسى يوق ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن ئايرىم دارىلئىتام ( يېتىم - يېتىملەر مەكتىۋى ) بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ياتاق، ئوقۇش خىراجەتلىرى قاتارلىق ھەممىسى ئويۇشمىدىن بولاتتى.

دېمەك، ئۇ چاغلاردا ئويۇشمىلار باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە مۇبالىغىسىز مۇھىم ۋە ئاساسىي رول ئوينىغان ئىدى. ئويۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردىن سان - سۈپەت جەھەتتىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشەتتى. يالغۇز شىڭ شىسەي دەۋرىنى ئالساق، شۇ دەۋردە ھۆكۈمەت قارمىقىدا 580 باشلانغۇچ مەكتەپ، 90333 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان بولسا، ئويۇشما قارمىقىدا 1883 باشلانغۇچ مەكتەپ 180035 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان ② . ۋاھالەنكى بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەگدىن تولىسىنى دەسلەپتە ئويۇشمىلار تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇدىرى، مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىسى،



مەكتەپ بىناسى ھەتتا پارتا، ئورۇندۇق، قارا تاختا ( دوسكا ) قاتارلىق جاھازلىرىنىمۇ تولۇقلاپ ئاندىن ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مەكتەپلەر ئىدى. ئەقەللىسى يۇقۇرقى شەرتلەرنى ھازىرلاپ نۇرغۇن ئىلتىماسلارنى قىلغاندا ئاندىن ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈپ ئالاتتى. بولمىسا، ھۆكۈمەت ئۆز ھېساۋىغا ئالمايتتى.

ئۇ چاغلاردا ئويۇشمىلار ئىجتىمائىي مائارىپقىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن، نۇرغۇن ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى ئېچىپ، نۇرغۇن قېرى - ياش ساۋاتسىزلارنى ساۋات چىقىرىشقا ئۈندىگەن. ھۆكۈمەتمۇ بىر مەھەل بۇ ئىشقا كۆڭۈل بولگەن، ئولكە بويىچە « ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇش ھەركىتى » ۋە « قىشلىق ئوقۇش ھەركىتى » ئېلىپ بارغان. شۇنداق بولىشىغا قارىماي ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ساۋات چىقىرىش مەكتىۋى ئاران 206 بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 15952 بولغان بولسا، ئويۇشما قارمىقىدا 740 مەكتەپ بولۇپ، 138 444 نەپەر كىشى ساۋاتلىق بولغان ③ يەنە بىر تارىخى مەنبەدە « . . . 500 يەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدا ئىپتىدائىي مەكتەپ، 1800 يەردە ئويۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، بۇلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 250 مىڭدىن ئارتۇق » ئىكەنلىكى، « ... نەچچە يۈز يەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى خەلق مەكتىۋى بىلەن ئويۇشمىلار قارمىقىدىكى خەلق مەكتەپلىرى بار » لىقى يېزىلغان ④.

مانا بۇ ئىككى خىل تارىخى مەنبەنىڭ بىرى، ئازاتلىقتىن بۇرۇن نەشىر قىلىنغان رەسمىي تارىخى ماتېرىيال، يەنە بىرى ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ھۆججىتى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل تارىخى ماتېرىيالدىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۈملىدىن ئەدەبىي - سەنئەت، مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭمۇ

ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ۋە بۇ ئىشلاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ زور رول كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا مەدەنىي - مائارىپنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيۇشمىلاردا ئىدى. ئۇيۇشما بىردىن - بىر مائارىپ ئوچىقى ئىدى. بىلىم - مەرىپەتنىڭ پارلاق نۇرى ئۇيۇشمىلاردىن چېچىلاتتى. ئۇيۇشما ھەقىقەتەن خەلقنى غەپلەتتىن ئويغاتقۇچى، ئىلىم - مەرىپەتكە دالالەت قىلغۇچى، يورۇقلۇققا يېتەكلىگۈچى ئىدى.

ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىمۇ مۇكەممەل ۋە ساغلام بولۇپ، كاتىباتى، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت مالىيە بۆلۈملىرى بار ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمى پۈتۈنلەي مەكتەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بۇنىڭدا يەنە بىر نەچچە مۇپەتتىشلەر بولۇپ پات - پات تۆۋەنگە ( ۋىلايەتتىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن يېزىلارغا ) چۈشۈپ ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سان - سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشقان دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ئۇ مەجبۇرى ئىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئۆيمۇ - ئۆي ئىزدىلاپ مەجبۇرى يوسۇندا مەكتەپكە ئالاتتى. بۇرۇن مەكتەپ بولمىغاچقا ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان ھەتتا يېشى 15 - 20 دىن ھالقىپ كەتسىمۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلەرنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ 1 - سىنىپتىن باشلاپ ئوقۇتاتتى ۋە ئۇلار 7 - 8 ياشلىق بالىلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە ناقايىللىق قىلغان ياكى مەكتەپتىن قالغانلارغا چارە ۋە مەجبۇرى تەدبىر قوللىناتتى.

ئۇ چاغدا قىز بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ياكى



سىنىپلار بار ئىدى. ئۇلارنى مۇئەللىمە ( ئايال ئوقۇتقۇچى ) ئوقۇتاتتى. مۇئەللىمىلەر ئايرىم تەربىيىلىنەتتى. ھەتتا بىر يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتىدە مۇئەللىمىلەر ( ئايال ئوقۇتقۇچىلار ) يېتىشسىزلىكى ھېس قىلىنىپ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئالاھىدە « مۇئەللىمىلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى » ئېچىپ بىر تۈركۈم مۇئەللىمىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، مۇئەللىمىلەر يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن ( ئەر ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى ) دارىلمۇئەللىمات ( ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى ) لەرنى داۋاملىق ئېچىپ، پۈتۈن ۋىلايەت ھەتتا جەنۇبتىكى باشقا ۋىلايەتلەرنىمۇ ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، شۇ ۋاقىتلاردا تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ھازىرغا قەدەر جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقانلىرى ئاز ئەمەس.

ئۇيۇشمىلار يالغۇز باشلانغۇچ ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ جەھەتتىمۇ خېلى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر قايسى ۋىلايەت ھەتتا بەزەن ناھىيىلەردىمۇ دارىلمۇئەللىمىن، دارىلمۇئەللىمات، ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى، بوغالتىرلىق كۇرسى، سازەندىلەر كۇرسى، ئۇسۇل كۇرژوكى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، نۇرغۇن ئىختىساسلاشقان كەسپىي كادىرلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە كادىر تەربىيىلەيدىغان بىر ئوچاق بولۇپ قالغان ئىدى. ئەينى زاماندا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال ئۇيۇشمىدا ئىشلەپ، خىزمەت قائىدىلىرىنى

ئۇگۇنۇپ چىققانلاردىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ھەسسە قوشۇۋاتقان پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار ئىچىدىمۇ مۇنداقلار ئاز ئەمەس. ھالبۇكى، كونا جەمئىيەتتىن كېلىپ بۈگۈنكى « 4 لەشمىش » يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ھازىرقى نۇرغۇنلىغان سىياسىي ئەرباپلار، مەدەنىيەت ئەرباپلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم - پەن خادىملىرى، ئەدىبلەر، دىراماتورگلار، تەرجىمان - تەھرىرلەر رېژىسسور - سەنئەتچىلەر، رەسساملار، مالىيە خادىملىرى ... قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى قارمىقىدا يەنە « سانائىنەپىسە » بۆلۈمى ( ھازىرقى سەنئەت ئۆمىكى ) بار بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي - سەنئەت، مۇقام، مۇزىكا، سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا - ئۇسۇل قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي بەدىئىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى تولۇقلاش، رەتلەش، قايتا ئىشلەپچىقىش ۋە ئىجات قىلىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشلىدى. شۇنىڭدەك بىر مۇنچە چوڭ ئوپېرا، دىراما، كومېدىيە ۋە كونسېرتلار سەھنىلەشتۈرۈلدى ۋە قايتا ئىشلەپ چىقىلدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، چۆچەك، خوتەن، قاراشەھەر، يەكەن، كۇچار، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، شۇ كەملەردىلا ئۇيغۇر دىراما سەنئىتى ۋە ئوپېرا يولغا قويۇلۇپ، چوڭ ئوپېرالاردىن « غېرىپ - سەنەم »، « تاھىر - زۆھرە »، « پەرھات - شېرىن »، « لەيلى - مەجنۇن »، « رابىيە - سەئىدىن »، « يۈسۈپ - زىلەيخا »، « بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ »، « ئارشىن مال



ئالان »، « بوز يىگىت »، « ئانارگۈل » ۋە شۇنىڭدەك « ئانارخان »، « قانلىقداغ »، « شاگىخەي كېچىسى »، « سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ » (ل. مۇتەللىپنىڭ) « ئاچايىپ ئۆلۈم »، « خىيالى تىۋىپ »، « كۆرەش قىزى »، « ئۇچقۇن »، « ھورلىقا - ھەمراجان »، « سەۋلەت »، « باي ۋە مالاي » « ئۆز مۇھىت »، « ئۆگەي ئانا »، « پەرىزخۇن » ... قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئوپېرا ۋە دىرامىلار سەھنىلەشتۈرۈلگەن. نۇرغۇن كومېدىيە، كونسېرتلار قويۇلغان.

مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائىنەپىسە بۆلۈمى بۇ ئىشلارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلاتتى. بىر مۇنچە سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن كونسېرت تېكىستلىرىنى ئالاھىدە بېسىپ ئوبە ۋە تارماق ئۇيۇشمىلارغىچە تارقىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە دېگىدەك ئويۇن قويۇش ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشلىرى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كىنو ئاپاراتلىرى، سەييارە كىنو قويۇش ئەترەتلىرى، سەييارە تىياتىر ئۆمەكلىرى بار ئىدى.

يالغۇز كۈلۈپ جەھەتتىن ئالغاندا، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى مەرھۇم ئابدۇللا داموللام قاتارلىق زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە « مەدەنىيەت كۈلۈبى »، قەشقەردە خەلىپەت سۈزۈك ھاجىيۇپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھېيتكاردىكى خەلق كۈلۈبىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە، ھەتتا تارماق ئۇيۇشمىلاردىمۇ كۈلۈپ سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، جايلاردا نۇرغۇن كۈلۈپلار بارلىققا كەلدى.

مەسىلەن: بۇگۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ 500 كىشىلىك تۈۋرۈكسىز كۇلۇبى بار ئىدى. ئوپال قاتارلىق يېزا - قىشلاقلاردىمۇ كۇلۇپ بار ئىدى. شۇنىڭدەك بىر مۇنچە جايلاردىكى ئۇيۇشمىلارنىڭ يېنىدا قىرائەتخانە، بىلىيارت، شاخمەت، دامكا ئويناش بۆلۈملىرى، چايخانە، بوفېت قاتارلىقلارمۇ بار بولاتتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى ۋىلايەت ناھىيىلەردە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دەم ئېلىشى ۋە كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ھەر خىل تىپتىكى باغچىلارمۇ قۇرۇلغان ئىدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەدەنىيەت كۇلۇبىنىڭ ئارقىسىدا «مەدەنىيەت باغچىسى»، قەشقەردە «مىللەتلەر باغچىسى»، خوتەندە «گۈلباغ»، غۇلجىدا «ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى» ۋە باشقىلار.

دېمەك بۇ ئۇيۇشمىلار شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ئەدەبىي - سەنئەت ساھەسىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان باندىت شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىنداڭ قىلالمىغان ۋە قىلمىغان، ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كام بولسا بولمايدىغان زورۇر ئىشلارنى ئىشلىدى ۋە بۇ زۆرۈرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ خەلقنى بىر قەدەر روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى ۋە رازى قىلدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى مىللىي ئەدەبىي - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە مىللىي ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىش، ئاممىنى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە



ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەسىلەن ئالايلۇق: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز قارمىقىدا ئالاھىدە چالغۇ ئەسۋاپلىرى كارخانىسى تەسىس قىلىپ، ئىسكىروپكا، داپ، دۇتتار، تەمبۇر، چاڭ، نەي... قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىپ، مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شۇ كارخانىنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئۇستىسى سەمەتئاخۇننىڭ ياساپ چىققان ئىسكىروپكىسى جاھانغا مەشھۇر ئىتالىيە ئىسكىروپكىسىدىن قېلىشمايتتى. ھەتتا بۇ ئىسكىروپكا چەتئەلگىمۇ خېرىدارلىقى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

مەتبۇئاتچىلىق ساھەسىدىمۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس. خەلقنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ئاممىنى ئويغۇتۇش، نادانلىقتىن مەدەنىيەتكە، كونىلىقتىن يېڭىلىققا ئۈندەش، ئاممىنى ھەممىدىن خەۋەردار قىلىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ، قىسقىسى قۇرالسىز ئىنقىلابنىڭ مۇھىم قورالى بولغان مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتىمۇ ئۇيۇشمىلار خىزمىتىنىڭ كۈندۈلۈك ئىش تەرتىۋىگە قويۇلۇپ، بۇ ئىشلارنىمۇ زورۇقۇپ ئىشلىدى. مەركىزىي ئۇيۇشما ئۈرۈمچىدە «يېڭى شىنجاڭ» ئىسىملىك گېزىت، «خانتەڭرى»، «مەدەنىيەت» قاتارلىق ئايلىق ژورناللارنى نەشر قىلدى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ۋىلايەت ناھىيىلەردىمۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەتبۇئاتلىرى بولغان، مەسىلەن ئېيتايلۇق، قەشقەردە «يېڭى ھايات»، ئارباغاتۇشتا «بىزنىڭ تاۋۇش»، ئاقسۇدا «ئاقسۇ ئۈچۈرى»، قاراشەھەردە «يۇلتۇز»، كورلىدا «باغراش»، لوپنۇردا «تەكلىماكان» گېزىتى... ۋاھاكازالار چىقىرىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىلار يەنە خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، تەئقىپكە ئۇچرىغانلارغا باشپانا بولۇشتەك جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى ئىشلىدى. بىر مۇنچە جايلار دارىلئاجىزىن ⑤ ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، بۇنىڭغا جەمئىيەتتە باشپاناسىز ۋە ئىگە چاقىسىز قالغان قېرى - چۆرى، مېيىپ كىشىلەرنى، جەمئىيەتتىكى تىلەمچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشقا يارايدىغانلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياشلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئىشقا يارىمىسىز، ئەمگەك كۈچىدىن قالغانلىرىنى بېقىپ، قېرىغانلىرىدىكى ھەر خىل خورلۇق، تالادا ئىگە چاقىسىز تاشلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلاپ قالدى. ئۇيۇشمىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللاردا، جەمئىيەتتە تىلەمچىلەر ئاساسەن تۈگەپ قالغان ئىدى.

ياپون ياسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش، „ ئايروپىلان تەقدىم قىلىش " دېگەك ھەرىكەتلەردىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئىشلىدى. ئاممىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇداپىئە تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇن مىقداردا ئىئانە توپلىدى. شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە بىلەتلىك كىنو ۋە تىياتىر قويۇپ، بۇنىڭدىن چۈشكەن پۇلنىمۇ قوشۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ تۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە دەۋردىن ھالقىغان ياشلار ھەرىكىتى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ھوقۇق تالىشىش دەۋاسى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، 11 بىتىمنى ھىمايە قىلىش، ئومۇمىي سايلام ⑥ قاتارلىق ئىلغار ھەرىكەتلەردىمۇ تەشەببۇسكارلىق ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىدى ۋە بۇ ھەرىكەتلەردە تايانچ بازا



بولۇپ قالدى.

دېمەك ئۇيۇشمىلار ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمەت بېشىدا تۇرغان گومىنداڭ قىلمىغان، قىلىشنى خالىمىغان ۋە بەلكى قارشى تۇرغان ئەمما خەلققە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى داۋاملىق بىلەن قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىق بولۇپ قالدى.

ئەكسىيەتچىلەر نۇرغۇن جايلاردا ئۇيۇشمىلارنى قاتتىق تەئقىپ ئاستىغا ئېلىپ، بېسىش ھەتتا تارقىتىۋېتىش ھالىتىگە كەلگەن ئىدى. گومىنداڭنىڭ پەۋقۇلئاددە كېچىدۇرىم قىلىنغان سابىق گېنېرالى سۇڭ شىلەننىڭ ئۆزىنىڭ « شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى » غا يازغان ئەسلىمىسىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭغا قارشى ئىلغار پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىر نەچچە جايدا دارتىملاپ ئۆتۈپتۇ. بۇ يەردە ئۇنى تەپسىلىي نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

تارىختىكى ھۆكۈمرانلار مەھكۇملارنىڭ كۆزى ئېچىلىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى مەڭگۈ قۇللۇقتا تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نادان، بىلىمسىز بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ كالىدەك يۇۋاش بولۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشىنى خالايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر نەرسىنى بىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلغان ئىكەن ھەرگىزمۇ قۇلدەك ئىشلەپ بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ مەنتىق بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شۇم ئايىغى شىنجاڭ زېمىنىغا كىرىشى بىلەن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ مېۋە بېرىشكە باشلىغان مەدەنىي - مائارىپ كۆچەتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن „ نادان قالدۇرۇش " سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولدى. گۈللەپ-

ياشناۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان دەرىجىدە
ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. مەدەنى - مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى
بىلەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر سىياسى ۋە ئىقتىسادىي
جەھەتتىكى بېسىم ئاستىدا ھالاكەت گىرداۋىغا كېلىپ قالدى.
بولۇپمۇ گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مال باھاسىنىڭ
كۈنساناپ ئۇچقاندەك ئۆسۈشى، ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ يۇقۇرى
پەللىگە كۆتىرىلىشى، پۇلنىڭ پاخاللىشىشى — مائارىپچىلار
ئۈچۈن زور بىر كېلىشمەسلىك بولدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى
مائارىپچىلارنىڭ ئايلىق تەمىناتىنى ھەتتا يېرىم يىللاپ تارقاتال-
مىدى. تۇرمۇش تەقەززاسىدىن بىر مۇنچە مائارىپچىلار مائارىپ-
چىلىق كەسپىدىن كېچىپ كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.
بەزىلىرى ئۇيۇشمىلارغا تەلپۈندى. ئۇيۇشمىلار بولسا، ئۆز قار-
مىقىدىكى مائارىپچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى ھېسا-
ۋىغا پاخال پۇل ئەمەس، ماددى ئەشيا ( بۇغداي، قوناق )
بېرىپ تەمىنلەپ كەلدى، گەرچە ئۇيۇشمىلار گومىنداڭ دائىرى-
لىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەقىپ ۋە بېسىم چەكلىمىسىگە ئۇچرى-
سىمۇ، لېكىن ھامان يىراقنى كۆزلەپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىتۋار
بولۇپ، خەلققە ۋە ئۆزىدىكى ئىقتىساتقا يۆلىنىپ، بىر تەرەپتىن
رىياللىققا تاقابىل تۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىن چىشىنى چىشلەپ
پەرداشلىق بىلەن تىگىشلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلمەكتە ئىدى.
بەختكە يارىشا شەرقتىن تاڭ يورۇشنىڭ شەپىسى كەلدى.
1949 - يىلى ئازاتلىق ئەرپىسىدە شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن
ئازات قىلىش، ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ھەققانى تەشەب-
بۇسقا ئۇيۇشمىلار پائال ئاۋاز قوشتى ۋە بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلا-



لاردا ئاكتىپ رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى ئاساسى ۋە مۇتلەق
كۆپ سانى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسى مىللەت — ئۇيغۇر خەل-
قىغە ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۇلۇغۋار ئەھمىيىتىنى، كوممۇنىستىك
پارتىيە بىلەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلقنىڭ نىجات
يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا
جۇڭگو ۋە شىنجاڭنى ئازات قىلالايدىغانلىقىنى پائال تەشۋىق
قىلدى، جامائەت پىكرى ھازىرلىدى. ھەقىقەتكە قايتىشقا نارازى
بولغان ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان جاھىل، مۇتەئەسسىپ
كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. شۇنداق قىلىپ ھەقىقەتكە
قايتىشنىڭ سۈرئىتىنى تىزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.
1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ھەقى-
قەتكە قايتىپ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقى ئېلان قىلىنىپ،
خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن بولسا،
ئازاتلىق ئارمىيىنى قىزغىن قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش، ئەدەبىيات
كېچىلىرى ئۆتكۈزۈش، ھال سوراش، ياردەم بېرىش، تەشۋىق -
تەرغىپ ئىشلىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىپادە كۆرسەتتى.
شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار 30 - يىللاردىن تار-
تىپ تاكى ئازاتلىققا قەدەر بولغان مۇرەككەپ ۋاقىت ئارى-
لىقىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش
ۋە مىللى ئازاتلىق يولىدا شانلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخلاردىن
شەكىللىنىپ راۋاجلانغان ۋە كېيىنكى جاھالەتلىك كۈنلەردە
يوقۇلۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان قىممەتلىك تارىخى ئەدەبى-
سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ئۇ-
لۇق سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە ئۇلاشتۇردى ۋە بۇ ھەقتە

ئېرىدىن – بىر ۋاستىچى بولۇپ قالدى.

1950 – يىلىغا كەلگەندە ئۇيۇشمىلار « شىنجاڭدا تىنچلىق دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى » غا (7) ئۆزگەرتىلدى. 1952 – يىلى بۇ ئىتتىپاق ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ، مەتبۇئات، سودا - سانائەت، ئىتتىپاق قولىدىكى بارلىق ئىقتىسات ۋە كۆچمەس مۈلۈكلەر ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇندىن كېيىنكى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيۇشمىلار قانداق قىلىپ مۇشۇنچە زور ئىشلارنى قىلالىدى ؟

ئۇيۇشمىلار مۇشۇنداق چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە، پەقەتلا خەلقنىڭ كۈچىگە، جۈملىدىن كەڭ دېھقانلارغا يۆلەندى. ئۇيۇشمىلار ئۆتمۈشتىن تارتىپ مەنپەئەتسىز ئىشلارغا ئورۇنسىز سەرپ بولۇپ كېتىدىغان ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىدىغان ئۇشرە - زاكات تۈرلۈك ۋەخپىلەرگە ئوخشاش دىنىي كىرىملەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

ئۇشرە دېگىنىمىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 10 دىن بىر ئۈلۈشى، زاكات دېگىنىمىز چارۋىچىلىق، قول سانائەت، سودا - تىجارەت، مال - مۈلۈكنىڭ $\frac{1}{40}$ ئۈلۈشى بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئىقتىسات ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىناتتى. « تاما - تاما، كۆل بولا » دەپ بۇمۇ ئاز كىرىم ئەمەس ئىدى. يالغۇز قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۇشرە ھېساۋىدىن يىلىغا 200 مىڭ چارەك (8) كە يېقىن ئاشلىق كىرىم بولاتتى.



بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەسچىت، مەدرىسە ( ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتى )، يول، كورۇك، كۆل، مازارلارغا بېغىشلانغان ۋەخپى ئەۋقابلەر ( يەر - زېمىن، باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەت، تۈگمەن، ۋەخپى، دۇكان، ساراي قاتارلىق كۆچمەس مۈلۈكلەر ) مۇ ئۇيۇشمىلار ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ئۇيۇشما تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن « ئەۋقاپ مۇدىرى »، « مۇتەۋەللى » ياكى « ئاشىر » (ئۇشرە يىغقۇچى خادىملار) بۇ ئىقتىساتنى يىغاتتى. مەسىلەن: قەشقەر كونا شەھەردىكى ئاپپاق غوجا مازىرىنىڭ 16 مىڭ مو، چاپان بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق، ھېيتكار جامەسىنىڭ 3 مىڭ مودىن ئارتۇق ۋەخپىسى بار ئىدى. ئاتۇش ناھىيىسىدىكى « ھەزرىتى سۇلتانىم » دەپ ئاتالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (9) مازىرىنىڭ 4 مىڭ مودىن ئارتۇق، كۇچاردىكى چىلتەنلىرىم مازىرىنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق، ئاقسۇ ئاسۇق ناھىيىسىدىكى ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ 2 مىڭ مودىن ئارتۇق ۋەخپى زېمىنى بار ئىدى. جايلاردىكى بۇ ۋەخپى زېمىنلاردىنمۇ ئۇيۇشمىلارغا نۇرغۇن كىرىم بولاتتى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يالغۇز قەشقەر ھېيتكا جامەسىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەخپىلىرىدىنلا يىلىغا 171 مىڭ 6 يۈز جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق كىرىم بولاتتى. بۇ مەسچىتنىڭ يەنە توققۇزاق، پەيزىۋات، سەمەن، پاختەكلى... قاتارلىق جايلاردىمۇ ۋەخپىلىرى بولۇپ، يالغۇز سەمەندىكى ۋەخپىسىدىنلا يىلىغا 60 مىڭ جىڭ گۈرۈچ، بۇغداي كىرىم بولاتتى. ھېيتكا مەسچىتكە

قاراشلىق دۇكان ـ ئۆي ئىجارىسى ۋە ھاجەتخانا ئوغۇت كىرىملا 4 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ قىسمى — قۇربانلىق بولۇپ، ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ قۇربانلىققا ئاتاپ سويغان كالا ـ قوتاز، قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق ماللىرىنىڭ تېرە ـ ئۈچەيلىرىمۇ ئۇيۇشمىلارغا ئېلىناتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادى يوق كىشىلەردىن قالغان مال ـ مۈلۈكلەرمۇ ئۇيۇشمىغا ئېلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىلارنىڭ كىنو ـ تىياتىر، سودا ـ سانائەتتىن كىرىدىغان كىرىملىرىمۇ بار ئىدى.

ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن توپلانغان زور مىقداردىكى ئىقتىسات مەدەنىي ـ مائارىپ ئۈچۈن سەرپلىنىدىغان مەبلەغ ئىدى.

ئۇيۇشمىلار مۇنداق زور ئىقتىساتنى مۇنتىزىم بوغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە كىرىم ـ چىقىمىنى ئېنىق قىلغان ھالدا، ئىگىلىك ئورنىغا يەنى مەخسۇس مەدەنىي ـ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىغا سەرپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىي ـ مائارىپ گۈللەنگەن ۋە شانلىق كەلگۈسى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلغان ئىدى.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئوز ۋاقتىدا ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا تارقالغان: „ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تام ـ تورۇسلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان ـ تەرى، ئۇستىخان ـ گوشلىرىدىن پۈتكەن“ دېگەن كوز قاراشلارغا مۇناسىپ ئىش



قىلدى. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرىدىن ـ بىر مىللىي مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتى بولغىنىغا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇيۇشمىلار ئوزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق تارىخىدا ئەنە شۇنداق زور ئىشلارنى ئىشلىدى. بۇ ھەممىگە ئايان پاكىت، ھەممىگە ئايان تارىخ. تارىخ ھامان ئادىل. پاكىت — كۆمۈلمەستۇر.

ئەپسۇسكى، ياۋۇز „ 4 كىشىلىك گۇرۇھ “ تارىخنى بۇرمىلاپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، نۇرغۇن ياخشى ۋە توغرى ئىشلارنى يامانغا ئورۇۋالغىنىدەك، ئۇيۇشمىلارنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك خاسىيەتلىك ئىشلىرىدىن كوز يۇمۇپ، ئۇيۇشمىلارنىمۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئوزىنىڭ قارا دەپتىرىگە يېزىپ قويىدى. ئەينى زاماندا پۈتۈن شىنجاڭغا يېڭىلىق ئۇرۇغىنى چاچقان بۇ ئۇيۇشمىلارنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە بولۇپ ئوتكەن ۋە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ خەلققە قارشى مەۋقەدە تۇرغان ئەكسىيەتچى „ مەدەنىيەت “ تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويىدى، مىللىتىمىزنىڭ ئىپتىخارىغا بىزنى يېڭىلىق ۋە مەدەنىيلىككە باشلىغۇچى بۇ بىرىدىن ـ بىر مىللىي تەشكىلاتىمىزنى „ قورچاق ئۇيۇشما “ دەپ ھاقارەتلەپ ئۇنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا قىلغان ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى يوققا چىقاردى. ئۇنىڭدا ئىشلىگەن نۇرغۇنلىغان پىشقەدەم مائارىپچىلارنى „ داشقال “، „ يەرلىك مىللەتچى “، „ تارىخي ئەكسىلئىنقىلابچى “ ۋەھاكازا دەپ چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارغا رەھىمسىز زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنداق قىلمىش تارىخ ھەقىقىتىگە ئويغۇن ئەمەس.

ياۋۇز „ 4 كىشىلىك گۇرۇھ “ يوقىتىلىپ، ئادالەت ئور-

ئېتىلغان، ئۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشۇلۇپ، ھەق - ھەق، ناھەق - ناھەق بولغان بۈگۈنكى يورۇقچىلىق دەۋرىدە، ئۇيۇشمىلارغىمۇ ھەققىي پاكىتلار بويىچە تارىخىي باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا چاپلانغان بەتناملارنى بىكار قىلىپ، ئۇيۇشمىلار ئۇستىدىكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشى لازىم. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىي - مائارىپ تارىخىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يېقىنقى شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار ئۆز خىزمىتىنى نورمال داۋام قىلدۇرۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ ئىشلىگەن، كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلەپ، بۇ قىسقا ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

بۇنىڭدىن مەقسىتىم: كۆپلىگەن زامانداشلىرىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارنىڭ خىزمىتى ۋە شۇ ۋاقىتلاردىكى مەدەنىي - مائارىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ياكى ئۇلارنىڭ بىلگەن، ئاڭلىغانلىرى ئانچە تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇ كەمىنىگىچە بۇ ھەقتە بىرەر ئەسلىمە يېزىلغانلىقىنىمۇ كۆرمىدىم. شۇنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

بۇ 30 نەچچە يىلدىن بۇرۇنقى ئىشلار بولۇپ، پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى ۋە ئۆز خاتىرەمنىڭ ناچارلىقىدىن، سەۋەن ياكى كەمتۈك بولۇپ قالغان جايلىرىغا يولداشلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ماقالىنى تەييارلاشتا يولداش خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف يېقىندىن ياردەمدە



بولۇپ قىممەتلىك پىكىر بەردى. رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىزاھلار:

① نىمشەھىت سايرامى: «يۈرەك سوزى»، 1980 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 14 - بەتكە قارالسۇن.

② پولات قادىر يازغان «شىنجاڭ تارىخى» 1 - قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى 78 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 78 - بەت.

④ 1941 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى) 3 - ئاي «ئاپرىل ئىنقىلاۋىنىڭ 8 - يىللىق خاتىرە بايرىمىغا ھازىرلىق كۆرۈش ھەيئىتى» تەرىپىدىن تۈزۈپ باستۇرۇلغان «ئاپرىل ئىنقىلاۋىنىڭ 8 يىللىق خاتىرىسىنىڭ تەشۋىقات قوللانمىسى»، 34 - 35 - بەتلەر.

⑤ دارىلئاجىزىن — مېيىپ، ئاجىزلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنى.

⑥ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 1936 - يىلى 6 - ئىيۇن كۈنى تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن شۇ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۈرگۈزۈلگەن ئومۇمىي سايلام. بۇ سايلامدا ھەر بىر ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى، كېڭەش ھەيئەتلىرى ۋە كېڭەش باشلىقلىرى خەلقچىل ئاساستا سايلىنىپ چىققان.

⑦ «ئىتتىپاق» — 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى، گومىنداڭ دائىرىلىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بىر مەركەزدىن بىر تۇتاش

رەھبەرلىك قىلىش مەقسىتى بىلەن مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا، غۇلجا شەھىرىدە، 1948 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان سىياسىي ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، ئەينى زاماندا، 3 ۋىلايەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىدى.

⑧ چارەك — بىر چارەك قازغىنى كام 20 جىڭغا توغرى كېلىدۇ.

⑨ سۇتۇق بۇغراخان — قارا خانىلار ( خاقانىيە ) دۆلىتىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، 950 - يىلى ئۆز قەۋمى بىلەن مۇسۇلمان بولغان. شىنجاڭدا ئىسلامىيەت دەۋرى شۇنىڭدىن باشلانغان. بۇ زات، ھىجرىيە 344 - يىلى ( مىلادى 955 — 956 - يىللىرى ) ۋاپات بولۇپ، ئاتۇش مەشھەتتىكى «ھەزسۇلتان مازىرى»غا دەپنە قىلىنغان.



# شىنجاڭدا تېچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە

سۇزۇك ھاجىيوف

40 - يىللاردا شىنجاڭدا جاللات شېڭ شىسەي يۈزىگە تارتىۋالغان يالغان ماركسىزمچىلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئىلغار كىشىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى كەڭ دائىرىدە تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى فاشىستلارچە ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىرىپ چاپتى، قامىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۆزىنىڭ ماركسىزمدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى مەتبۇئاتتا ئوچۇق ئېلان قىلىپ، ئېتىقاد قىلغۇچى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭمۇ بۇ يولدىن قايتىپ ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتە كەڭ دائىرىدە تېررورلۇق، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوچۇق - ئاشكارا بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزۈپ، بۇلاپ تالىغان بايلىقىنى 30 دىن ئارتۇق ماشىنىغا يۈكلەپ شىنجاڭنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تاشلاپ بېرىپ بۇۋدىسى جىياڭ جيېشىغا 100 مىڭ سەر ئالتۇن پارا بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاخىرىدا تەيۋەنگە قاچتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا قالغان شىنجاڭ خەلقى سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ قاتتىق زۇلۇمغا، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ تالاپ - بۇلاشقا، تۇرمۇشتا تېخىمۇ خورلۇق ۋە كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدە سالغان قاتمۇ - قات زۇلمى چېكىدىن ئاشتى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ سەۋرى قاچىسىمۇ غەزەپ - نەپرەت بىلەن تولۇپ تاشتى، بۇنىڭ ئەمەلىي جاۋابى تەرىقىسىدە 44 - يىلى 11 - ئايدا نىلقا ناھىيىسىدىن باشلىنىپ چاقماق تېزلىكىدە ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە تارقاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلاۋى ھەركىتى قوزغالدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى چاقماق تېزلىكىدە ئىنقىلاپ قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىدىكى ئىنقىلاپ

بورنى جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرىۋەتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردە جۇڭگو گۇڭچەندانگى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن يەۋاتقان زەربە، شىنجاڭدا بولسا ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان مىليونلىغان خەلقنىڭ قوراللىق ئىنقىلاۋى زەربىسى، بۇ ئەكسىيەتچىلەرنى ئويلاۋىراق ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ مەشھۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان جاڭجىجۇڭنى شىنجاڭغا چىقىرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇشنى توختۇتۇپ، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىش تەكلىۋىنى قويۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ بۇلار بىلەن بولىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى توغرىسىدىكى سوھبەتكە مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىر ھاجىيۇپ ۋە ئۇبۇلخەيرى تورە باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمەكىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تالاش - تارتىش ۋە سوھبەتلەردىن كېيىن، 46 - يىلى 6 - ئايدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق سىياسى كېلىشىم (بىتىم) ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن شىنجاڭدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئاساس قىلىنغان «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، ناھىيىلىك، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى خەلقچىل ئاساسىدا سايلاپ چىقىش ئۈچۈن جايلارغا سايلام گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىلدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى سايلاش - سايلىنىش



ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا سايلامغا قاتنىشىپ ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئىختىيار قىلغان كىشىلەرنى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە كېڭەشلەرگە سايلاشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى - ئالدامچىلىقى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن ۋىلايەتلەرنىڭ سايلىمى ياخشى ئۆتمىدى. نەتىجىدە 11 ماددىلىق سىياسى بىتىمنىڭ ئىجراسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشقا باشلىدى. 47 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلماقچى بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى سايلاش يىغىنىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئېچىلالماي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 ماددىلىق سىياسى كېلىشىمنى بۇزۇشى بىلەن ئاياغلاشتى، ئاقىۋەت، مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كېڭەش ئەزالىرى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ئىلغار كۈچلەر، ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىن غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ كۆچۈش 47 - يىلى 7 - 8 - ئايلاردا بولۇپ ماناس دەرياسى قايتىدىن چېگرا ھالىتىگە كەلدى.

مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەت كۈچلىرى ۋە مىللى قوشۇن، 7 ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ چىققان ئىلغار كۈچلەر ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەت بازىسى بولغان غۇلجىغا يىغىلىپ قايىنام تاشقىنلىق بىلەن ئىش باشلىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى

بۇ جەرياندا پۈتۈن ئىشلارنى بىرلا مەركەزدىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ بولۇشىغا تەقەززا قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق كۆرۈلگەندىن كېيىن مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا 48 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى (قىسقارتىپ ئىتتىپاق دېيىلىدۇ)»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزي غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتنىڭ بېشىغىلا «شىنجاڭ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ قويۇلىشى شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلىپ ساقلاش، مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنى قوللىغۇچى، بىزنىڭ ھوقۇقىمىزنى قوغدىغۇچى ۋە بىزنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرگۈچى ئۇلۇغ جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئەبەدىي ئايرىلماسلىقتەك ئۇلۇغ نىشان ئاساسىي مەخسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلىرىغىچە ئىتتىپاقنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېتەكچىلىكىدە ئىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىسمىغا تىنچلىق - خەلقچىللىق دېگەن ئاتالغۇنى كىرگۈزۈشتىكى مەخسەت، شىنجاڭدا ھەقىقىي دېموكراتىيىنى قەتئىي جارى قىلدۇرغاندىلا، تىنچلىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە ئاپپاراتلىرىمۇ شۇنىڭغا لايىقلاپ تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ۋىلايەت، ناھىيىلىك ۋە يەرلىك تەشكىلاتلىرىمۇ ئارمىيە ئىچى ۋە سىياسىي ئورۇنلاردىن تارتىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە، زاۋۇت، كانلاردىن تارتىپ يېزا - قىشلاق، چارۋا رايونلىرىنىڭ بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغىچە ئۆزىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، يۈزمىڭلىغان



ئەزا قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇپ يېڭى ھايات ئىنقىلاۋى روھ ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە غەلىبىلىرى بىلەن ئۆز ئەزالىرىنى، ئارمىيىنى تەربىيىلەپ، شەرقتىن يورۇۋاتقان ئازاتلىق تېڭىنىڭ شىنجاڭدىمۇ بالدۇرراق ئېتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتى. 49 - يىلىنىڭ ئايىغىدا بۇ تاڭمۇ ئاتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھاكىمىيىتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋەكىللىرى، 7 ۋىلايەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، گومىنداڭچىلارغا شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلدۇرغان ھالدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى ئۇلۇغ تەنتەنىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىش غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىمۇ قۇراللىق قوشۇندىن تارتىپ بارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى پۈتۈن بىر گەۋدە قىلدى.

شۇنىڭدەك ئىتتىپاقمۇ ئۆزىنىڭ باش ئورگىنى بولغان ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە بيۇروسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى شىنجاڭ بويىچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن باشلاپ تاكى ئۇنىڭ يېزىلىق تارماقلىرىغىچە، مەدەنىي - مائارىپ، نەشرىيات ئورگانلىرىدىن

نارتىپ تاكى ئىختىساتلىرىغىچە ئوتكۈزۈۋېلىپ ئوز تەشكىلىنى
قۇردى. ئىتتىپاق ئوز خىزمىتىنى باشلاپ ئانچە ئۇزۇن بولمى-
غان ۋاقىت ئىچىدىلا بىر قانچە يۈزمىڭ ئەزا قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنى جۇڭگو كۆڭچەنداڭى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئەۋزەللىكى ۋە خىسلىتى ھەققىدە جىددىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش
مەقسىتىدە تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئېلىپ باردى. مۇندىن باش-
قا ئىتتىپاق ئوزىنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «ئالغا» گېزىتى
ۋە «ئالغا» ژورناللىرى ئارقىلىق پارتىيە سىياسىتىنى ئۈزلۈكسىز
تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلدى.

ھوكۇمەت ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ،
پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرىنى جايلارغىچە تەشكىللەپ
ئىقتىساتىنى تەرتىپكە سېلىپ جەمىيەتنى نورمال ئوز ئىزىغا
سېلىۋالغىچىلىك بولغان 5 يىل ئىچىدە، ئىتتىپاق سابىق ئۇيغۇر مە-
دەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن ئون مىڭلىغان
مەكتەپ، بىرقانچە يۈزمىڭلىغان ئوقۇغۇچى، جەمىيەتتىكى بارلىق
مەدەنى - مائارىپ ئورگانلىرى، كۇلۇبلار، خەلق باغچىلىرى،
بالىلار باغچىلىرى، داردىل ئاجىزىن، (ئىگە - چاقىسىز قېرى - چۆ-
رى، مېيىپ ۋە تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىپ بېقىش، ئۇلارنى
ئوز لايىقىدا كەسىپكە ئويۇشتۇرۇش ئورنى)، دارلىتام (يېتىم - يې-
تىملەر مەكتىۋى)، بۇغالتىرلىق ۋە سەنئەتچىلەر يېتىشتۈرۈش
كۇرسلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى باشقۇرۇپ ۋە تەمىنلەپ ھو-
كۇمەتنى ناھايىتى زور ئىقتىسادىي بېسىم ۋە باشقۇرۇش
بېسىمىدىن خالى قىلىپ، پارتىيە - ھوكۇمەتكە يېقىندىن ھەمكار-
لاشتى. مۇندىن باشقا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ
چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەركىتىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ زور



مىقداردا ئىئانە توپلىدى.

ئىتتىپاق، 1954 - يىلى ئوزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئاياغ-
لاشتۇرغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئوز خىزمەتلىرىنى پارتىيە رەھ-
بەرلىكىدە ئۇنۇملۇك ئادا قىلىپ، ئوزىنىڭ ئىلغارلىق رولىنى
ئەتراپلىق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتا ئازىيە بويىچە مىللى ئۇسلۇپ
ۋە ئۇيغۇر مىمارچىلىقى (ئوي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى) ۋە نەققاشچىلىقىنى
ئالاھىدە ئەكس ئەتتۇرگەن ئۇرۇمچى نەنمىڭدىكى مەشھۇر «خەلق
تىياتىرى» نىڭ بىناسىنى ئوز خىراجىتىنى ئاساس قىلغان ھال-
دا مۇكەممەل پۇتتۇرۇپ ۋە تولۇق جاھازلاپ، ھوكۇمەتكە ئوتكەز-
دى. ئۇنەڭدىن باشقا ئوزقولىدىكى بارلىق كوچمەس مۇلۇك (ئوي -
ئىمارەت) ئىقتىسات ۋە كادىرلىرىنىمۇ ھوكۇمەتكە ئوتكۈزۈپ،
ئوزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئۇتۇغلۇق تاماملىدى، تەپسىلىي با-
يان ۋە رەقەملىك سانلار ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي تارىخىغا كىرگۈ-
زۈلۇشى مۇمكىن.

1981 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

ئۈرۈمچى

# ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى

## كىرىش سۆز

30 - يىللاردا جۇڭگو يەنىلا مىللىتارىستلار پارچە - پارچە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھالەتتە تۇراتتى، جىياڭ جيېشى گەرچە شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، شىمالدا جاڭ زولىڭ، يەن شىشەن، پىڭ يۈشياڭلار ئۆز ئالدىغا ئىدى، جەنۇپ تەرەپتىمۇ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن گورۇھلاردىكى مىللىتارىستلار مەۋجۇت تۇراتتى. بولۇپمۇ غەربىي شىمالدا پىڭ يۈشياڭ قوماندانلىقىدىكى دۆلەت ئارمىيىسى ئاساسى جەھەتتىن سۈييۈەن، نىڭشيا، گەنسۇلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تاشقىرى، گەنسۇ، چىڭخەيدە ئۆز - ئارا بېقىنمايدىغان يەرلىك مىللىتارىستلار مەۋجۇت ئىدى. شىنجاڭ تەرەپتە 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن ھەربىي - مەمۇرى ھوقۇقنى ئىگەللىدى. شىڭ شىسەينىڭ قانات قۇيرۇقى تېخى تەكشەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا زور دەرىجىدە بولۇنۇش ۋەزىيىتىدە تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ئۆلكىلىرىنىڭ يەر شارايىتى غەرپتە بولغىنى، قاتناش قىيىن، مىللەتلەر مۇرەككەپ، خەنزۇ، مۇسۇلمان، زاڭزۇ مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بۇيان چوڭقۇر زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ ئىتتىپاق بولالمىغانلىقى ئۈستىگە يەنە يەرلىك



مىللىتارىستلارنىڭ ئوتتۇرىغا زىددىيەت سېلىشى تۈپەيلى، دائىم دىگىدەك ئۆز - ئارا قىرغىنچىلىق ۋە ئۇچمەنلىك مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، غەربىي شىمالدىكى 4 ئۆلكە، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدە چوڭ - كىچىك مىللىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى ۋە دەھشەتلىك ئېزىشى ئارقىسىدا يېرى قاقاس، ئادىمى ئاز بۇ رايوندا خەلق ھاياتى بالايى - ئاپەتلەر ئىچىدە قالغان ئىدى. نەدە زۇلۇم بولىدىكەن شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ، بۇ تارىخي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر قانۇنى، چوڭ - كىچىك مىللىتارىستلارنىڭ مەيلى قايسىسى بولسۇن ئېغىزدا «چېگرا رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز» دەپ چىرايلىق سۆزلىسىمۇ، ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئىگەللىۋالسىلا، ئۆز كۈچىنى - ھەربىي كۈچىنى كېڭەيتەتتى. ھەربىي كۈچى بولغاندىن كېيىنلا، ئەسكەر ئېلىشى، ئاشلىق ئالۋاڭ سېلىشى، پۇل توپلاش ئىشلىرىنى قىلىپ خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېغىرلىتاتتى، پىڭ يۈشياڭ غەربىي شىمالدا تۇرغاندىن كېيىن خېلى ئىشلارنى قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن تارىخ چاقىنى توسىيالماي ئاخىرى مەغلۇپ بولدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ليۇ يۈفېڭ گەنسۇ ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، يەرلىك كۈچلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن زور دەرىجىدە ئەسكەر كۆپەيتىپ، پۇخرالارنىڭ قان - تەرىنى شوراشقا باشلىدى. گەنسۇدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاپ - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە قالغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ماجۇڭيىڭ دەل شۇ قارشىلىق كورسۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ، مىللىتارىستلىق نەسەپ «سايىسى» ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

زىندىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، پۇرسەت كەلسىلا كۈچ توپلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش نامى بىلەن ئامما ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، كۈچ توپلاپ مەلۇم بىر جاينى ئۆز ئالدىغا بولىۋېلىپ، ئاتاقلىق قەھرىمان بولۇشنى كۆزلەيتتى، ماجۇڭيىڭ قورقماس يۈرەكلىك بولغىنى ئۈچۈن جياڭجېيشى ئۇنىڭغا 36 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىقىنى بېرىپ، بۇ ئارقىلىق پىڭ يۈشياڭنى تىزگىنلەپ پۈتۈن مەملىكەتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى، ئەمما ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچى جۇڭيۈەن تەرەپكە ئاجىزلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كەلدى ۋە سەددىچىننىڭ سىرتىدا «مەڭگۈ ئۆچمەس» بىر ئىش قىلماقچى بولدى. كېيىن ئۇ، تۈرلۈك چىگىشلەشكەن ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى- دىن، گەرچە ئىدىيىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ھەقىقىي ئىن- قىلاب يولىغا ماڭماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدى- كىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمىدى. ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، پەقەتلا بىر تارىخىي ئەسلىمە قالدۇردى. خالاس، خۇددى قەدىمقىلارنىڭ «چاپسان كەلگەن ئامەت چاپسان تۈزۈلىدۇ» دېگىنىدەك بىر ئىش بولدى. نەتىجىدە ئۇ، يەنىلا مىلىتارىستلىق يولىدىن باشقىچە يول تاپالمىدى. قىسقىسى 7 يىل ئىچىدە غەربىي شىمالدىكى 4 ئۆلكىنى جاق مالىمان قىلدى. كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇرەككەپ سەۋەبلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، بالايى - ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساسىي سەۋەب ھېساب- لىنىدۇ. بىر مەزگىل غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر ئۇنى «گا- سىلىڭ» دەپ ئاتاپ ئاجايىپ قەھرىمان ھېساپلىغان بولسىمۇ،



ئاخىرى ئۇ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ تەغدىرىمۇ، باشقا مىلىتارىستلارنىڭ ھالاكەت تەغدىرىدىن باش- قىچە بولمىدى. ماجۇڭيىڭ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاقىۋىتى- نى خاتىرىلەپ قويۇش، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردە، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. نەچچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش جەريانىدا، ماجۇڭيىڭ توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالىنى سىياسىي كېڭەش ئورۇنلىرىنىڭ توپلىغان تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ماجۇڭيىڭ توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقتىم. تولۇق بولمىغان جايلىرى بار، بۇ ھەقتە پ شىشغىراق مەلۇماتقا ئىگە يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## (1) ماجۇڭيىڭنىڭ ئائىلە نەسەبى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

ماجۇڭيىڭنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن گەنسۇ تەۋەسىدىكى بىر قانچە «ما» فامىلىلىكلەرنى سۆزلەشكە توغرى كېلىدۇ. كىشىلەر گەنسۇدا 5 «ما» فامىلىلىك بار دېسىمۇ ھەر قايسى ھەر خىل سانلاپ بېرەتتى. ئەسلىدە گەنسۇدىكى «ما» فامىلىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ماجەنئاۋچىن خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بىلەن زوزۇڭتاڭغا تەسلىم بولدى. زوزۇڭتاڭ ئۇنىڭغا خېجۇدا ئۈچ چى ئاتلىق

قوشۇن تۈزۈشكە يول قويدى. ماجەنئاۋ بۇ قوشۇنغا ئومۇمىي باشلىق بولغاندىن تاشقىرى 2 - قوشۇنغا قوشۇمچە باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ماجەنئاۋ چوڭ ئوردىسىنىڭ بىر قىسىم خۇيزۇ قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدارى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ما فامىلىلىكلەر گەنسۇدا ھەربىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، فېئودال ھوكۇمرانلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ خەلقنى باستۇردى ۋە ئۆز ئالدىغا يەرلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ماجەنئاۋدىن باشلاپ گەنسۇدا تەرەپ - تەرەپتىن، «ما» فامىلىلىكلەر باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ دەۋرى ۋە ئەجداتلىرىدىن قارىغاندا ۋە ئۇلاردىكى كۈچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن كونا 5 «ما» فامىلىلىكلەر ماجەنئاۋنىڭ بالىلىرى ماڭەنلياڭ، مافۇشياڭ، ماچى، مالىن، ماتىڭشياڭلار؛ كېيىنكى كىچىك بەش «ما» فامىلىلىكلەر: ماخۇڭبىڭ، ماخۇڭدا، مابۇچىڭ، مابۇفاڭ، ماجۇڭيىڭلاردىن ئىبارەت. ماخۇڭبىڭ بىلەن ماخۇڭدا ئىككىسى بىر نەۋرە، مابۇچىڭ بىلەن مابۇفاڭ ئاكا - ئۇكا، ماجۇڭيىڭ بولسا، مابۇفاڭغا يېقىن تۇغقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە غەربىي شىمالدا ھەربىگە قاتناشقان ما فامىلىلىكلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما يۇقۇرقى ما فامىلىلىكلەر بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلاردۇر. ماجۇڭيىڭ ھەممىدىن كېيىنرەك چىققان ھەم كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن بىرسى. باشقا «ما» فامىلىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھوكۇمران ھاكىمىيەت تەرەپتە تۇردى. ماجۇڭيىڭ دەسلەپتە مىلىتارىستلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تەرەپتە تۇردى. بۇ، ماجۇڭيىڭنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئائىلىسى باش-



قىلارغا ئوخشاشلا خېجۇدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى مابۇفاڭنىڭ بوۋىسى بىلەن قېرىنداش بولۇپ چوڭ ئوردىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. شىتەيجۇ «غەربىنى تازىلاش» يۈرۈشى قىلغاندا ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىناۋىتى بار ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئاتىسىمۇ ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. ماجۇڭيىڭ ياش ۋاقتىدىلا چىڭخەيدىكى يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدىغان ھەربىي مەكتەپتە تەربىيىلەندى، بىر ئاز چوڭ بولغاندا، باتالىيون كوماندىرى ( يىڭجاڭ ) بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماجۇڭيىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا يۈرەكلىك شوخ بالا بولۇپ، تاش ئاتسا، يۈزدە - يۈز كوزلىگەن يېرىگە تەككۈزىدىغان ماھارەتنى مەشىق قىلغان ئىدى. 14 ياش ۋاقتىدا بىر نەچچە شوخ ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاش بىلەن چېنەپ ئېتىپ بىر نەچچە ساقچىنى ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ قۇرالىنى تارتىۋالغان ئىكەن، دېمەك شۇ كەمدىلا ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل باتۇرلۇق ئىرادىسى بار ئىدى. 17 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ، يىڭ يۈيشياڭ، لىيۇيۇفىڭغا قارشى تۇرۇش شۇئارى ئاستىدا ئەسكەر توپلاپ، ئۆزى باشلىق بولۇپ ئۇرۇش قىلغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا «گاسىلىڭ» دەپ نام بەرگەن. شۇ چاغلاردا غەربىي شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، «گاسىلىڭنىڭ يېشى كىچىك، گەپ ئاڭلىمايدۇ بۇ شا كىچىك» دەيدىغان ناخشا چىققان. دېمەك «گاسىلىڭ» ئوتتۇرىغا چىقىپ غەربىي شىمالدىكى 4 ئۆلكىنى خېلى پاراكەندە قىلدى. شۇڭا بۇ يېقىنقى زامان جۇڭگودىكى مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز - ئارا قالايمىقان ئۇرۇشقان تارىخىدا بىر سەھىپە ئىگەللەپ تۇرماقتا.

## (2) ماجۇڭيىڭ ئوزگورۇشىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى

ماجۇڭيىڭنىڭ ئىشى 1928 - يىلى «خېخاڭ ۋەقەسى»دىن باشلىنىپ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىدە 7 يىل داۋام قىلدى. دەسلەپتە ئىش قوزغىغانلار ماجۇڭيىڭ باشچىلىغىدا 7 كىشى ئىدى. بۇ 7 كىشىنىڭ شۇ چاغدىكى قىسقىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ماجۇڭيىڭ: ئەسلى ئىسمى بويىڭ، گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا (خېجۇ) مونىگولۇق، ئۇنىڭ بوۋىسى ماخەيرۇ، مابۇفاڭنىڭ بوۋىسى ماخەيىەن بىلەن قېرىنداش ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ماباۋ، نىڭخەي ئارمىيىسى ئاتلىق 11 - باتالىيون كوماندىرى ئىدى. كېسەل سەۋەبىدىن ئۇ كىشى خېجۇدا داۋالىنىپ ياتقاندا 17 ياشلىق ماجۇڭيىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا باتالىيون كوماندىرى بولدى. دېمەك ئۇ ھەربىلەر ئىچىدىن كېلىپ چىققاچقا ئوز ئالدىغا باتۇر بولىدىغان قارا نىيىتى كىچىكىدىن تارتىپ پەيدا بولغان ئىدى. شىنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن مابۇفاڭ بىلەن قورساق ئۆرۈشى پەيدا بولغاندا ئىسمىنى جۇڭيىڭ دەپ ئۆزگەرتتى. دېمەك كىچىك ۋاقتىدىلا ۋەقە تۇغدۇرۇپ ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن غەربىي شىمالدا ئۇنى «گاسىلىڭ» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن.

ماتىڭ: مۇسۇلمانچە ئىسمى خۇسەيىن، خېجۇ جاڭزىگولۇق، نىڭخەي ئارمىيىسى 14 - ئاتلىق باتالىيونىنىڭ كوماندىرى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى ماچاڭگۇي، نىڭخەي ئارمىيىسىدە پولكوۋنىك بولغان.



مابۇ: خېجۇلۇق، نىڭخەي ئارمىيىسى 8 - باتالىيون كاماندىرىنىڭ ئوغلى، ماجۇڭيىڭنىڭ جىيەنى.

ماخۇسەن: خېجۇ مونىگولۇق ماجۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ئىدى.

ماگۇلبەي: خېجۇلۇق. ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا روتا كوماندىرى (لىيەنجاڭ) بولغان.

ماچېڭبو: خېجۇلۇق ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمىدا ئون بېشى (پەيجاڭ) ئىدى. كىشىلەر ئۇنى چېڭبو پەيجاڭ دەپ ئاتايتتى.

مادەنبا: خېجۇ، خەنجىياجىلىق.

1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، گەنسۇدىكى چوڭ - كىچىك مىللىتارىستلارنىڭ ئوز ئالدىغا ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بىر - بىرىگە ئىتائەت قىلماي، ھەر قايسى ئوز يېرىدە ئىستىبداتلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش، قوزغىلاڭ پەيدا بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى. بايان قىلىشقا ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئۈچۈن شۇ چاغلاردا ئوز ئالدىغا بولۇۋالغان مىللىتارىستلارنى تۆۋەندىكىچە كورسىتىمىز:

خۇيزۇلاردىن:

نىڭشا مۇداپىئە ئەلچىسى ماخۇڭبىڭ

نىڭخەي مۇداپىئە ئەلچىسى ماچى

گەنجۇ « » مالىن (ماچىنىڭ ئىنىسى)

لياڭجۇ « » ماتىڭ شياڭ

خەنزۇلاردىن:

شۇيجۇ مۇداپىئە ئەلچىسى ۋۇتوڭگرېن

خېجۇ «  » بى جيەنجۇن

لۇگىئەن جەنۇبىي گەنسۇ مۇداپىئە ئەلچىسى كوڭ فەنجىڭ، لۇگدۇڭ (شەرقىي گەنسۇ مۇداپىئە ئەلچىسى جاڭ ياۋجيا.)

بۇنىڭدىن باشقا خۇيزۇلاردىن چوڭراق مىللىتارىست مافۇشياڭ سۇيۈەندە دۇتۇڭ ئىدى، مافۇشياڭ گەرچە ئۆزى گەنسۇدا بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ «ئابرويى» بولغانلىقتىن يەرلىكلەر ئۇنى ما فامىلىلىكلەرنىڭ باشلىقى دەپ تونۇيتتى.

مۇنداق مىللىتارىستلىق ئەھۋال ئاستىدا، خۇيزۇ - خەنزۇلار ئۆز - ئارا دۈشمەنلىك قىلىشاتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى خۇيزۇلارمۇ پايدا - زىيانغا قاراپ بىرلىشەتتى، ياكى ئىتتىپاقسىزلىق قىلاتتى. ھەقىقىي يوسۇندا بىرلىشالمايتتى. مەيلى خۇيزۇ، خەنزۇ مىللىتارىستلار بولسۇن سىرتتىن كەلگەن كۈچلەرگە بىردەك دۈشمەنلىك كۆز بىلەن قارايتتى. باشلىق بولۇپ كەلگەن مىللىتارىست بولسا، يەرلىك كۈچلەرنى ئايرىم ھالدا بىخۇتلاشتۇرۇش ياكى باستۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن تەبىئىي يوسۇندا ئۆز - ئارا ئۇرۇش - تالاش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى.

پىڭ يۈشياڭ نەنكۇدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دۈەن چىرۇي ھوكۇمىتى ئۇنى غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى نامى بىلەن غەربىي شىمالغا يۆزلەندۈردى. پىڭ يۈشياڭ كورۇنۇشتە ئوستۇرۇش، ماھىيەتتە ئەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مافۇشياڭنى غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە جەمىيىتى قۇرۇشقا يېتەكلەپ ئۇنىڭ قېرىنداشى لى مۇگجۇگنى سۇيۈەننىڭ دۇتۇڭلىقىغا تەيىنلىدى. ھەمدە مافۇشياڭنى ئالداپ ئۇنىڭ ئوغلى مافىڭدانى لۈيجاڭلىقتىن 7 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىقىغا ئۆستۈردى.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىيۇيۇفىڭنى گەنسۇغا مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىپ نىڭشيادىن ئۆتكەندە ماخۇڭبىڭنىڭ قارشى ئېلىپ ئۆتكۈزۈشىگە مۇيەسسەر قىلدى. شۇ چاغدىكى چوڭ - كىچىك خەنزۇ مىللىتارىستلار گەنسۇدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى لى چاڭچىڭنى لەنجۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا قارشى ئېلىشقا كوندۇردى. ئەمما ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا لى چاڭچىڭنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇەنجاڭ باۋيۈشياڭ يىڭجاڭ خۇالەنجۇيلەرنى مېھمانغا چاقىرىپ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بىناسىدىكى باغچىدا تىرىك كومۇۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كورگەن خۇاڭ دېگۇيلەنجۇ گوەنشەندە قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ دولەت ئارمىيىسىگە قارشى چىقتى. خۇاڭدېگۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئادەتتە مەشىق قىلمايدىغان بوشاڭ ئەسكەرلەر بولغىنى ئۈچۈن لىيۇيۇفىڭنىڭ قول ئاستىدىكى جاڭ ۋېشى بىرىگادىسى ئۇلارنى ئوڭايلا تار - مار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن لىيۇيۇفىڭ قوشۇنلىرى غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ جەنۇبىي گەنسۇنى ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردىكى مىللىتارىست كوڭ خەنجىڭ سىچۇەنگە قېچىپ كەتتى. شەرقىي گەنسۇدىكى جاڭياۋجيا، مافۇگدا بىلەن دولەت ئارمىيىسىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى ئاستىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. شۇنداق قىلىپ خەنزۇلاردىن چىققان كىچىك مىللىتارىستلار ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاندى.

دولەت ئارمىيىسى لىيۇيۇفىڭ جەنۇبىي گەنسۇنى ئىشغال قىلىپ سىچۇەنگە نەزەر سالدى. ۋە نەيزە ئۇچىنى شىنىڭ، لياڭجۇ، گەنجۇغا قاراتتى. مالىن خېلى بۇرۇنلا لىيۇيۇفىڭغا قەتئىي بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن ئىدى. ماتىڭشياڭ بىلەن ماچىڭنىڭ پوزىتسىيىسى سۇس بولدى. شۇڭا لىيۇ بىرىنچى

قەدەمدىلا ئىككى ئورۇندىكى ئەسكەرلەرنى ئۆزگەرتىپ دۆلەت
ئارمىيىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزىۋالدى. ماجى قىسىملىرىنى 26-
دىۋىزىيە، ماتىڭشياڭ قىسىملىرىنى 27-دىۋىزىيە قىلىپ تۈزدى.
2 - قەدەمدە ماتىڭشياڭدىن ئەپيۇن جەرىمانىسىدىن توپلىغان
پۇلدىن 40 مىڭ يۈەن قەرز ئالىمىز دەپ ئۇنى ئۆلكىدىن
ئاجرىتىۋەتتى. 3 - قەدەمدە شىنىڭ ۋە لياڭجۇدىن بىردىن
ئاتلىق بىرىگادا ئەسكەرنى يۆتكەپ شەنشىگە توپلىدى. ۋەزىيەت
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن نىڭشيا، لياڭجۇ تەرەپنى قارشى
تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇڭا بۇ ئىككى تەرەپ
ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت باغلاپ ماجى ئاكا - ئۇكا ئىككىسى
قۇرئان تۇتۇپ قەسەميات قىلىشتى ھەمدە مافۇچىڭنى لياڭجۇ-
دىكى ماتىڭشياڭغا ئېۋەتىپ بىرلىشىپ پىڭ يۈشياڭغا قارشى
تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما نىڭشيا بىلەن لياڭجۇدىكى
باشلىقلارنىڭ ئىدىيىسى بىردەك بولمىدى. مەسىلەن ماتىڭشياڭ
ئادەتتە ئاچكوز، راھەتپەرەست بولغاچقا ئۇرۇش ياكى تىنچلىق
توغرىسىدا مۇقىم تەشەببۇسى يوق ئىدى. ماجى بۇ ئەھۋالدىن
قاتتىق قايغۇرۇپ باش - ئايىغىدىن قورقۇپ ئۆز ئالدىغا بىرەر
ھەركەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. باشقا بىر تەرەپ قارشى ھەركەت
قىلسا ئۆزى تاماشە كۆرۈپ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى
بولدى. شۇنىڭ بىلەن ماجى شىنىڭدىكى ھەربىلەر ئىچىدە پىڭ-
يۈشياڭغا قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزدى. 1928 - يىلى ئەتى-
يازدا ماجى بىر قېتىملىق زىياپەتتە قوتۇراتقۇلۇق قىلىپ دۆلەت
ئارمىيىسى بىرنى ئايرىم - ئايرىم يوق قىلىش چارىسىنى
قوللىنىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ.



بىز بولساق قېرىدۇق، ياشلارنىڭ ئىچىدە جىگىرى بار ئوغۇل
باللىرى يوق. ئەگەر بار بولسا ئوتتۇرىغا چىقىپ دۆلەت ئارمىيە-
سى بىلەن كۈرەش قىلسۇن، شۇنداق قىلغۇچىغا چوقۇم ئورغۇن
ئادەم ئەگىشىدۇ. پىڭ يۈشياڭ ھازىر غەربىي شىمالدا ئەسكەر
ئېلىۋاتىدۇ. ھەر ناھىيىدىن ئالىغان ئەسكىرى 1000 دىن كام
ئەمەس، ھەر بىر ئەسكەر ئۈچۈن پۇخرالار 2 - 3 يۈز يۈەن
پۇل تۆلەۋاتىدۇ. باج - خىراج ھەمدە بايلاردىن ئىئانە ئېلىۋاتى-
دۇ. پۇخرالار ھازىر چىش تىرنىقىغىچە قارشى. بىرەر كىشى باش
كوتۇرۇپ چىقسا ئۇنىڭغا ھەممىسى ئەگىشىدۇ» دېدى. بۇ سۆز
شىنىڭدىكى ياش ئوفىتسېرلارنى رىغبەتلەندۈردى. بولۇپمۇ
ئاتلىق 11 - باتالىيون باشلىقى ماجۇڭيىڭ بىلەن 14 - باتا-
لىيون باشلىقى ماتىڭ قاتتىق تەسىرلەندى. چۈنكى بۇلار بىلەن
مابۇفاڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇندىنلا زىددىيەت بار ئىدى.
چۈنكى مابۇچىڭ، مابۇفاڭلار ئاتىسىغا يۆلىنىپ قوراللىرىنى، ئاتلىرى-
نى خىللىۋالاتتى. ماجۇڭيىڭغا بولسا نەدىكى ئەسكى مىلتىق، ناچار
ئاتلارنى بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مابۇفاڭ كوپىرەك ئاقساقاللىق
قىلاتتى. قاتتىق قوللۇق قىلىپ قول ئاستىدىكىلەردىن ئېغىر
جەرىمانە ئالاتتى. دېمەك ئىچكى جەھەتتە زىددىيەت بولغانلىق-
تىن ماجۇڭيىڭ ئۆز تاغىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن چىقىپ كېتىشنى
خېلى بۇرۇندىن ئويلاپ كېلەتتى. ھازىر، يۇقۇرقى سۆزلەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاستىرتتىن تىل بىرى-
كتۈرۈپ ماتىڭ، ماخۇسەن قاتارلىق 7 كىشى بىلەن شىنىڭنىڭ
جەنۇبىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى گادىيەن دىگەن بىر دۇكاندا
مەخپىي يىغىن ئېچىپ ئىش باشلىدى. ماجۇڭيىڭ ماجى سۆزلى-
گەن سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن: «دۆلەت ئارمىيە-

بىسى غەربىي شىمالغا كېلىپ ئوز كۈچىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئەسكەر تۇتتى، پۇل يىغدى. خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتى ئېغىرلاشتى، ئەگەر خېجۇدىن ئىش باشلىيدىغان بولساق، بىزگە ئەگىشىدىغانلار كوپ، دولەت ئارمىيىسى يەرلىك كۈچلەرنى يوقاتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن شىنىڭ، ليائجۇدىكى ھەربىلەردىن بىزگە قوشۇلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس» دىدى. كوپچىلىك بۇ سوزنى ئاڭلاپ بىرلىككە كەلدى. بىر جۇمە كۈنى شىنىڭدىكى ھەربى مەمۇرى ساھىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جۇمە نامىزىغا كەلگەن پۇرسەتتە ئىش باشلىماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ، مافىڭ قاتارلىق 6 كىشىگە ئات، قۇراللارنى تەييارلاپ تۇرۇشقا مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن مەسچىتكە كەلدى. ماجۇڭيىڭ قان سەپرا قىلىپ ئاغرىپ قالىدىم دەپ مەسچىتكە كىرمەي ۋەدىلەشكەن ئادەملەرنىڭ يېنىغا باردى — دە ئاتلىنىپ شەھەردىن چىقتى. ماچى بىلىپ قالسا تېلېگىرام بېرىپ يول ئۈستىدە توساپ ئاۋارە قىلىدۇ دەپ شەرقىي يولدىكى سىم تاناپنى كېسىپ تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە ماجۇڭيىڭ قاچقاندىن كېيىن ماچى ئاڭلاپ، «ئۇلار قانچىلىك ئىش قىلماقچى، كارىڭلار بولمىسۇن» دىدى. ئاردىن نەچچە كۈن ئوتكەندە مەسئۇلىيەتتىن باش قاچۇرۇپ مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى مارۇيىنىي قوغلاشقا ئېۋەتكەن بولدى.

ماجۇڭيىڭ باشلىق 7 كىشى توگە قورغانىغا يەتكەندە سارايى ئېچىۋاتقان 4 — 5 كىشى قەسەم بېرىپ قوشۇلدى. ئەتىسى يولغا چىقىپ 200 يول يۈرۈپ ئاندىن ئارام ئالدى. 11 — باتالىيون 14 — باتالىيوندىكى كونا قىسىملارغا چاقىرىق قىلغاندا، روتا كوماندىرى مايىڭبياۋ باشلىق نەچچە ئون



ئادەم كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرلەپ سالالىقلارنىڭ ئىماملىرىم جامەسىگە بېرىپ پېشىن ناماز ئوقۇۋاتقانلارغا ماجۇڭيىڭ سوز قىلىپ: «دولەت ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا كەلگەندىن كېيىن ئەسكەر ئالدى. سېلىق سالدى. پۇخرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئېغىر، تۇرمۇشى قىيىنلاشتى، شۇڭا مەن كوپچىلىك بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا قارشى تۇرىمەن. مېنىڭ بۇ ئىشىم ھاكىمىيەت تالىشىش ئۈچۈن ئەمەس، سىلەرگە مەلۇم: شىنىڭدە ئەمىلىم، پۇل — مىلىمۇ بار. ئەگەر سىلەر دولەت ئارمىيىسىگە ئەسكەر بولۇشنى خالىمىساڭلار ياكى ئالۋاڭ تولەشنى خالىمىساڭلا، بىز بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا قارشى تۇرۇڭلار!» دىدى. بۇ يەردە يەنە بىر مۇنچە ئادەم قوشۇلدى. ئۇلار ئىلگىرلەپ شۇنخۇاغا يەتكەندە ئادەم بەلگىلەپ شەھەر دەرۋازىسىغا پوست قويۇپ، يامۇلنى ئاختۇرۇپ، 8 مىڭ سەر پۇل تاپتى، شۇ يەرنىڭ ئامبىلى ئولۇك ساندۇغىغا مۈكۈۋېلىپ ئامان قالدى. ساقچى ئەترىتىنى قۇراللىسىزلاندۇردى. قاماقتىكىلەرنى بوشاتتى. قاماقتىن بوشانغانلاردىن بىر مۇنچە ياشلار ماجۇڭيىڭغا قوشۇلدى. يەنە ئادەم ئېۋەتىپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى. مايىڭبياۋ، ماگولبەيلەرنى 500 سەردىن پۇل بىلەن قۇرال سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېجۇغا ئېۋەتتى، شۇ چاغدا دولەت ئارمىيىسى شۇنخۇا ناھىيىسىدە يېڭى تۇتقان ئەسكەرلەرنى قۇراللاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرال — ياراق ئېۋەتمەكچى بولغان ئىدى. بۇ خەۋەرنى ماگولبەي ئاڭلاپ كېچىلەپ مېڭىپ ماجۇڭيىڭغا يەتكۈزدى. ماجۇڭيىڭ ئادەم تەيىنلەپ مەزكور قۇراللارنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاشتى. ئۇلار خېجوغا يېتىپ بارغىچە

يولىدا: «ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، بايلارنى بۇلايمىز، كەمبەغەللەرنىڭ بىر قىلمىغا تەگمەيمىز» دەپ ناخشا ئېيتىپ بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

## (3) خېجۇغا 3 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولۇشى

1928 - يىلى دېخانلار كالىندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ماجۇڭيىڭ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ خېجۇ، خەنجاجى، خەنتۇسى يامۇلىغا چۈشۈپ شۇ يەردىكى پومىششىكلارنىڭ ياڭۋاسەن، يىڭۋاسەن، داپۇزۇي قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان مۇداپىئەسلىرىنى بۇزۇپ قوراللىرىنى غەنىمەت ئالدى. بۇ چاغدا يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر كېلىپ قوشۇلدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن نىڭشيادىكى مىللەتارىست ماخۇڭدانىڭ يۇرتىغا قايتقان بىر باتالىيون ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۆز قوراللىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ماخۇڭدانىڭ ئاپىسىغا تاپشۇرغان ئىدى. ماجۇڭيىڭ كېلىپ ماخۇڭدانىڭ ئاپىسىدىن مەزكۇر قوراللارنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاندىن خەنزۇ - خۇيزۇلارنى توپلاپ بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىپ دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇپ گەنسۇ چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلدى. بۇ قوشۇن ھۆكۈمەت قولىدىكى مىلتىق - ياراق، ئات - خېچىر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاندىن باشقا پۇقرالارنىڭ بىر قىللىق نەرسىسىگە تەگمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. «خەنزۇ - خۇيزۇ پۇقرالارغا



تەگمەيمىز، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى بىرىنىمۇ قويمايمىز» دېيىلگەن شوئار ئاستىدا خەنزۇ - خۇيزۇ پۇقرالار ئىتتىپاقلىشىپ دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى تۇردى. بۇ شوئارنىڭ تەسىرىدە ئەتراپتىكى ئۇرۇق - تۇققان، ئەل - ئاغىنىلەرمۇ قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قوشۇلدى. خەنزۇ پۇقرالاردىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قوشۇلدى. بۇ شوئار تارقالغاندىن كېيىن، قورقۇنچاق خەنزۇلار شەھەر ئىچىگە قاچتى. قورقمايدىغانلىرى بىرىسىگە: «بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى بولماستىن، گا سىلىڭنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى كۆتەرگەن ئىسيانى ئىكەن» دەپ ئۆز - ئارا تەشۋىق قىلىشتى. شۇڭا خەنزۇ - خۇيزۇ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۆز - ئارا قورقۇشماستىن تېخىمۇ دوستلىشىپ شەھەر ئىچىگە قېچىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى.

ماجۇڭيىڭ خېجۇدا ئىش باشلىدى. بۇ يەردە ئېغىر جاپا تارتتى، شۇنداقلا پۈتۈن غەربىي شىمالغا تەسىر كۆرسەتتى. تارىختا زو زوڭتاڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىمۇ خېجۇدا ئۇرۇش بولغان ئىدى. شۇڭا بىز خېجۇنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە **تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:**

خېجۇ (لىڭشيا) شەرقىي گەنسۇدىكى سودا - تىجارەت، قول سانائىتى گۈللەنگەن، نەچچە مىڭ ئۆيلۈك خەنزۇلار جايلاشقان چوڭ شەھەر. نەنگۇەن تەرەپلىرىدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىلىك خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ قانچىلىغان مەسچىت ۋە جامەلەر بار. دىنىي ئېتىقات كۈچلۈك ئىدى. خۇيزۇلار بۇ شەھەرنى «كىچىك مەككە» دەپ ئاتايتتى. زو زوڭتاڭ غەربىينى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن مەنچىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ «پار-

چەكلەپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى ئاستىدا، خەنزۇ- خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك كۈچەيگەن ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا گويا ھېچ ئىش يوقتەك بولسىمۇ، ئۇرۇش پەيدا بولسىلا مىللىي قىرغىنچىلىق شەكىللىنەتتى. بۇ چاغدا خېجۇدا ليۇيۇفەڭنىڭ ئىن- شەنچىلىك ئادىمى جاۋشىپى تۇراتتى. بۇ ئادەم ئەسلىدە يېڭ يۈيشياڭنىڭ ئادىمى بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مىللىي ئىشلارغا ئانچە ئېتىۋار قىلمىدى. توغرى بىر مىللىي سىياسەتنى يۈرگۈزمىدى. بۇلار مىللىتارىستلىق يولى بىلەن قوراللىق بوي- سۇندۇرۇشقا تاياندى. ئۇلارنىڭ: «دۆلەت ئارمىيىسى خەلقنى ھەقىقى سۆيىدۇ» دېگىنى ئېغىزدىكىلا سۆز ئىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن سەل بۇرۇن خېجۇنىڭ جەنۇبىي يېزىلىرىدىكى يېڭى- كونا دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئۆز ئارا تالاش- تارتىشى پەيدا بو- لۇپ قان توكۇلۇش ئىشلىرى چىققان ئىدى. جاۋشىپى بۇ ۋە- قەنىڭ نېمىلىكىنى، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقىنى سۈ- رۈشتۈرمەيلا، بىر قانچە باشلىقلارنى قولغا ئېلىپ خەلقنى باس- تۇردى. بۇ ئەھۋالنى ليۇيۇفەڭگە دوكلات قىلغاندا ليۇ جاۋاپ بېرىپ: «ياخشى قىلىپسەن. بۇ خەلق 30 يىلدا بىر كىچىك تو- پىلاڭ، 60 يىلدا بىر چوڭ توپىلاڭ قىلىدىغان خەلق. بۇ قېتىم مەن ئۇلارنى 300 يىلدىمۇ، 600 يىلدىمۇ توپىلاڭ چىقىرالماي- دىغان قىلىۋېتىمەن» دېدى. بۇ سۆز جاۋشىپىغا باشلىقلارنى قولغا ئېلىپ قىرغىنچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ بەرگەن بولىيورۇق بولدى. شۇڭا مەزھەپ تالىشىۋاتقان خەلق ئىچكى زىددىيەتلە- رىنى يىغىشتۇرۇپ بىرلىشىپ خېجۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ ئىش ماجۇڭيىڭنىڭ خېجۇغا ھۇجۇم قىلىشىغا پايدىلىق شەرت- شارايىت بولغان ئىدى.



ماجۇڭيىڭ خەنجاۋدا بىر مۇنچە ھەركەت قىلغاندىن كېيىن سەنفاگۇەنگە يۆتكەلدى. بۇ باسقۇچتا ماجۇڭيىڭنىڭ ھەربىي مەق- سىدى يېڭى ئايدىڭلىشىپ، پىشىپ يېتىلگەن، بولۇپمۇ قاۋۇل ھەربىي خادىملار كەم ئىدى. توپلانغان كىشىلەر ئادەتتىكى يۇخ- رالار بولۇپ ئېتىپ يۈرۈيدىغان پارتىزان خاراكتېرلىق بول- غاچقا، ئۇچۇق- ئاشكارا ھەركەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قوي- مالى بولمايتتى. دەسلەپتە ئۆزلىرىنى «قوراللىق كۈچلەر» دەپ ئاتىدى. كېيىن «قارا يولۋاسلار» دەپ ئاتىدى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنى «سىلىڭ» دەپ ئېلان قىلدى. ماتىڭ ئورۇنباسارى بولدى. ئۆزلىرىگە بايراق بەلگىلىدى ۋە ئىجراچى مۇنتىزىم ئەترەت تەش- كىللەپ ھەر قايسى يول- ئېغىزلارغا قاراۋۇل قويدى. دېمەك ماجۇڭيىڭدا ھەربىي- سەنئەت ئۆگەنگەن قاراۋۇل ئادەملەر يوق دېسەكمۇ، ئۇنىڭ خېلى چوڭ مەقسىدى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمى- شىمىز كېرەك. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلەرگە تەرتىپ - ئىنتىزام ئېلان قىلدى؛ ھەربىي قىسىمغا قاتناشقانلارنىڭ مىنگەندىكى ئات- خېچىرى بولسا ئۆز ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلى- تىش، ئاشلىقنى باي ئائىلىلەردىن ئۆتنە ئېلىش؛ خۇيزۇ- خەنزۇ پۇقرالارنىڭ مال- مۈلكىنى بۇلىماسلىق، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك؛ ئەگەر خۇيزۇ پۇقرالاردىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، جانغا- جان تۆلەش؛ ئەگەر خەنزۇلاردىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ قويسا بىر جانغا ئىككى جان تۆلەش دەپ ھەربىي ئىنتىزام ئورناتتى. ئۇ چاغ- لاردا ئۆممىگۈەن، گويشۇگۈەن تەرەپلەردە ئولتۇراقلاشقان خەن- زۇلار شىۋاڭدىن ئاشلىق ئەكىلىپ يەيتتى ۋە شۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتەتتى. قاراۋۇللار بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا ما- جۇڭيىڭ «تۇساڭلار» دېدى. بىزدىن قورقۇنچاق خەنزۇلار ئۇياق-

بۇياققا ئۆز مەيلىچە كۆچتى. قاراۋۇللار بىر كۈنى خەنزۇ پۇخرالارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ما شىرىپ ئىسىملىك بىر خۇيزۇنى تۇتۇپ كەلتۈرگەندە دەرھال سازايى قىلدۇردى. ماجۇڭيىڭ خەنزۇ-خۇيزۇ خەلقلىرى بىرلەشكەندىلا كۈچەيتۈلگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشۈنەتتى. ئۇنىڭ ئېلان قىلغان تەرتىپ-ئىنتىزاملىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەسكەر سانى ئاز بولغان دەسلەپكى باسقۇچلاردىلا، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەربى قىسىملىرىمۇ ئوڭايلا كۆزگە كۆرۈندى.

ماجۇڭيىڭ سەنفاگۇەندە قىسىملارنى رەتلەپ تەرتىپ ئىنتىزام ئورناتقاندىن كېيىن ئادەم سانى 7-8 يۈزگە يېتىپ قالدى. بىرىنچى قەدەمدە لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. ماجۇڭيىڭ 7 كىشىلىك گۇرۇھ بىلەن قاپقاندا قوغلاشقا چىققان ماروبى ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ماجۇڭيىڭ دەرھال قوبۇل قىلىپ ئۆز قىسىملىرىدىن ئورۇن بەردى. نىڭشيا ۋۇجيالياڭغا كېلىپ خېجۇدا تۇرۇشلۇق غەرب ئارمىيىسى 70-بىرىگادا باشلىقى ماچۇەنچى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدا خېجۇدا تۇرۇۋاتقان قىسىملار دولەت ئارمىيىسى ئېۋەتكەن جاۋشىپى قىسىملىرىدىن تاشقىرى لياڭجۇدىكى ماتىڭشياڭنىڭ 27-دىۋىزىيە 79-بىرىگادىسىنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەر پولكى ۋە بىر پىيادە ئەسكەر پولكى بار ئىدى. بىرىگادا باشلىقى ئەسلىدە ماتىڭشياڭنىڭ تاغىسى ماگۇلياڭ دىگەن كىشى بولۇپ، شۇ ئەتىيازلىقى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ماچۇەنچى لۈيجاڭ بولغان ئىدى. ماتىڭشياڭنىڭ ئۇرۇش ۋە تېنچلىق توغرىسىدا ھېچقانداق تۇراقلىق تەشەببۇسى



بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باتالىيون كوماندىرى جاڭ شۈېچەن قاتارلىقلار تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ دولەت ئارمىيىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. ماجۇڭيىڭ بۇزۇلغاندىن كېيىن ماچۇەنچى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئىسيانچىلارنى تازىلايمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، يول بويى ئېلان چاپلاپ: ئىسيانچىلارنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا تازىلايمەن، پۇخرالار ئۆز كەسپى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللانسۇن دەپ جار سالدى. ئۆزى بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەر ۋە بىر روتا پىيادە ئەسكەر باشلاپ ماجۇڭيىڭ ئوغرىلىرىنى باغلايدىغان يۈزلىگەن ئاغامچا ئېلىپ داۋراڭ قىلدى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇئاۋىن سىلىڭ ماتىڭ ئون نەچچە ئادىمى بىلەن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئارا «سالام» قىلىشىپ ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان. بىر-بىرىمىزگە ئوق ئاتماسلىقىمىز كېرەك دېيىشىپ، نەتىجىدە ماچۇەنچىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرى ئۆزگىرىش ياساپ ماجۇڭيىڭ تەرەپكە ئۆتتى. ماچۇەنچى ئامال قىلالماي نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. غەرب ئارمىيىسىدە ھەربى باشلىقلار بىلەن باشلىقلار، باشلىقلار بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بەك ئېغىر ئىدى. چۈنكى باشلىقلار ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى قاتتىق قىسىپ قۇياتتى. ماجۇڭيىڭ بۇنداق بولۇشنى ئالدىن مولچەرلىگەن بولغاچقا، ياخشى ئۈنۈملەر ھاسىل قىلالىدى. ماچۇەنچى قېچىپ خېجۇغا بارغاندا جاۋشىپى ئۇنىڭ قېچىپ كەلگەن ئەھۋالىنى بىلىپ ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى بولالمىغان ماچۇەنچى قول ئاستىدىكى يەنە بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ داخېجياۋغا قېچىپ بېرىپ ھەربى كۈچ تەشكىللەپ ئۆز يۇرتىنى قوغداپ ياتتى. ئارىدىن

ئۇزاق ئوتمەي ماجۇڭيىڭ مابۇشەن لۈيجاڭنى ئېۋەتىپ ئۇنى ئوت-
تۇرىدىن كوتۇرىۋەتتى، ماچۇەنچىنىڭ بىر باتالىيون ئاتلىق ئەس-
كىرى تەسلىم بولۇپ ماجۇڭيىڭغا ئەل بولدى. ماچۇەنچى ھېچ
ئامال قىلالماي ماتىڭشياڭغا قاراشلىق ئەككى بىناغا ۋە ئۇنىڭ
ئەسكىلاتىدا ساقلانغان ئوق دورىلارغا ئوت قويۇپ يوقىتىۋېتىپ قار-
قىلىق قېچىپ لەنجۇغا بارغاندا ليۇيۇفىڭ ئۇنى يېرىم يىل قا-
مىدى. نۇرغۇن پۇل - مال-مۈلكى قاقتى-سوقتى قىلىنغاندىن كېيىن
ئاندىن قويۇۋەتتى.

## خېمىجۇنى ئۇنجى قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىشى

ماجۇڭيىڭ ۋۇجىيالياڭدا غەربىي ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ
گەرچە غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، ئەمما مۇقاۋىمەت سىلىنىڭ ماتىڭ
باشلىق ئون نەچچە ئادىمىنى چېقىم ئارتقانغا ئىنتايىن غەزەپلى-
نىپ ئالدى بىلەن جاۋشىبىنى يوقۇتۇۋېتىشنى توغرىسىدا تە-
لەپ قىلىشتى. ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم سەنفاگۇەنگە قايتىپ كەلگەندە
ھەر تەرەپتىن بولۇپ 4 - 5 مىڭ ئادەم توپلانغان ئىدى. بۇ
يەردە ئەسكەرنى قايتىدىن رەتلەپ 1 - بىرىگادىغا يۈچياۋمىڭ-
نى لۈيجاڭ قىلىپ بەلگىلىدى. ھەربىر بىرىگادىدا ئۈچ پولك
تەسىس قىلدى. غەربىي ئارمىيىسىدىن كېلىپ قوشۇلغان يېڭجاڭ،
ليەنجاڭلارنى پولك كوماندىرلىقىغا ئۆستۈردى. خەنجىنلۇ (ئىس-
مار) ئوستۇرۇلگەنلەردىن بىرسى ئىدى. ھەربىر پولكتا ئۈچ با-
تالىيون بولدى. خەنزۇ ھەربىي باشلىقلارنىمۇ مەسىلەن ليۇچىڭ-
لىننى پولك كوماندىرى قىلىپ سەيلەپ پايدىلاندى. قوشۇنغا ئات
قويۇپ ئىلگىرىكى «قارا يولۋاس» نامىنى ئۆزگەرتىپ «غەربىي-



شىمال چېگرا مۇداپىئە بىرلەشمە قوشۇنى» دەپ ئاتىدى. رەتكە
سېلىش بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن ئىلان چىقىرىپ: «دۆلەت
ئارمىيىسى گەنسۇغا كىرگەندىن كېيىن ئەسكەر ئېلىپ سېلىق سې-
لىپ خەلقنى ئەزدى. بۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ غەزىۋى ئورلەپ،
سەۋرى قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، قوشۇنىمىزنى ئۇلغايتىپ،
دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن قاتتىق ئېلىشمىغىچە دەردىمىز چىقماي-
دۇ، خەنزۇ-خۇيزۇلارغا بىردەك مۇئامىلە قىلىمىز، پۇخرالار
خاتىرجەم ئۆز كەسپىنى قىلسۇن. ئارمىيىمىزنىڭ نامى بىرلەشمە
ئارمىيە بولغاچقا ئىنتىزام چىڭ بولۇشى كېرەك. خەنزۇ-خۇي-
زۇلار بىردەك ھىمايە قىلىشى لازىم. ھەر قانداق كىشى ئۆز
ھەيلىچە بىر-بىرسىنى بوزەك ئاپپاسلىقى كېرەك. بىزنىڭ تەك-
شۈرگۈچى قىسىملىرىمىز ھەر قانداق جايدا تەكشۈرۈش يۈرگۈ-
زىدۇ. (بۇيرۇقتا كىمدە-كىم خىلاپلىق قىلساقاتتىق چارە كۆ-
رۈلىدۇ. ماڭا تەۋە ھەر قانداق قىسىملار قاتتىق ئەمەل قىلىشى
لازىم) دەپ جاكالىدى. بۇ قېتىم تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن
قىسىملاردا چوڭ ياخشىلىنىش بولدى. لابولىننى مۇداپىئە قىلە-
ۋاتقان قىسىملار شىزاڭلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قورۇلدىن
چوقۇپ دۈشمەن ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلغاندىن تاشقىرى
يەلپۈچىدا ئارقا سەپ سېلىغۇسىنى تەشكىل قىلىپ كىشىلەر
«سەلدارىن» دەپ ئاتايدىغان بىر كىشىنى سالىقلىقتا تەيىنلەپ
ئاشلىق ۋە ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل قىلدى.
3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماجۇڭيىڭ ئوز قىسىملىرىنى باشلاپ
كېلىپ خېمىجۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ جاۋشىبى بىلەن ئۇرۇش قىلدى.
بۇ چاغدا ئەتراپتىكى خەنزۇلارمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئوتۇن،
سۇ توشۇپ ياردەم قىلغاندىن تاشقىرى يەنە ئاكوپ كولاشقىمۇ-

لىرىغا ھەمكارلاشتى. دېمەك شۇ چاغدا خەنزۇ-خۇيزۇ خەلقلىرى ماجۇڭيىڭغا ئۈمىت باغلاپ ياردەملەشكەن ئىدى.

خېجۇنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان جاۋشىپىڭنىڭ كۈچى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. 3 پىيادە باتالىيون. ئەسكىرى بولۇپ ئومۇمىي سانى 1200 دىن ئاشمايتتى. ئۇلار مۇداپىئە خەندەكلىرى قېزىپ ياغاچ بىلەن يېپىپ قۇم خالتىلىرى تىزغان ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىدا ئېغىر قۇراللار يوق، شەھەر توسالغۇسىنى بۇزۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. 1-قېتىملىق ھۇجۇمدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى 5 مىڭغا يېتەتتى. غەرب ئارمىيىسىدىن كېلىپ قوشۇلغان پىيادە، ئاتلىق بولۇپ 6 باتالىيون، شىنىڭدىن كېلىپ قوشۇلغان مارۋېيىنىڭ بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكىرى، كۆك ئاتلىق، قارا ئاتلىق باتالىيونلىرى باربولسىمۇ، بىراق ئوق يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن ئوت كۈچى ئاجىز ئىدى. يەنە ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئوق ئوغرىلاپ ساتىدىغان ئادەملەر بار ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا شەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش ئەمەس، بەلكى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشى قىلىشقا توغرى كەلدى. شەھەرنى ئۇزۇن ۋاقىت مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئالالمىدى.

ماجۇڭيىڭ تەرتىپ ئىنتىزامنى تۈزۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قوماندانلىقتا بويسۇنماي ئۆز مەيلىچە ئەسكەر تارتىپ ئىش كۆرگەن ئالدىنقى سەپ تۈەنجاڭلىرىدىن ماچاڭلۇنى ۋە جاۋشىپى بىلەن شەخسى ئالاقە باغلاپ ھەربى ئاخبارات بەرگەن ماگاۋۇلارنى سىلىڭبۇ شىتاۋى ئالدىدا سازايى قىلدى. شەھەرنى ئېلىشتا كۈچ چىقارغانلارنى خەي، پايپاق، يىمەك-ئىچمەكلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگە كەلگەندە ليۇيۇفىڭ باشچىلارنى تازىلاش



سىلىڭگى دەيجىڭيۇ قوماندانلىقىدا 25-دىۋىزىيىسىنى ئېۋەتتى، يەنە جاۋشىپى قىسىملىرىدىن مائاۋىن سىلىڭ ماگۇرۇك قوماندانلىقىدا پىيادە ئەسكەرلەر 1-باتالىيونىنى ياردەمگە ئېۋەتتى. ماجۇڭيىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قىسىملىرىنى باشلاپ، نەنياڭيو، گاۋزىڭۇلاردا توساپ زەربە بەردى. ئۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولدى. سىلىڭ دەيجىڭيۇ گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ ئوت كۈچلۈك بولغاچقا، ماجۇڭيىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىپ خەنجياجىغا كېلىپ ئارام ئېلىش، ئەسكەر رەتلەش بىلەن شۇغۇللاندى.

دۆلەت ئارمىيىسى باشچىلارنى تازىلاش قىسىملىرىنى ئېۋەتكەندىن تاشقىرى يەنە سەنمۇجاڭ يۈيجياپى باشچىلىقىدىكى سىياسى ھەيئەت تەشكىللەپ لاشجۇن، ماگولى قاتارلىقلارنى ھەيئەت ئەزاسى قىلغان تەشۋىقات دۈيى ئېۋەتتى. بۇلار ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەپ پارچىلاپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. بۇ ھەيئەت ئۆز خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قىلىش ئۈچۈن 25-دىۋىزىيىنىڭ خىللانغان بىر باتالىيونىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شەھەر سىرتىدىكى ماتىڭشىيالىك مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار ماجۇڭيىڭغا 2 تۈرلۈك تەلەپ قويدى: ① ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەھەر ئەتراپىدىن چېكىنىپ خەنجياجى، داخېجيا تەرەپلەردە ئورۇنلۇشۇش؛ ② ئەمەلىي مىلتىق سانىغا قاراپ خەلق ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى شىتابىغا كىرگۈزۈپ رەتلەنگەندىن كېيىن بۇيرۇققا قەتئى بويسۇنۇش. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنىڭ قويغان تەلىۋىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي پىلىڭيۈيشياڭغا قارشى كۈچنى كېڭەيتتى؛ يەنە بىر

تەرەپتىن يۈزجياپىنى بىخوتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى شەكنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بويسۇنۇش پوزىتسىيىسىنى كورسى-تۈپ دايىم سوغا تەقدىم قىلىپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە «ما»نىڭ بوۋىسى ماخېيېۋەن، ماتىڭنىڭ ئاتىسى ماچىڭۋا، غەرپ ئارمى-يىسىدىكى پېشقەدەم گېنېرال ماجەنكۈي، ئۇنىڭ ئوغلى مابۇلەي، نەۋرىسى مافوفولارمۇ ماجۇڭيىڭغا قوشۇلدى. ئەڭ مۇھىمى ما-تىڭشياڭنىڭ 4 - ئىنىسى ماتىڭشيەن قاتنىشىپ ئاكىسى ماتىڭ-شياڭنىڭ ئىككى ئورنىغا كومۇپ قويغان 600 مىڭ سەر كۈ-مۈچنى ئېلىپ ماجۇڭيىڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات سىلىنگىبۇسىغا ئاپشۇرماقچى بولدى. چۈنكى ماتىڭشيەن بىلەن ماتىڭشياڭ ئوت-تۇرىسىدا پايدا - زىيان، مەسىلىسىدە يارىشتۇرغىلى بولماي-دىغان دەرىجىدە زىددىيەت بولغانلىقتىن شۇنداق قىلماقچى بولغان، شۇ سەۋەپتىن ماجۇڭيىڭ بىلەن نەچچە قېتىم ئالاقە باغلاپ ئاخىرى كېلىپ ماجۇڭيىڭغا قوشۇلدى. بۇخىل يېڭى كۈچ-لەر قوشۇلغاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەر، باشلىقلارنى قايتا رەتلەپ ئوزى زۇڭسىلىڭ بولدى. ماتىڭشيەننى گېنېرال (جۇڭ-جىاڭ) ماجەنكۈينى باش قوماندان، ماخېيۈنى ماتاۋىن باش قوماندان تەيىنلىدى. ماچاڭۋانى شەھەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىشقا قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى.

دولەت ئارمىيىسى 1 - قېتىملىق مۇھاسىرە ئاياغلاشقان-دىن كېيىن قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاۋشىيىنى ئولكە مەركىزىگە يوتكەپ ئۇنىڭ ئورنىغا چىڭ يۈيشۈينى يوتكەپ كەلدى، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ كوپلىگەندىن ئاشلىق تەمىنات مەسىلىسى ئېغىرلەش-ۋالدا قالغان ئىدى. شەھەردىكى خەنزۇ، خۇيزۇ پۇخرالار ئۇن



يېيىشكە مەجبۇر قىلىندى. ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراش يۈزىسىدىن ئەتراپقا 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 200 مىڭ سەر پۇل ئالۋاڭ سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇن يېتىشمەي خەلقنىڭ ئويلىرىنى بۇزۇپ قالدى. قىيىنچىلىق بارغانسېرى كۆپەيدى، ئەڭ يامىنى شۇ بولدىكى: دولەت ئارمىيىسى شەھەر-گە قېچىپ كىرىۋالغان خەنزۇلاردىن 4 پولك ئەسكەر تەشكىللەپ يوممىشىلىك بايلارنى پولكوۋنىك قىلىپ تەيىنلىدى. بۇلار كۈن بويى ئاشلىق تاپىمىز دەپ شەھەر سىرتىدىكى خۇيزۇ پۇخرا-لارنى پاراكەندە قىلىپ مىللىي ئاداۋەت پەيدا قىلدى. ماجۇڭ-يىڭ تەرەپتە ئەسكىرى كۈچ كۈنساناپ كېڭەيگەنلىكتىن ھەممە-سىلا ئاسىيىنىڭ كوڭلىدىكىدەك ئىش قىلىپ كېتەلىمىدى، گەرچە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ھەر ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ تۇرسىمۇ لېكىن بەزەن قىسىملارنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن، بەزەن خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزەنلەر قولىدا قورال بولغاچقا «ئاكاڭ قارىغاي بېرىنچى» دەپ بۇلاڭ - تالاڭ قى-لىدىغان، ئوت قويىدىغان ئىشلارنى قىلدى. مۇنداق شارائىتتا دولەت ئارمىيىسىدىكى ھوكۇمرانلار مىللىي زىددىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ قارشىلىق كورسەتكۈچى كۈچلەرنى ئاجىزلىتىش مەخسىدىگە يەتتى.

ھەر ئىككى تەرەپتە مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش نىيىتى بولمىدى. ئۇلار ھەدەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كوردى. دولەت ئارمىيىسى ھەدەپ ئاكوپ كولىدى، ماجۇڭيىڭ تەرەپ ھەدەپ توسالغۇلار قۇردى.

## خوجۇنى 2 - قېتىم مۇھاسىرە قىلىش

كونىچە 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 4تە ماجۇڭيىڭ تولۇق تەييارلىقلاردىن كېيىن 2 - قېتىم شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىدى، شىنمېندىن كەلگەن ئاتلىق ئەترەتلەر شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دولەت ئارمىيىسى قېزىپ تەييارلىۋالغان خەندەكلەرگە قانچە ئونلىغان ئادەملەر مولىلاق ئېتىپ چۈشۈپ يارىلاندى، ئەمما چوڭ گۈمبەز تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىيادە ئەسكەرلەر، گايمېيپەننى قوغداۋاتقان پولكنىڭ مۇداپىئەسىنى بۇزۇپ شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىنى ئورىۋالدى.

دۈڭشياڭ مىللىتىدىن قۇرۇلغان ئاتلىقلار دۈڭچۈەندىكى خەلق ئەسكەرلىرى پولكىنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ شەھەرنىڭ شەرقىغە يېقىنلاپ ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كەلگەنلىكتىن شىمال تەرەپنى قوغداۋاتقان دولەت ئەسكەرلىرى، بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەر ئىچىگە چېكىندى. ماجۇڭيىڭنىڭ بۇگۈنكى ھۇجۇمى چوڭ گۇڭگۇەندىكى ساپېيور قىسىملىرى باتالىيونىغا قارىتىلغان ئىدى. چۈنكى بۇ باتالىيون تار - مار كەلتۈرۈلسە، ئېغىر قۇراللارنى قولغا چۈشۈرۈشكە بولاتتى. بىر تەرەپتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر ئىچىدىن ياردەمگە چىققانلارنى توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن نەنگۇەن چوڭ مەسچىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۈچلۈك ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. چوڭ گوڭگۇەننىڭ تاملىرى ئېگىز ھەم پۇختا، ھەمدە بۇ يەردىكى باتالىيوندا قۇرال خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. ماجۇڭيىڭ تەرەپتىن كۆپ كىشى يارىدار بولدى.



شەھەر ئىچىدىن ئۈچ قېتىم ياردەمگە ئەسكەر كەلدى. جاۋجۇڭخۇا لۈيجاڭ قوماندانلىقىدا ياردەمگە كەلگەنلەر ھەر 3 قېتىمدىلا چېكىندۈرۈلدى. لۈيجاڭ ئۆزىمۇ يارىلاندى. ئىككى تەرەپ چۈشى قايرىلغىچە ئىركەشكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئەگەر ئۇرۇش كەچكىچە داۋام قىلغان بولسا، گوڭگۇەندىكىلەر مۇھاسىرىنى بۇزۇپ بولسىمۇ قېچىپ كېتەتتى. ماجۇڭيىڭ ئوت قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. دەرھال ئىجرا قىلىپ ئوت قويۇلغاندىن كېيىن گوڭگۇەندىكىلەر شىمال تەرەپتىن ئېشىپ قېچىپ كەتتى. لاشىجۇن، ماگولى قاتارلىقلار ئەسىرگە چۈشتى، يىڭجاڭ چېن يۈيچىڭ باشلىق 400 دەك ئادەم تامامەن قىرىلىپ تۈگىدى. قۇراللارنىڭ تولىسى كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن كارغا كەلمىدى. بۇ غەلىبە شەھەر مۇھاسىرە قىلغانلارنىڭ روھىنى ئۆستۈردى. شەھەر ئەتراپىدىكى بۇتخانىلارنىڭ تولىسى كۆيدۈرۈلدى.

2 - قېتىم قىلىنغان ھۇجۇم 16 كۈن داۋام قىلدى، ھەر كېچىسى پىدائىيلار سېپىلغا ئېسىلىپ چىققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ماجۇڭيىڭ لەخمە كولاپ پارتلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ داشىگۇەندىكى مالىيۋاننىڭ ئۆيى ئىچىدىن لەخمە كولاپ شەھەرگە يەتكۈزدى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دولەت ئارمىيىسى يەنە 17 - دىۋىزىيىدىن جاۋشىپى قىسىملىرىنى يۆتكەپ شەرقىي يول بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇلار يول ئۈستىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ كېچىدە توساپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم تارتقان بولسىمۇ ئاخىرى شەھەرگە كىرىۋالدى. دولەت ئارمىيىسىنىڭ 11 - دىۋىزىيىسى جەنۇبىي

يول بىلەن كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئازدىراق زەربىگە ئۇچرى-
غان بولسىمۇ يەنىلا شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. دېمەك خې-
جۇغا ياردەم ئۈچۈن كەلگەنلەر ۋە ئىلگىرى بار قوشۇنلار بى-
لۈپ جەمئى 20مىڭدەك كۈچ توپلانغان ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ
كولاۋاتقان لەخمىسى پۈتۈپ كېچىلەپ دارا قاچىلانغاندىن كې-
يىن 26 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە پارتلاتتى. پارتلاش
نەتىجىسىدە سېپىلنىڭ تاشقى پوستىدىن بىر قەۋەت ۋەيران بو-
لۇپ بىردىن يوچۇق ئېچىلمىدى. ماجۇڭيىڭ پۈتۈن قىسمىنى چې-
كىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. باخاڭدىكى نەچچە مىڭ ئوبلۇك پۇخ-
رالارمۇ ئىشىنىڭ ياماناشقانلىقىنى چۈشىنىپ دۆڭشيالىڭ تەرەپكە
قاچتى. ئۇرۇشپەرەست جاۋشېڭ پۈتۈن قىسىملىرىنى ھۇجۇم
قىلىشقا، خەلقتىن قۇرۇلغان پولكلارنى باخاڭغا ئوت قويۇشقا
بۇيرۇق قىلدى. شۇ چاغدا داۋخې ناھىيىسىنىڭ شەنجاگى ما-
خۇاڭتىڭ (خۇيزۇ) جياۋنىڭ سەنمۇجاگى لى يۈكۈەن ئىشارقىلىق
جياۋغا: «باخاڭدا ئاق كوڭۇل ئادەملەر تولا، نەچچە يۈز يىللىق
ھەسسىچىلەر بار. ئەلۋەتتە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىش كۆر-
سەڭ» دېگەن پىكىرنى بەردى، بۇ پىكىرگە قۇلاق سالمىدى.
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئوت يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ خەلق-
نىڭ يىغا زارلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇنداق ۋەھشىيانە ھەر-
كەت ئاستىدا كىچىك مەككە دەپ ئاتالغان، نەچچە يۈز يىللىق
ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارغا ئىگە باخاڭ شەھىرى كۆيۈپ كۈلگە
ئايلاندى. بەزەن قېرىلار قېچىپ ئۆلگۈرمەي ئوتتا كۆيۈپ ئۆل-
دى. ئېتىپ - چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر ھەددى ھېسابسىز جىق.
شۇنىڭدەك نىڭشيا قورغىنىدىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىمۇ



لەخمە كولاپ 2 قېتىم پارتلاتقان بولسىمۇ، شەھەر - ئىچىگە
يول ئېچىپ كىرەلمىدى. ئومۇمەن خېجۇدىكى دولەت ئارمىيىسىنىڭ
كۈچى كوپرەك بولغىنى ئۈچۈن شەھەرنى پارتلىتىپ ئاچقان بى-
لەنمۇ، بەزىبىر بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايتتى. بەلكى ئەكسى-
يەتچى مىلىتارىست جاۋشېڭ قاتارلىقلارنىڭ خەلقنى قىرغىن
قىلىشقا ۋە ئوت قويۇشقا بانا تېپىپ بەرگەندىن باشقا نەتىجە
چىقمايتتى. بۇ قېتىم نىڭدىڭ ناھىيىسىنى ئالىيمۇتو بىرىگادىسى
ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. دولەت ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋ-
نىكى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققاندا نىڭشيانىڭ سىرتىدا بىر
نەچچە يۈز ئادەمدىن ئايرىلىپ، ئاز ساندىكى ئادەملىرى بىلەن
ياۋجۇغا قاچتى. ماجۇڭيىڭنىڭ خېجۇ مۇھاسىرىسىنى مۇۋەپپەقى-
يەتسىز بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ
نىڭجياجۇاڭ، شىنجياجۇاڭ تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتى.

## شەھەرنى 3 - قېتىم مۇھاسىرە قىلىش

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەھەردىكى دولەت ئارمىيىسى
ئۈچ يول بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئوتتۇ-
را يول بىلەن كېلىۋاتقانلارنى توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ماجەنكۈي، ماخېيۈەنلەر مەسئۇل بول-
دى. ياز كۈنلىرىدىكى شارائىتتىن پايدىلىنىپ خەنجىنلۇ بىرىگا-
دىسى بېجاچاڭ گومبىزى ئەتراپىدىكى كەندىرلىك جايلارغا
يوشۇرۇنۇپ، دولەت ئارمىيىسىدىن دۇڭلىنكى دىۋىزىيىسىگە قاق-
شاتقۇچ زەربە بەردى. دولەت ئارمىيىسى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرى-
دى. شەھەرگە كوتۈرۈپ كەتكەن ياردارلارلا 300دىن ئاشى-

دۇ. شۇڭا نەنسەنگە ۋە شىمالغا ھۇجۇم قىلغان دولەت ئارمىيە-
سىمۇ شەھەرگە قايتىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى پۇرسەت-
نى غەنىمەت بىلىپ شەھەرنى 3 - قېتىم مۇھاسىرە قىلدى. بۇ
قېتىم قولغا چۈشۈرگەن ئېغىر پىلىموت، مىلتىق، ئوق - دورىلار
خېلى كۆپ ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شىنىڭ لياڭجۇدىن ئۇزگۇرۇش
ياساپ كەلگەن پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر تېخىمۇ كۆپ بولدى.
شىنىڭدىكى بىردىن بىر زەمبىرەكچى باتالىيونىمۇ ئۇزگۇرۇش
ياساپ بۇ تەرەپكە ئۆتتى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش
ئۈچۈن يول بويلاپ خەلقلەرگە قارشى ئېلىش توغرىسىدا تۆۋ-
تۈرۈش قىلدى.

شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ 7 - كۈنى دولەت ئارمىيە-
سىدىكى جىخۇڭچاڭ ۋە ليۇياۋشياڭ دىۋىزىيەلىرى شىمالىي
يول بىلەن ئىلگىرىلەپ ليەنخۇا قورۇلىغا كەلگەندىن كېيىن
ئىككى يولغا بۆلۈندى. ماجۇڭيىڭ ئۆز قىسىملىرىغا قوماندانلىق
قىلىپ يول بويى بىر سۆلك يەرنىمۇ تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى.
دۈشمەننىڭ قورال كۈچى ئۈستۈن بولىشى، شۇنىڭدەك شەھەر-
دىكى دولەت ئارمىيىسىمۇ چوڭ - كىچىك زەمبىرەك، مىناميوت
قاتارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن قايتارما زەربە بەرگەنلىكى ئۈ-
چۈن، يېرىم كۈنلۈك قاتتىق سوقۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدا
چىقىم ئېغىر بولدى. ماجەنكۇينىڭ نەۋرىسى مافۇفۇ قاتارلىق
7 - 8 يۈز ئادەم زەمبىرەك ئوقىدا ئۆلدى ياكى قۇدۇققا
سەكرەپ ئۆلدى. ماجۇڭيىڭمۇ قوماندانلىق ئورنىدا مۇھاسىرە
ئىچىدە قېلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ كېتىشكە قىل قالدى.

دولەت ئارمىيىسى بۇ قېتىم مۇھاسىرىنى بۇزغاندىن كېيىن
تولاڭجا، ليەنخۇا قورغىنىغا كۈچلۈك ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ



ئۆلكىگە ئۆتىدىغان يولنى توسۇپ خېجۇدىكى ئەسكەرلەرگە ئاش-
لىق يەتكۈزۈپ تۇردى. شىمالىي يولدىن باشقا جايلار يەنىلا
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بەزىدە دولەت ئارمى-
يىسى باتالىيون روتا كۈچلىرىنى رەتلەپ خەلقتىن قۇرۇلغان
پولكنى ھىمايە قىلىپ ئون نەچچە يول ئەتراپىدىكى يېزىلارغا
ئاشلىق، ئوتۇن ئالغىلى چىققاندا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ زەر-
بىسىگە ئۇچرايدىغان ئىشلار دايىم بولۇپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا
ماجۇڭيىڭنىڭ ھەركىتى شىنشاڭ، شىچۈەن ئەتراپلىرىدا بولاتتى.
دولەت ئارمىيىسى بۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىدىغان مەقسەتتە بولماس-
تىن لياڭجۇدىكى ماتىڭشياڭنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايتتى.

## 10 - ئايدىكى ئومۇمىي قايتارما ھۇجۇم

دولەت ئارمىيىسىنىڭ خېشۈيدىكى ھەربىي ھەركەتلىرى
ئاياقلاشقاندىن كېيىن كونىچە 10 - ئايدا لەنجۇدىكى ليۇيۇ-
فېڭ زور تۈركۈمدە، ئەسكەر توپلاپ خېجۇغا يۈرۈش قىلدى.
11 -، 17-، 25 - دىۋىزىيەلەر نامى تونۇش بولمىغان چېڭيۇ-
گاڭ قىسىملىرى مېڭزىجۇڭ، جىخۇڭچاڭ قىسىملىرى بولۇپ
جەمئى 50 مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر توپلىغان ئىدى. ماخۇڭبىڭ،
مالىڭ، لاشىجۈن، جاڭۋېي، شۈيشىڭ دىڭلۇڭ قاتارلىقلار
ھەربىي قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئەل قىلىش پارچىلاش، خىزمە-
تى ئىشلىدى. مالىڭنىڭ تەشۋىقى بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسمىدىكى
ماجەنچىڭ تەسلىم بولدى. نىڭدىڭ، دۇڭشياڭدىكى چوڭ قە-
سىم، بەيجۇاڭدىكى ئاخۇننىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا قو-
راللىرىنى تاشلىدى، ماخۇڭبىڭ قىسىملىرى، فەنجياخې دەرياسى

قورغىنىغا ئورۇنلاشتى، يۈي × قاتارلىقلار خېجيا قورغىنىغا جايلىشىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن سوھبەتلەشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى ئوز - ئارا قوبۇل قىلىشمىدى. شۇڭا ليۇيۇفىڭ ئوزى خېجۇغا كېلىپ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئومۇمى ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. خېجۇدىكىلەر 3 يول بىلەن يۈرۈپ ليەنخۇا قورغىنىدىكى ليۇچاۋشياڭ بىلەن ياڭيىڭ مەسچىتىدە بىرلىشىپ چوڭ غەربىي يېزا تەرەپلەرنى تازىلىماقچى بولىدى. سوڭ ليەنجۇڭ قىسىملىرى شياۋچۇەن بىلەن دەريادىن ئوتۇپ، تازىلاش يۈرگۈزمەكچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنىڭ پىلانىنى بىلگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى بىر مۇنچە قىسىملارنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ خېجۇدا تۇرۇۋەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى مولچەرلەپ تۈزۈنچە بىللە يۈرۈۋاتقان ئە-ۋادىسى مۇستەھكەم ئادەملەرنى ئاللاپ شىزاڭ رايونىغا ئوتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خېجۇ ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

## ئاۋەمىن تەرەپتە زاڭزۇ خەلقلىرى بىلەن بولغان زىددىيەت

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماجۇڭيىڭ ئۈچ يولغا بولۇنۇپ زاڭزۇ رايونىغا كىردى. ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ خې-جۇدىكى 7 ئايلىق ئۇرۇشتىن خۇلاسە چىقاردى. بەزەن قىسىم-لاردا ھەربىي تەرتىپ ياخشى بولمىدى. ئەسكەرلەرنىڭ سۈيە-تى ناچارلىقىدىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى. ھوسەۋەب-تىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ يۈرمەكتىمىز دەپ ھىساپلاشتى. ئاندىن تەرتىپنى باشقىدىن مۇستەھكەملەپ ئەسلىدە بار بولغان



سىلىڭبۇ ۋە بېرىنگادىلاردىكى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى قايتا تىكلىمەكچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ھەر ۋاقىتتا ھەربىي ئىنتىزامنى تەكىتلەيتتى، ئەمما خەنجەڭلۇ بېرىنگادىسىدىكى ئوفىتسېرلار ھەر ۋاقىتتا زاڭزۇ ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ لامالارنىڭ جۇۋا، كە-يىم - كېچەكلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالاتتى، ماجۇڭيىڭ بۇ ئەھۋال-نى بىلگەندىن كېيىن، بۇلاڭچىلىق قىلغانلارغا ئولۇم جازاسى بېرىپ سازايى قىلدى.

ئۇلار ئايلىنىپ تاۋجۇ شەھىرىگە كېلىپ بۇ يەردىكى يۈز-دىن ئارتۇق تولكە ئەسكەرلىرىنى تۈگەل يوقىتىپ قوراللىرى-نى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن كوكچاڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماق-چى بولدى. خەنجەڭلۇ بۇنىڭغا قوشۇلماي، تىيەنشۈيگە ھۇجۇم قىلايلى دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئىككى بولەك بو-لۇپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن غەرب ئارمىيەسى، نىڭخەي ئارمى-يەسى دەپ ئىككى سېستىمىغا بولۇنۇپ ئىتتىپاق قىلىشالمىدى. ماجۇڭيىڭ كوكچاڭغا ھۇجۇم قىلاي دەپ تەييارلىنىۋاتقاندا دولەت ئارمىيەسىدىن جى خۇڭچاڭ قىسىملىرى قوغلاپ كېلىپ قالدى. شەھەردىكىلەرمۇ قايتارما ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ مەز-كۇر ناھىيەنىڭ شىمالىي تاغ رايونىغا چېكىندى. بۇ تاغنىڭ يوللىرى تار بولغانلىقتىن، تاغدا دومىلاپ ئولگەنلەر بىر قانچە يۈز كىشىگە يەتتى. تاڭ ئاتقاندا جى خۇڭچاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر قانچە سائەت سوقۇش قىلدى، ماجۇڭ-يىڭ بۇ سوقۇشتىن چېكىنىپ ماگشەن ناھىيەسىگە بېرىپ، ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

خەنجەڭلۇ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ 2 مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ تىيەنشۈيگە قوراپ ھۇجۇم قىلىپ پىڭ يۈشياڭ قىسىم-

لىرىدىن دۆلەتلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمما ئوڭۇشسىز-
لىققا ئۇچراپ قېچىپ ماڭغان ناھىيىسىگە بېرىپ يەنە ماجۇڭ-
يىڭ بىلەن بىرلەشتى. ماجۇڭيىڭ ئادەملىرىنى قايتا رەتكە سې-
لىپ بىر مۇستەقىل دىۋىزىيە قۇرۇپ ما يىڭنى دىۋىزىيە قوماندان-
لىقىغا بەلگىلىدى. دىۋىزىيە قارمىقىدا بىر مۇستەقىل پولك، بىر
ئارىلاشما پولك، بىر قانۇن ئىجرا قىلىدىغان چوڭ ئەترەت
قۇردى. يەنە بەش ئاتلىق بىرىگادا قۇرۇپ، 1 - بىرىگادىغا ما-
خۇسەن؛ 2 - بىرىگادىغا ماپېيشەن؛ 3 - بىرىگادىغا مالياڭجۇن؛
4 - بىرىگادىغا مو × ×؛ 5 - بىرىگادىغا خەنجىنلۇنى لۈيجاڭ
قىلدى. جەمئىي ئادەم بەشمىڭدىن ئاشاتتى، مىلتىق، ئوق - دورا
تولۇق ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئۆزى زۇڭسىلىڭ (باش قوماندان)
بولدى. ماجۇڭ سەنمۇجاڭ بولدى. دەل بۇچاغدا خېجۇدىن قې-
چىپ كەلگەن ماتىڭشەن بىللە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئائىلە - تاۋا-
بىئاتلارنى ۋە مال - مۈلۈكلەرنى يولدا ياڭجىچىڭنىڭ زاڭ-
زۇلۇق ئادەملىرى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئائىلى بىلەن
كېلىن بالىسىنى ئولجا قىلىپ يەنە بىر بالىسىنى ئېتىپ ئۆل-
تۈرگەنلىكىنى ئەرز قىلىپ، ماجۇڭيىڭغا قىساس ئېلىپ بېرىشنى
ئىلتىماس قىلدى. خەنجىنلۇ قاتارلىقلار ماقۇل كەلدى. ماجۇڭ-
يىڭ خەنجىنلۇنى ئالدىنقى سەپكە مەسئۇل قىلىپ يولغا سال-
دى. تاۋچۇ قاتارلىق جايلاردا زاڭزۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى
بۇلايمىز دەپ يۈرگەن ئاممىدىن بىر مۇنچىلىرى ئەسكەرلەرگە
ئەگىشىپ بىللە ماڭدى. ئالدىغا ئۇچرىغان زاڭزۇلارنى، لامالارنى ۋە
ئىبادەتخانىلارغا تەۋە قوي، كالا، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ -
تالاڭ قىلدى. يول ئۈستىدە بىر يېزا ئۇچرىدى. خەلقلىرى قې-
چىپ كەتكەن ئىكەن. بىر ئوتكۈردىن بەدەنلىرىنى داغلاپ



ئۆلتۈرگەن بىر ئۆلۈك تېپىلدى. بۇ ھېلىقى ماتىڭشياڭنىڭ كې-
لىن بالىسى ئىدى. ئۇنىڭ تىرنىقىغا بامبۇك قومۇچى تىقىپ
قاتتىق ئازاپ سالغان ئىكەن، يولدا كېتىۋېتىپ ھالسىزلىقتىن
ئۆلۈپتۇ. ماتىڭشەننىڭ خوتۇنىدىن تېخى دېرەك يوق. خەۋەرگە
قارىغاندا ياڭجىچىڭ مەجبۇرلاپ تاۋچۇغا ئېلىپ كەتكەنمىش.
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. خەنجىنلۇ بىرىگادى-
سى ئالدىغا ئۇچرىغان ياڭجىچىڭنىڭ قورۇ جايلىرىنى، مەشھۇر
ئىبادەتخانىلارنى ئوتقا كۆيدۈرۈپ ماڭدى. مەشھۇر تەندىڭ
ئىبادەتخانىسىدىكى تارىختىن ئاسارە - ئەتىقە بولۇپ كېلىۋات-
قان گۈل - نەقىشلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگىدى. بۇلار تاۋچۇغا يېت-
كەندە ياڭ ئاللىقاچان شىنىڭ رايونىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.
بىراق بۇ جايغا جىخۇڭچاڭ قىسىملىرى قوغلاپ يېتىپ كەل-
دى. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇش قىلماستىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
لابۇلىڭغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا خۇيزۇلاردىن بەزەن قارا
نىيەت كىشىلەر بۇزۇق ئۇنسۇر جاڭتىڭمىن بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈپ، زۇڭدىكى نۇرغۇنلىغان خەنزۇ، زاڭزۇلارنى قىرغىن
قىلىپ، خەنزۇ، زاڭزۇ، خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا
قىلدى. قىش ئايلىرىدا ياڭجىچىڭ تاۋچۇغا قايتىپ كېلىپ
خۇيزۇلارنى نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىرغىن قىلدى. ماجۇڭيىڭ
ھەربىي ئىنتىزامىنى قاتتىق تەكىتلەيتتى. بىر ئورۇندىن قوزغى-
لىپ ماڭغان چاغدا، يول ئۈستىدە مال - مۈلۈك بۇلاپ ماڭ-
غانلارنى سەزسىلا چارە كۆرەتتى.

شاباگو تەرەپلەردە زاڭزۇلار بىلەن پارچە - پۇرات
توقۇنۇشۇپ ئاخىرى لابۇلىڭغا يېتىپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ بۇ
يەردىكى «لابۇلىڭ چوڭ ئىبادەتخانىسى»غا ئەھمىيەت بېرىپ

ماپشەن بىرىگادىسىنى ئەۋەتىپ قوغدىدى. بۇ ئىبادەتخانىدىكى لاما بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭغا ئات ۋە ئاق لېنتا تەقدىم قىلدى. ماليائېجۇن بىرىگادىسى مانىدالا ئاغلىرىدا تۇرىۋاتقان دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىر روتىسىنى تار - مار قىلىپ 120دىن ئارتۇق ئادەمنى تونجۇقتۇردى. بۇ ئۇرۇشتا بىر نەپەر ئورۇنباسار پولكوۋنىك ئۆلدى. قالغان قىسىملار چېكى-نىپ كەتتى.

## چىڭخەينى ئايلىنىپ يۈرۈپ دۆلەت ئارمىيىسىگە 2 - قېتىم زەربە بېرىش

ماجۇڭيىڭ يۈڭەن ناھىيىسىگە كىرگەندىن كېيىن بۇ يەر-دىكى بەش قورغاندىن تۆتىسى دەرۋازىسىنى ئېچىپ قارشى ئالدى. قوي، كالا، تالقان بەردى. ئاردا بىر قورغان ئۇنداق قىلمىدى. شۇڭا بۇ قورغاننى بىر ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلدى. 1928 - يىلى 1 - ئايدا گۇيدې ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە مابۇفاڭنىڭ قېيىنئاتىسى ماچياۋشەننىڭ بىر باتالي-يون ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلماستىن ماجۇڭيىڭ-غا قوشۇلدى. خۇاڭخې دەرياسىدا مۇز ئېرىمەس ۋاقىتتىن پاي-دىلىنىپ دەريادىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن گالاگۇغا ماڭدى. ماچې-نىڭ ئىنىسى مالىڭ ئىككى پولك ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ چې-قىپ توسقان بولسىمۇ ئۇرۇش بولمىدى، بىر ئىككى پولك ئەسكەر ماخېيىڭنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆزگىرىش ياساپ ماجۇڭيىڭغا قوشۇلدى. مالىڭ بىر نەچچە ئادىمى بىلەن



قېچىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنى «دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ھاراھ-زەدىسى» دەپ، ئىلگىرى ماجۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان ئىككى پولكنى مۇستەقىل پولك قىلىپ ماخېيىڭنى باشلىق قىلدى. بۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تار ئىبادەتخانىسىغا يەتكەندە سۇنلىيەن-جۇڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشتى (بۇ چاغدا شىدا چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ سۇنلىيەنجۇڭ رەئىسى بولغان ئىدى). ئۇرۇشتا سۇنلىيەنجۇڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىلدى. بۈتۈن بىر پولكنى تار - مار كەلتۈرۈپ بىر نەچ-چە پىلىموت غەنىمەت ئالدى. ئەسىر چۈشكەنلەرنى توپلاپ مۇھاپىزەتچى روتا تەشكىل قىلدى، تۆۋەندىن ئۇلارنى مۇھاپى-زەتچى روتا قىلىشقا بولمايدۇ، ھەر قايسى قىسىملارغا تارقىتى-ۋېتىش كېرەك دەپ پىكىر قىلسا، ماجۇڭيىڭ ئۇلارغا ئەسىر-لەرنىڭ ئىچىدىن ئۆتسەلا، پايدىلانغىلى بولىدۇ دەيتتى. بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن سۇنلىيەنجۇڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا ھېلىقى ئەسىرلەردىن بىرسى يول ئۈستىدە ماجۇڭ-يىڭگە بىر پاي ئوق ئاتتى. ئەمما ئوق تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھاپىزەتچى روتا قىلىپ تۈزۈلگەن ئەسىرلەرنى تولۇق قوراللسىزلاندۇرۇپ ھەممىسىنى قوۋۇپ تاشلىدى.

ماجۇڭيىڭ سۇنلىيەنجۇڭ قوشۇنلىرى بىر زەربىگە بەر-داشلىق بېرەلمىدى دەپ شىنىڭغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈ-زۈۋاتقاندا، ماچىدىن شىنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۆزەڭگە ھەم يۇخرالارغا پايدىسىز، دېيىلگەن بىر پارچە خەت ئالدى. شۇڭا ماجۇڭيىڭ بۇ پىلاننى تاشلاپ نېيۈەنگە باردى. بۇ شە-ھەرنى ساقلاۋاتقان مابۇيۈەن بىلەن ئالاقە باغلاپ كۆرگەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلدى. مابۇيۈەن-

نىڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. قالغان خەلق پولكلىرى بەر-
داشلىق بېرەلمىدى. شەھەر ئېلىندى. ئەسكەر ۋە پۇخرالاردىن
نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ شەھەردە ئاران بىرىم
كۈن تۇرالىدى، چۈنكى دولەت ئارمىيىسى قوغلاپ يېتىپ كەل-
گەنلىكتىن ماجۇڭيىڭ پىداتۇڭغا كەتتى. دولەت ئارمىيىسى شە-
ھەرگە كىرگەندىن كېيىن مابۇيۈەننى ماجۇڭيىڭ بىلەن شەخسى
ئالاقە باغلاپتۇ دەپ يەنە بىر نەچچە ئوفىتسېرلەرنى قوشۇپ
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ماجۇڭيىڭ شىخويگۇ دىگەن يەرگە بېرىپ ئەسكەرلىرىنى
رەتكە سالدى. چىڭخەيدىن يول تېپىپ خېشىغا ئوتۇشكە تەييار-
لىنىۋاتقاندا، دولەت ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ ئەپلىك يەر شارايىتىدىن پايدىلىنىپ ئەس-
كەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. 2 كۈنلۈك
قانلىق جەڭدە دولەت ئارمىيىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.
بۇ قېتىمقى زەربە، دولەت ئارمىيىسى چىڭخەيگە كىرگەندىن
كېيىن ئۇچرىغان 2 - قېتىملىق زەربە ئىدى. دولەت ئارمىيە-
سى ئامالسىز چېكىندى. ماجۇڭيىڭ بولسا چىڭخەيدىن ئوڭۇشلۇق
كېتىپ قالدى.

## بېيەندۇكۇدىن چىقىپ يۈكچاڭ، مىڭچىڭغا ئارقىمۇ - ئارقا تەھدىت سېلىشى

ئۇ چاغلاردا خېشىدا دولەت ئارمىيىسى يوق ئىدى. بىجيەنجۇ-
نىڭ ئاز سانلىق ئەسكەرلىرىلا ئايرىم ھالدا جايلارنى ساقلاپ
ياتاتتى. بېيەندۇكۇنىڭ شىمالىدىمۇ بىر باتالىيون ئەسكەر بار



ئىدى. بۇلار مۇز پارچىلىرى بىلەن مۇداپىئە توساقلىرى ياسى-
غان بولسىمۇ، ئەمما ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكىرى كۈچى تۈمەندىن
كۆپ بولغاچقا نەچچە يۈز كىشىلىك دۈشمەننى بىر ھۇجۇم بىلەن
يوق قىلىپ شامېيەنجۇاڭ دىگەن يەردە نەچچە كۈن دەم ئالدى.
سەندەن شەھىرىنىڭ خەلقى قارشى ئالغانلىقتىن شۇ شەھەردە
بىرىم ئاي تۇردى. پۇخرالار ئاشلىق، ئوتۇن، سامان بىلەن
ئوبدان تەمىنلىدى. ماجۇڭيىڭ شۇ مەزگىلدە: «شىنجاڭنىڭ يېرى
چوڭ، ئەگەر شۇ يەرگە چىقساق چوقۇم راۋاج تاپىمىز» دىگەن
پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تولىسى شىن-
جاڭدا چۆل جەزىرە تولا، ئۇ يەرگە بارساق جاپا تارتىپ قالى-
مىز دەپ قوشۇلمىدى. بولۇپمۇ ماتىڭشەن شەرىقتە يۈرۈش قى-
لىپ نەنجىڭنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇڭا ماجۇڭيىڭ
ئۆز پىكرىدىن ۋاز كېچىپ يۈكچاڭغا باردى.

1929 - يىلى كونىچە 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ماجۇڭ-
يىڭ يۈكچاڭغا كەلدى. بۇ يەردە ئادەم سانى تولۇق بولمىغان
بىر باتالىيون ئەسكەر بار ئىدى. باتالىيون كوماندىرى شۈي-
مېيەن ماجۇڭيىڭغا نىسبەتەن يۇرتداشلىق ھېسسىياتى بولغانلىقتىن
ئاستىرتتىن كېلىشىپ ماجۇڭيىڭنى شەھەرگە كىرمەيدىغان قىلىپ
ئاشلىق، ئوتۇن - سامان بىلەن تەمىنلەيدىغانغا پۈتۈشتى، ئەمما
شەھەر مۇداپىئەسىگە ھەمكارلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەلقتىن تەشكىل-
لەنگەن پولكنىڭ پولكوۋنىكى ياڭجېيچىڭ يېڭى
تەنتەك بولغاچقا ئوق چىقىرىپ مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىقى
مايەنخەينى ئېتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىتىم بۇزۇلۇپ ئۇرۇش
باشلاندى. بىرىم كۈن ئىچىدە شەھەر ئېلىندى. شۈيمېيەن، ياڭ-
جېيچىڭلار كوچا سوقۇشىدا ئەسىرگە چۈشتى، ئۇلارغا ئۆلۈم جا-

زاسى بېرىلدى، بۇ ئۇرۇشتا ئەسكەر ۋە خەلقتىن بولۇپ 2290 نەچچە ئادەم ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ يەردە تۇرماستىن مەنچىڭغا ئۆتۈپ كەتتى.

يول ئۈستىدە مالىيەنچۈەن تۈز كۆلىدىكى 8-تەلك ئەس-كەرنى جايلاشتۇرۇپ مايمىبياۋنى مەنچىڭغا ئەۋەتتى، بۇ شەھەر-دە دولەت ئەسكىرى يوق ئىدى، دولەت ئارمىيىسى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن شەنجاڭ لىيشىگىنىڭ ئوز ئالدىغا ئويۇشتۇرغان 3-4 يۈزدەك قوراللىق ساقچى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىلا بار ئىدى، مايمىبياۋ شەھەردىكىلەرگە ئاشلىق، ئوتۇن - سامان بىلەن تەمىن قىلساڭلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلمايمىز دېگەندە ئۇلار كەلگەنلەر-نى ئاز كىشى ئىكەن دەپ ئوق چىقىرىپ مايمىبياۋنىڭ ئوغ-لى ماخېلىنى ئېتىپ قويدى. ئاندىن بۇ ئەھۋالنى ماجۇڭيىڭغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن توپلۇنۇپ كېلىپ بۇ شەھەرنى ئالدى. شەنجاڭ ۋە ھەربىي باشلىقلار ھەممە پۇخرالاردىن نۇرغۇن ئا-دەملەر ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھېسابلانغان. (ۋاقشىچياۋ ماتىرىيالىغا قارالسۇن) ماجۇڭيىڭ بۇ شەھەرگە كىرگەندە ئۆلۈك-لەرنىڭ نۇرغۇنلىقىنى كۆرۈپ: نىڭشياغا بارغاندا ھەرگىز مۇن-داق قىلمايلى. پۇخرالارنى مۇنداق ئۆلتۈرۈپ تاشلىساق بىزنى كىم باقىدۇ، مۇندىن كېيىن ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك دېگەن. ماجۇڭيىڭ ماتىڭشيەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 8 دانە ئات ۋە باشقا سوغا - سالاملار تەييارلاپ يەنشەن بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئادەم ئەۋەتتى، ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن ئاي-رىلىپ ماڭغاندا يول ئۈستىدە يەنە تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ قىسىملار ئولجا ئېلىپ ماڭغان خوتۇن - قىزلار بولسا، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى.



## نىڭشياغا كىرىپ مىڭزىجۇڭنى قوغلاش

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى نىڭشياغا كىرگەندىن كېيىن ۋاڭ-يېڭلۇغا باردى. موڭغۇل ۋاڭلىرى بىر تەرەپتىن قارشى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورۇلۇقتا ئوت - چۆپ ئاز، ئۇزۇن تۇرۇۋالسا قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن تەلەپنى قويدى. شۇڭا بۇ يەردە 4 كۈن تۇرۇپ موڭغۇللاردىن يولباشلىغۇچى ئېلىپ يىڭ-چۈەن تەرەپكە ئىلگىرىلىدى. (بۇ چاغدا نىڭشيا ئۆلكە بولۇپ مىڭزىجۇڭ ئۆلكە رەئىسى ئىدى.) ئۇلار يىڭچۈەنگە 30 يول قالغاندا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەسىرگە چۈشكەن نىڭشيا يېڭى شەھەر ھاكىمىدىن مىڭزىجۇڭ-نىڭ ئاران بىر تۇەن ئەسكىرى بارلىقىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن 3 تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ يېرىم كۈن ئىچىدە غەربىي شەھەرنى ئىشغال قىلدى. مىڭزىجۇڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىدىن قېچىپ كەتتى. شەھەر مۇداپىئەسىگە مەس-ئۇل بولغان مۇئاۋىن گېنېرال ۋاڭشىگزى ئۇرۇشتا ئۆلدى. بىر باتالىيوندىن كۆپرەك دولەت ئارمىيىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قو-راللىسىزلاندۇرۇلدى، ماجۇڭيىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ يەردە ئوت قويۇش، قىرغىن قىلىش ئىشلىرى كۆرۈلمىدى. شەھەر ئىش-غال قىلىنغاننىڭ ئەتىسى، مىڭزىجۇڭنىڭ يەرلىك قىسىملىرى ئىككى يول بىلەن ياردەمگە كەلگەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭ مۇستەقىل بولىكنى بۆلۈپ ئۆلكە مەركىزىدىكى گېنېرال مافۇشىنىڭ مەھكىمىسىدىكى قوراللارنى

تۇشۇۋالدى. يەنە ھەر قايسى ناھىيىلەرگە مەمۇرى خادىملار ئەۋەتىپ ئەسكەر ئېلىش، باج يىغىش خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇپ ھەر بىر باتالىيونغا 30دىن يېڭى ئەسكەر قوشۇپ تولۇقلىدى. بىرىگادىنى چوڭايتىپ دىۋىزىيىگە ئايلاندۇردى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە دولەت ئارمىيىسىدىن جىخۇڭچاڭ قىسىملىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ گۇاڭخۇاغا كەلدى. بۇ يەردىكى 2-بىرىگادا تاقابىل تۇرالماي داباخەدىن يەرگە چېكىنىپ يالغاندىن دولەت ئارمىيىسىگە تەسلىم بولىمىز دەپ ئادەم ئەۋەتكەندە جىخۇڭچاڭ قوغلاشنى توختاتتى، كېيىن خەنجىنلۇ ياردەمگە كەلگەندە بىرلىشىپ جىخۇڭچاڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى قورشىۋېلىپ جايلىۋەتتى. جىخۇڭچاڭنىڭ قالغان قىسىملىرىدا قورال خىل، ئوت كۈچى ئۈستۈن بولغانلىقتىن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يىڭچۇەن تەرەپكە چېكىندى. كېيىن باۋفۇڭ ناھىيىسى شىزۇيسەن تەرەپلەردە تۇرغاندا ماتىڭشەننىڭ يەنشىسەنگە ئەۋەتكەن ئادەملىرى سەنشىدىن قايتىپ كەلدى. يەنشىسەندەك تايانچىمىز بولغان شارايىتتا نىڭشياغا قايتارما ھۇجۇم قوزغىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يەنە غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ 5-ئاينىڭ باشلىرىدا نىڭشياغا ئىككىنچى قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئىككى كۈنلۈك جەڭدە ماجۇڭيىڭ دەسلەپ ئىش قوزغىغاندا دىۋىزىيە سىجاڭى بولغان مايىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. باشقا چىقىملارمۇ خېلى ئېغىر بولدى، جىخۇڭچاڭ قىسىملىرى 4 دەرۋازىدىن تەڭلا ھۇجۇمغا چىقىپ ماجۇڭيىڭنىڭ پۈتۈن سېپىنى چېكىندۈردى.



ئۇلار سۇيۈەننىڭ غەربىگە چېكىنىپ ئىككى ئاي تۇردى، تەمىنات جەھەتتە قىيىنچىلىق ھېس قىلدى. ئۆز قىسىملىرىنىڭ كىچىكلىگەنلىكى قايغۇرۇپ تۇرغاندا، ماتىڭشياڭنىڭ بېيپىڭدىن يازغان خېتى كېلىپ تەگدى. ماتىڭشياڭ 1928-يىلى كۆزدە لياڭجۇدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىنىڭ ئارقىلىق تەنجىڭگە بېرىپ جياڭجيېشى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى ۋە ئۇنىڭ گەنسۇدىكى ئەسكەرلىرىنى كۈچلۈك دەپ يۇ ئېيتىپ يۈرگەچكە جياڭجيېشى ئۇنى 15-يول ئارمىيىسىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ۋە بىر قىسىم كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلەر بېرىپ يولغا سالدى. ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ خېتاۋدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ماتىڭشەننى بىرىنچى كولونناغا، ماجۇڭيىڭنى ئىككىنچى كولونناغا دۈيجاڭ قىلىپ ماسۇڭلياڭ، خەنجىنلۇ، ماخۇسەن، ماجيەنلەرنى دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. يېڭى تۈزۈم بويىچە رەتلەپ بولغاندىن كېيىن ھەر بىر دىۋىزىيە ئادەم سانىنى مەلۇم قىلسۇن، نەنجىڭگە دوكلات قىلىمىز. ماتىڭشەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بېيجىڭگە كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىدۇ دەپ ئۇقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئەسكەرلەردىن ئايرىلىپ بېيجىڭگە باردى.

بۇلار كەتكەندىن كېيىن قالغان قىسىملاردا چوڭراق باشلىق بولمىغاچقا ئۆز ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلدى. غەرپ ئارمىيىسى بىر گۇرۇھ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەۋلاتلىرى بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ ماجۇڭيىڭغا نارازىلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنبەتسىز خېتاۋ تەرەپلەرگە چېكىنىپ كىيىم-كېچەك، تەمىنات جە-

ھەتلەردە تېخىمۇ قىيىنالدى. ئۇرۇش بولمىغان ھالەتتىمۇ ئىتتا توڭلاپ ئۆلۈش خەۋپى بولغانلىقتىن ھەممە ئەسكەرلەر روھى بەھەتتە چۈشكۈنلەشتى. قىش كىرىش ۋاقتىدا 2 - بېرىگادىنىڭ سىجاكى مايىشەن ئاغرىپ ئولگەندىن كېيىن ئورۇنباسار باتا-لىيون كوماندىرى مايىڭبىياۋنىڭ قوترۇتىشى بىلەن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جىڭخوگچاڭغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماجيەنۇ تەسلىم بولدى. خەنجىناۋ، مارۇچاڭ، ۋاڭجىيەنلەنلار ئوز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ نىڭشىيا، خېدۇڭ ئارقىلىق گەنيۈيگە بېرىپ بىر ھۇجۇم بىلەن تيەنشۈينى ئېلىپ كېيىنكى كۈنلەردە ماتىڭشەننىڭ جەنۇبىي گەنسۇنى ئىگەللەشكە شەرت - شارايىت ياراتتى.

## ئىچكى رايونلاردا يۈرۈپ چىقىش يولى ئىزلەش

ماجۇڭيىڭ بېيجىڭدە ئىككى ئاي تۇرۇپ، ماتىڭشياڭ بىلەن بىرگە ئېچىپ مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ كونكرېت بىر لايىھە ھاسىل قىلالمىدى. ئەسكەرلەرنى رەتلەپ تۈزۈپ چىقىش ئىشلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ماتىڭشياڭنىڭ پاسسىپخانىلارغا چوكۇنۇپ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىغا كوزى يەتكەن جياڭ-جيېشى ئۇنى 15 - يىول ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ماتىڭشيەن ئۇنىڭ بۇ قەدەر چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كورۇپ گەنسۇغا قايتىپ جەنۇبىي گەنسۇنى ئىگەللەپ ياتتى. ماجۇڭيىڭ شەندۇڭ جىنەنگ شەھىرىگە كېلىپ ماخۇگدا بىلەن



ئۇچراشتى، ماخۇگدا بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوز كۈچلىرىنى ئۇلغايت-تىش ئۈچۈن، مۇزاكىرىلىشىپ نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مارۇلۇگنى سۈييۈەنگە ئەۋەتتى. ئۇ يەردىن ماخۇشەن بىلەن ماجۇڭجى ئىككىسى يۈزدىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن سەندۇڭغا كەلدى. قالغان قىسىملار كېلىشكە ئۈنىمىدى. ماجۇڭيىڭ بىلەن ماجۇڭجى ئىككىسى نەنجىڭ-گە كېلىپ مافۇشياڭنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق جياڭكەيشىسى بىلەن كورۈشتى. جياڭجيېشى ئۇلارنى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ماجۇڭيىڭ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى جياڭكەيشى سىستېمىسىدا ئورۇن ئىگەللەيدىغان بولسا ئوز ئەۋلادلىرىغا پايدى-سى بولىدىغانلىقىنى سەزگەن مافۇشياڭ جياڭجيېشىگە پىكىر بېرىپ ئۇلارنى ماخۇگدا قىسىملىرىغا ئەۋەتتۈەتتى. ماجۇڭيىڭ ماخۇگدا قىسىملىرىغا كېلىپ مەسلىھەتچى دەيدىغان قۇرۇق نامغا ئىگە بولدى. ئۇزۇن ئوتمەي جۇڭگودا مىللەتلەر ئۇرۇشى باشلانغاندا ماجۇڭيىڭنى ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ماچۇڭشياڭ بېرىگادىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. چوڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ماجۇڭيىڭ ئوزىنى خېلى چېنىقتۇرىۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا يەن شىسەن، پىڭ يۈيشىياڭلار مەغلۇپ بولدى. جاڭجيېشى غالىپ بولۇپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. ماجۇڭيىڭ بۇ جەرياندا جاڭ ياۋ، ۋۇيىڭچى قاتارلىق ئادەملەر بىلەن پۇرسەت بولسىلا ئۇچرىشىپ تۇردى. بۇ ئىنقىلاۋى يولداشلار ماجۇڭيىڭنى غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇلار ئىچىدىن چىققان ياش ۋە زېرەك، بولۇپمۇ ئىستىداتى ياخشى، جاپاغا چىداملىق، ئوگىنىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى

كورۇپ ئالدى بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى ياشلار ئىتتىپا-
قىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇرۇپ، قانداق قىلغاندا سەندۇڭدىن
ئاجراپ غەربىي شىمالغا بېرىپ كونا قىسىملىرىنى قوزغاپ باش
كوتۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا پىلان قىلىشىپ بەردى. شۇڭا
ماجۇڭيىڭ ئۇزۇنغا قالمايلا نىڭشياغا قايتىپ كەلدى.

## (4) گەنسۇدا ئەسكەرلىرىنى رەتكە سېلىپ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا چىقىش

ماجۇڭيىڭ سەندۇڭدا ماخۇڭدا ئورۇنلاشتۇرغان قورۇق
ئەمەلگە تۇرغۇسى كەلمەي 1930 - يىلى 7 - ئايدا ماشىشۇن
بىلەن بىللە غەربىي شىمالغا كەلدى. نىڭشيا رەئىسى ماخۇڭبىڭ
ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئالدى.
ئولكىگە كىرگەندىن كېيىن قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا
ماخۇڭبىڭ سۆزلەپ ماجۇڭيىڭدىن، خەلققە كۆپرەك پايدىلىق
ئىش قىلىشنى، 1928 - يىلدىكىدەك ئىشلارنى قايتا تەكرارلى-
ماسلىقنى ئۈمىد قىلدى. ماجۇڭيىڭ جاۋابەن سۆز قىلىپ: «بۇ
قېتىم بىر قەدەر توغرىراق نىشان بىلەن كەلدىم، ئىلگىرىكىدەك
قالايمىقان ھەرىكەتتە بولمايمەن، ئىلگىرى بىز خەلققە ئورغۇن
جەۋرى - جاپا سالدۇق، بىز ئەسلىدە دۆلەت ئارمىيىسىگە
قارشى قوزغالغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى ئادەملىرىمىز تەربىيە
كۆرمىگەن بولغاچقا ئىنتىزامدا ناچار بولدى. شۇڭا بارغانلا
يېرىمىزدە خەلققە ئېغىر زىيان كەلتۈردۇق. ئەمدى مەن كونا
قىسىملارنى ئويلىرىغا قايتۇرىمەن، ئۇلار قايتىپ خاتىرجەم ئوز
كەسپىنى قىلسۇن» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ماخۇڭبىڭ ئۇنى تەلىم-



تەربىيە دۈيجاڭى قىلىپ بەلگىلىدى. قىسىملاردىن ئادەم ئەكىلىپ
تەلىم - تەربىيە بەردى. ماجۇڭيىڭ بۇ پۇرسەتتە باشقىلارغا
تەلىم - تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى ئۆزىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى.
بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئەدەبىياتتىن دەرس ئوقىدى، گەن-
جۇدىكى ماچيەن، ماجۇڭيىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا 5
مىڭ يۈەن پۇل ئەۋەتكەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ پۇلنى كۇر-
سانتلارغا ھەدىيە قىلىپ، ئەدىيال، لۆڭگە، كوينەك، داس سې-
تىۋېلىپ بەردى. دېمەك ئۇ كۇرسانتلار بىلەن ھالاۋەتتە، جاپا - مۇشە-
ققەتتە بىللە بولۇپ ياخشى تەسىر بەرگەن ئىدى. شۇ تەقلىتتە بىر
نەچچە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بىر
خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. قوش كوتۈرۈپ شىكار قىلىمەن دەپ
چەت جايلارغا چىقىپ، شۇنىڭ بىلەن كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ
كونا ئادەملىرىدىن ماشىشۇن ۋە كۆڭلى يېقىن كۇرسانتلاردىن
بىر نەچچە ئادەممۇ قوشۇلۇپ جوڭۋېيغا بىللە كەلدى. ماخۇڭبىڭ
ئۇنى قايتىپ كەل دەپ نەچچە قېتىم ئۇقتۇرۇش قىلغان
بولسىمۇ، ماجۇڭيىڭ كېچىكتۈرۈپ قايتىپ بارمىدى. بۇ چاغدا
مايىڭبياۋ جوڭۋېيغا كېلىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئەۋەل
ئۇ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ جى خۇڭچاڭ قى-
سىملىرىغا قوشۇلۇپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى قوبۇل قىلغان ئىدى.
ئۇ ھازىر ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئوز جايىنى تاپقاچقا
ماجۇڭيىڭ ئانچە كوپ ئەيىبلىمىدى. ئەمدى ئۇ جوڭۋېيدىكى
ماجۇڭلىڭنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ نىڭشيا
چېگراسىدىن ئۆتۈپ گەنجۇغا كەلدى. قىشقا كىرگەندىن كېيىن
يول بويى ئېلان چاپلاپ، ئۆزىنى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا باش-

لىرى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى دەپ جار قىلىپ ماڭدى. جۇڭگودا باستۇرۇلغان ئېلان ئۇستىدا: «مەركەزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ياشلىرى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى جۇڭگودا قەسەم بېرىپ خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى» دېيىلگەن.

## كونا قىسىملىرىنى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ياشلىرى بىرلەشمە ئارمىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىش

ماجۇڭيىڭ گەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن ماجيەنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر كونا قىسىملاردىن بولغاچقا ماجۇڭيىڭغا بەك ئىشەنمەپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ماجيەندە ھەسەت پەيدا بولدى. 1931 - يىلى ئەتىيازدا ماجيەن مۇنچىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماجۇڭيىڭغا قەست قىلماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ھېچقانداق گۇماندا بولماستىن، ماجيەن بىلەن قىلىشقان ۋەدىگە ئاساسەن مۇنچىغا بېرىپ ئەمدىلا كىيىمىنى سالغاندا ماجيەن ئورۇنلاشتۇرغان ئادەملىرىدىن بىرسى ئوق ئاتتى، لېكىن ئوق ماجۇڭيىڭغا تەگمەي، يۇيۇنۇۋاتقان باشقا بىر يىگىتكە تېگىپ ئۆلدى. ماجيەن قېچىپ كەتتى. پاتىپاراقچىلىق بولدى. ئىككى تەرەپ بىر مۇنچە ئوق ئېتىشتى. ماجۇڭيىڭ بۇ ۋەقەنى ئانچە كۆڭلىگە ئالماي ماجيەننى خىزمەتتىن بوشۇتۇپ 20 مىڭ يۈەن پۇل، بىر دانە ئاپتوموبىل بىلەن بېيپىڭغا يولغا سېلىۋەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماجيەن جاڭجياكۇدا ئۆلدى.



شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماجۇڭيىڭ ھەربىي ھوقۇقنى تولۇق ئىگىلەپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ياشلار بىرلەشمە قوشۇنى رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆزى باش قوماندان ( زۇڭسىلىڭ ) بولدى. ئەسكەرلەرنى قايتا رەتلەپ زىيالىلارنىڭ رولىغا ئېتىبار بەردى. يەرلىك قوشۇنلاردىن بىر پولك تەشكىللەپ لىيۇ جېڭباڭنى پولكوۋنىك قىلىپ تەيىنلىدى. 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى خۇاڭ ۋېنجۇڭنى مۇئاۋىن پولكلۇققا تەكلىپ قىلدى. شۇ ئەتراپتىكى 11 ناھىيىگە شەنجاڭ، جۈيجاڭ تەيىنلەپ ئەۋەتتى. ماجۇڭلىڭ، ماشىشۇن، ماخۇبىڭ، ماجىنىڭلەرنى تۈەنجاڭلىققا بەلگىلىدى. يەنە بىر مۇنچە باتالىيونلارنى تەشكىللەپ ناھىيىلەردىن يىگىت ئەسكەر ئېلىپ تولۇقلىدى. كېيىن، ماجۇڭجېي، ماخۇشەنلەرمۇ سەندۇڭدىن قايتىپ كەلدى. ماجۇڭجېينى پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسىغا، ماشىشۇننى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىغا لۈيجاڭ قىلدى. ئەسكەرلەرنى رەتكە سېلىۋاتقان پەيتتە، ماجۇڭلىن ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئاخىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىبرەت قىلدى. ماجۇڭلىننىڭ ۋەزىپىسىگە ماخۇسەن تەيىنلەندى.

1931 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ سەندۇڭدا تونۇشقان ئەمەلدارلاردىن جاڭ ياشاۋ، ۋۇيىڭجى قاتارلىقلار كېلىپ قوشۇلدى. جاڭ ياشاۋ باش كاتىپ قوشۇمچە باش ھەربىي مەسلىھەتچى، ۋۇيىڭجى سەنمۇجاڭ بولدى. بۇلار بىرلىكتە ئىچكى جەھەتنى پائال رەتكە سېلىپ يارامسىزلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ چاغدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ شۇيجۇدىكى 7 ناھىيە، گەنجۇدىكى 4 ناھىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر ئۆلكە قۇرۇش قەستىگە چۈشۈپ تاشقىرىغا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ تېلېگراممىلار

يوللىدى. بۇ چاغدا باشقا تەرەپلەر ماجۇڭيىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن 1931 - يىلى 3 - ئايدا سەندۇڭدا چىقىدىغان، بەزەن گېزىت - ژورناللار ماجۇڭيىڭ «قىزىللاشتى» دېگەن خەۋەرلەرنى تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە ماجۇڭيىڭ تېخى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ياكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ توغرىسىدا يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا قەتئىي نىيەتكە كەلمىگەن ئىدى. قورال - ياراق يېرىم ياتا، ئوق - دورا كەم، تەلىم - تەربىيە ناچار ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەر ھامان چېرىكلەشكەن بولۇپ، خەلقنى تەپرىقچىلىققا سالىدىغان ئىشلار دائىم چىقىپ تۇراتتى، ھەربىي - مەمۇرى خىراجەت يەنىلا يېتەرسىز ئىدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەركىتى باشقا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. دولەت ئارمىيىسى شەرققە كەتكەندىن كېيىن، گەنسۇدىكى ۋەزىيەتتە يەنىلا ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىش شەكىللەنگەن ئىدى. باي - مۆلبەت خېشى كارىدورى مابۇفاڭنىڭ ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان بىر پارچە زېمىنى بولۇپ لياڭجۇنى، چىڭخەيدىن ئېۋەتكەن ماشۇن ئىگەللىۋالغان ئىدى. شۇڭا ھازىر ماجۇڭيىڭ شۇيجۇ، گەنجۇدىكى 11 ناھىيىنى ئىگەللىۋالمىغان بولسىمۇ، ياشلار بىرلەشمە قوشۇنى بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى، مابۇفاڭ ئۆزىگە بولغان تەھدىت دەپ چۈشىنىپ قورال كۈچى بىلەن ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىۋېتىشنى پىلانلىدى. 1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا: ماشۇننى پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن يۇڭچاڭ، سەندەن ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا، مابىياۋ، مايى ئىككى ئاتلىق بىرىگادىنى ۋە تەۋەلىكىدىكى پولك - باتالىيونلارنى بېيەندۇكۇدىن ئۆتۈپ



گەنجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۆزى مابۇشۇ بىرىگادىسىغا قوماندانلىق قىلدى. بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ خىللانغان پىيادە ئەسكىرى، ماجۇڭجى قوماندانلىقىدا شۇيجۇدا تۇراتتى، ياردەمگە كەلتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيتتى. ماجۇڭيىڭ ئىككى ئاتلىق پولك ۋە ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى باتالىيونلارنى باشلاپ چىقىپ 1 - كۈنى قىزىلسۇ دېگەن يەردە ئۇرۇش قىلىپ مابۇفاڭ قىسىملىرىنى چېكىندۈردى. كېيىن ئۇلار كۈچ توپلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا ماجۇڭيىڭ تەڭ كېلەلمەي شۇيجۇغا چېكىندى. ماخۇچىڭ قوغلاپ زەربە بەرگەنلىكتىن ماجۇڭيىڭنىڭ شۇيجۇدا تۇرالماي جىايۈگۈەندىن چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك ھەربىي كىيىملىرى قىپقالدى. زىيان ناھايىتى ئېغىر بولغان ئىدى. باش شتاپنىڭ ئادىيوتانتلار باشلىقى (فوگۈەنجاڭ) مايۈيچىڭ ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. لېي جىڭباڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن گەنجۇنى ساقلاۋاتاتتى. مابۇفاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار تەسلىم بولغان بولسىمۇ، مابۇفاڭ ئۇنى 80 نەپچە ئوفىتسېرلىرى بىلەن قوشۇپ ئېتىپ ئۆلتۈردى.

ماجۇڭيىڭ جىايۈگۈەندىن چىققاندىن كېيىن شەرققە قايتىش ئىمكانىيىتى قالمىغان، تارقىلىپ كېتىشتىن باشقا غەرپكە ماڭىدىغان بىرلا يول قالغان ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بۇرۇن شىنجاڭغا بېرىشنى ئانچە خالىمايتتى، ئەمدى ئويلاپ تۇرغىدەك ھېچ يېرى قالمىدى. بۇ چاغدا قۇمۇل دېھقانلىرى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بولۇپ،

بۇ قوزغىلاڭ ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە يەتەرلىك شارائىت يارىتىپ بەردى.

## شىنجاڭ تەرەپكە تەرەققىي قىلىش

شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى يۈرگۈزۈپ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. قوزغىلاڭ باشلىقلىرى خوجانىياز ھاجى، يولۋاسلار ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ گەنسۇدە مەغلۇپ بولۇپ نەگە بېرىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان بىر پەيتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تەكلىۋىنى ماقۇل كۆرۈپ ماخىيىڭ، ماسىڭگۈي، ماشىمىڭلارنىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ جەمئىي 700 دەك ئادەم بىلەن چىقىپ قۇمۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۆلكە تەرەپتىن جۇرۇيچىڭ سىجاڭ يېڭى شەھەرنى، شۈنفايۇ لۈيجاڭ كونا شەھەرنى مۇداپىئە قىلغان ئىدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. شۈنفايۇ تەسلىم بولۇش ۋاقتىدا جۇ توساپ قويدى. ماجۇڭيىڭ شەھەرنى پارتلاتتى. شەھەر ئىچىدىكىلەر پارتلاشتا بۇزۇلغان يەرنى ئوڭدۇلسۇق توساپ ئېتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن شەھەرنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئەسكەر ئاجرىتىپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى. بارىكۆلدىكى تۇەنجاڭ خې جىڭشىڭ تەسلىم بولدى، تۇەنجاڭ جاڭ لىياڭچىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرۈۋال-



دى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ كۈچلىنىپ يەنە قۇدۇققا ھۇجۇم قىلدى. ئۆلكە تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن دوگۇجۇ بىرىگادىسى بىلەن لياۋمۇگدا ( لىودۇڭ ) ئۇچرىشىپ ئۇرۇشتى. ئۆلكە تەرەپنىڭ لۈيجاڭى ۋە سەنيۇجاڭى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇن قورال - ياراق غەنىيمەت ئېلىندى. ئۆلكە تەرەپنىڭ شەرقىي يول سىلىڭى لۇشياۋزۇ، سەنيۇجاڭ شىڭشىسەيلەر يەتتە قۇدۇقتىكى ئاشلىقلارنى كۆيدۈرۈۋېتىپ داشتو دېگەن يەرگە چېكىنىپ مۇداپىئە كوردى. ماجۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تەككەنلىكتىن قۇمۇلغا چېكىندى. بۇ چاغدا ئىلىدىكى جاڭپېيۋەن ياردەمگە كەلدى. ئۇنىڭدا ئىككى مىڭدەك ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئۇلار قۇمۇلغا ئىلگىرىلەپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ قېتىم كەلگەنلەرنىڭ كۈچى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ماشىمىڭنى ئۇيغۇرلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ ئۆزى شۇيجۇغا قايتىپ دەم ئېلىپ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن شۇغۇللاندى.

## ياڭخۇچېڭنىڭ ياردەمى ئاستىدا 36 - دىۋىزىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى

ماجۇڭيىڭ 1 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكە تەرەپ بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا نۇرغۇن غەنىيمەتلەر ئالدى. گەنسۇغا قايتىپ سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ئۈچ ناھىيەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سەددىچىننىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى جۇچۈەن، گاۋتەي قاتارلىق 4 ناھىيەگە كېڭەيمەكچى بولدى. بىراق ئۇ جايلاردا مابۇفاڭنىڭ

ماددى بەرىگادىسى بار ئىدى. مابۇفاڭ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن يول قويدى. جۇچۇەن قاتارلىق 7 ناھىيىنى ماجۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ بىرىگادىسى قىلماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ بۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئەمما گەنسۇدىكى تۇرۇۋاتقان تەشۋىق ۋە ھال سوراش ۋەكىلى سۇلڭۋېيرۇنىڭ ياردىمى بىلەن ماخۇچىڭ ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا 36 - دىۋىزىيە نامىنى بەردى. ماجۇڭيىڭ ئەمدى رەسمى دىۋىزىيە بولغاندىن كېيىن بۇ 7 ناھىيىدىن يېڭى ئەسكەر ئېلىپ، ئەسكىرى كۈچىنى تولۇقلىدى. ياشانغانلارنى يەڭگۈشلەپ رەتلىگەندىن تاشقىرى مابۇفاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلاشقا ۋالىۋېيچىڭ، جالىدېچۇەنلەرنى ئېۋەتىپ مالىڭغا نۇرغۇنلىغان شىنجاڭ ئېتى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى، ئىگەر قاتارلىق ھەربى لاۋازىماتلارنى سوغا قىلدى. ياڭخۇچىڭ بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭغا ياڭبۇچىڭنى ئېۋەتكەن ئىدى. بۇ ئادەم جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئەزاسى ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇنى ھەربى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىغا باشلىق قىلدى. سۇلڭۋېيرۇ ھەم دولىتىڭنى ئېۋەتتى. بۇ كىشى ئارقىلىق ئىلغار يولداشلاردىن سۇجىشەن، لىۋېيىڭ قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى. ليۇجىڭپۇ سەنمۇ بولدى. يەنە چەتئەل تىلىنى بىلىدىغان ليۇچىڭشەن، پىڭ × × ئىسىملىك ئىككى نەپەر يۇقۇرى دەرىجىلىك زىيالىلارمۇ كەلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىمۇ جۇڭگونى ئاغدۇرۇش غەرىزىدە جاسۇس كىرگۈزۈپ ھەر قايسى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن شۇ چاغدا 36 - دىۋىزىيىدە كەيۋېي ① ئىسىملىك يۇقۇرى دەرىجە-

① ماتېرىيالدا كەيۋېي دىگەننى ئېھتىمال كامال ئەپەندى بولىشى كېرەك



جىلىك ھەربى مۇشاۋىر بار ئىدى. يەنە ئىسمىنى خۇانگۇيىن دەپ يۇرگۈزگەن ياپون مۇشاۋىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما ماجۇڭيىڭ ئۇنداقلارنى كوزگە ئىلمايتتى، ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ زىمىچۇەنزە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككى كىشى يوقاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ماجۇڭيىڭدىن جاھانگىرلار پايدا تاپالمىدى بولغاي.

ماجۇڭيىڭنىڭ ياش ۋاقتىدىن تارتىپ 36 - دىۋىزىيە باشلىغى بولغانغا قەدەر بولغان جەرياندىن قارىغاندا، نەچچە ئاتىسىدىن ھەربى خىزمەت ئۆتىگەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ماجۇڭيىڭ گەرچە يۇقۇرىراق ئوقۇش تەربىيەسى كورمىگەن بولسىمۇ، كۈچلۈك مىللى ھىسسىياتقا ئىگە ئىدى. لېكىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ئىشى يېتەرسىز. بەزىدە قىسمەن ئىشلارغا ھەددىدىن زىيادە كەڭ يول قويۋېتەتتى، ئۆزى بىلەن بىللە يۇرگەنلەر پىرىنسىپال خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگەن بولسىلا ئۇنداقلارغا چارە كورمەيتتى. مەسىلەن ئاسىيلىق قىلغان مايىجىياۋغا يول قويغانلىقى بىر مىسال بولالايدۇ. تۇرمۇشتا ئاددى- ساددا، ناچار ئىستىللىرى يوق ئىدى. ئەسكەر تەربىيىلەشكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ جاپا - مۇشەققەت، راھەت - ھالاۋەتتە ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە بولاتتى. توغرى سىياسى نىشان ياكى تەشەببۇسىنىڭ يوقلىقى ئۇنىڭ بىر كەمچىلىكى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ياخشى ئادەملەر قاۋۇل - ئىلغار زىيالىلار بولسىمۇ مىللى خاراكتىرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئەسكەر باشلىقلىرى خۇيزۇ بولسىلا قانائەت قىلاتتى. ماخۇسەن، ماجەنلىڭ، ماخىيىڭ قاتارلىقلار ئەسلىدە بۇزۇغراق ئادەملەر بولۇپ

مەنپەئەتنى كۆزلىگەندە، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاخىرى ئىسيان قىلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىغانلار ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، ياش ئىرادىسى بويىچە ھەر قانداق ئىشقا دۈچ كەلسە، ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتى، ئۆزى ئىشىنىدىغان ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، مۇشاۋىرلار بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئىشلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. قاۋۇل ئادەملەرنىڭ رولى ئانچە جارى قىلىنمىغانلىقتىن ھېچقانداق چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇ چاغلاردا غەربىي شىمالدا: «گاسىلىڭ، يېشى كىچىك، گەپ ئاڭلىمايدۇ- شا كىچىك» دەيدىغان قوشاق بار ئىدى. بۇ قوشاق غەربىي شىمالدىكى خەلقنىڭ ماجۇڭيىڭنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېچىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## شۆيجۇدا ئەسكەر تەربىيىلەپ لاياقەتلىك تايانچلارنى يېتىشتۈرۈش

ماجۇڭيىڭ ئۆز قىسمىنى باشقۇرۇشتا كونا ھەربىي ئەمەلدارنىلا 36 - دىۋىزىيىنىڭ تايانچىسى قىلىپ پايدىلانىدى. مەسىلەن ماجۇڭجى (ئىنىسى)، ماخۇشەن (ئاچىسىنىڭ ئېرى) ئىككىسى ئۇنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇلاردىن باشقا مارۇلۇڭ، ماسىڭگۈي، ماشىشۈگلار ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىلىرى ئىدى. ماجەنلىڭ، ماخېيىڭ ئانچە گەپ ئاڭلىمايدىغان بەگۋاش، تەرتىپسىزلەر ئىدى. بۇ ئىشلارنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن شۆيجۇدا تەلىم - تەربىيە رۇتىسى قۇرۇپ خەنزۇ- خۇيزۇ ياش-



لارنى تاللاپ تەربىيىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 36 - دىۋىزىيىنىڭ تايانچىسى قىلماقچى بولدى. بۇ كۇرستا ئوقۇغانلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ بىر ئەتىگەنلىكى گەپ ئاڭلىمايدىغان ماجەنلىڭ پولكىنى قورالسىزلاندۇردى. ماخېيىڭمۇ ئۆزلىكىدىن قورال تاپشۇرۇۋېلىشقا كۆچ چىقىرىپ ماجۇڭيىڭنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولدى. ھەمدە 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن قىسىملارنى رەتلەپ ماجۇڭجى، ماخۇشەن لۈيجاڭ بولدى. ماجەنشاڭ، ماسىڭگۈيلار پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا پولكوۋنىك بولدى. بۇنىڭدىن باشقا يان قورال، پىلىموت، ساپيور ۋە ئالاھىدە قىسىملار باتالىيونلىرى قۇرۇلدى. ئادەم سانى پىيادە ئەسكەرلەر 3 مىڭ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 مىڭ ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قىسىملارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىنتىزامى باشقىچىلا يېڭىلاندى.

## ماشىمىڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى

ماجۇڭيىڭ 1 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ قايتقاندا قېپقالغان ماشىمىڭ قىسىملىرى ئۆزلۈكسىز ئۇلغايدى. خوجانىياز ھاجى ۋە يولۋاسلار بىلەن ماسلىشىپ پىچانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆلكە ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى مافۇمىڭ (خۇيزۇ) ئالاقە باغلاپ تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، باشقا يەرلەرنىمۇ قوزغىۋەتتى. بۇ ئارىدا بىر مەزگىل ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى خېلى ھالسىزلاندۇردى. 1933 - يىلى 12 - ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ جىن شۇرېن تەختتىن چۈشتى. شىنجاڭ-

نىڭ ھەر قايسى جايلىرى پارچىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەسلىدە شەرقى يولنى تازىلاش قوماندانى جاڭ پېيۈەن شىڭ شىسەينىڭ ھەسەتخورلىقى بىلەن يوتكۆلۈپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ ئۆلكىدە بولغان سىياسى ئۆزگىرىشتىن بىخەۋەر بولسىمۇ، ئەمما ماشىمىڭ بىلەن ئۇيغۇر قىسىملىرى بىرلىكتە ئۆلكە ئارمىيىسىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا دائىم خەۋەر ئاڭلاپ تۇردى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنى 36 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى قىلىشتا جياڭ جېيشىنىڭ قانداق غەرىزى بارلىقىنى چۈشۈنەتتى، جياڭجېيشى ئۇ ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى ئىدى. مابۇفاڭمۇ ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېتىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. شۇنىڭدەك ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چىقىشى ئەڭ ئاخىرقى چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى: شۇڭا ئۇ 1933 - يىلى 3 - ئايدا ماجۇڭشەننى بىر باتالىيون (يىڭ) ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارغا ياردەملەشتۈرۈپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدۇردى. ماجۇڭشەن قۇمۇل ئۇرۇشىدا ھالاك بولدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن ماگادۇڭنى ئەۋەتتى. قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى تاغدا ئۆلكە ئەسكەرلىرىدىن لىيۇجىبيسەن قىسمىنى تار - مار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان لىيۇخېيرۇ گۇچۇڭغا چېكىندى. ماشىمىڭ تۇرپان، پىچاننى ئالغاندىن كېيىن 3 - ئايدا قاراشەھەرنى ئالدى. ئۆلكە تەرەپنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن ۋالى نيۇشى، لۇيجاڭ دەنشىكۇيلار ئۇرۇشتا ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋرەپ، پوچتا - تېلېگراففلار توختاپ قالدى.

مۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا قارا نىيىتى جۇشقۇنلاپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ پۈتۈن دىۋىزىيىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا چىقتى. يول



بويى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئېلان چاپلاپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى چەكلىشكەنلىكتىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىمىز دېگەن مەزمۇندا جار سالدى. قۇمۇلغا چىققاندىن كېيىن ماجۇڭجىنى ئالدى بىلەن گۇچۇڭغا ئەۋەتتى. ئۆزى سەل كېيىن كەلدى. گۇچۇڭدا قۇمۇلدىن كەلگەن لى خەيرۇ، لى رۇڭخۇا قىسىملىرى بولغاندىن تاشقىرى شەھەر مۇداپىئە سېلىقى جاڭ جۇشەننىڭ قىسىملىرىمۇ بار بولۇپ ئوق - دورىسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ماجۇڭجى موردىدا بىر كۈن سوقۇشۇپ مورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شوھرەت بىلەن كېلىپ گۇچۇڭنى قامال قىلدى. بۇ يەردە ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. بەختكە قارشى ماجۇڭجى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلدى. بۇنىڭ ئاچچىقىدا قىسىملار سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا ئۆلكە ئەسكەرلىرى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. لى رۇڭخۇا ئۆلتۈرۈلدى. لى خەيرۇ بىلەن جاڭ جۇشەن ئەسىرگە چۈشتى. 4 دانە زەمبىرەك، 50 تال ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 8 مىڭ تال ھەر خىل مىلتىق غەنىمەت ئالدى.

## گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۆلكە تەرەپ بىلەن بولغان سۆھبەت

گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ماجۇڭجى ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە قايغۇردى. بۇ ئۇرۇشتا ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ئەسىرگە چۈشكەن 20 نەچچە ئورۇس ئەسكەرلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ دەردىنى ئالغان بولدى. يانكىدىن بىر مىليون سەر پۇل ئېلىپ ئەسكەرلىرىگە

ئايلىق بەردى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ياش ۋە ساغلام بولغانلىرىنى قىسىملارغا تارقىتىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇردى. ئاندىن ئۆلكە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ نوقۇل ھەربىي كۈچ بىلەن ئەمەس، خارجىي يول تېپىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ 300 ئادەم بىلەن ماخىيىڭنى چۆچەكنى ئىشغال قىلىپ سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى.

ئۈرۈمچىدە ھاكىمىيەت تالىشىپ بىر مەزگىل پاتپاراقچىلىق بولغاچقا شەرقىي يولدىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ خەۋىرىنى كېچىكىپ ئاڭلىدى. لى خەيرۇنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى بىر مەھەل زىلزىلىگە كەلدى. شۇڭا شىڭشىسەي ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ جىمسارىدا توسماقچى بولغاندىن تاشقىرى ئامىنىڭ قەلئەسى بويىچە تېچلىق سوھبىتى يۈرگۈزمەكچى بولدى. بۇ ھەقتە تېلېگىرام ئەۋەتكەندە ماجۇڭيىڭ ماقۇل كەلدى. ئۆلكە رەئىسى لىيۇ ۋېنلۇڭ مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ۋۇئەيچېن باشچىلىقىدا بەش كىشىلىك ۋەكىل ئەۋەتىپ گۇچۇڭدا سوھبەتلەشتى. ۋەكىللەر گۇچۇڭغا بېرىپ ئاخشىمى سائەت 7 دە يېتىپ باردى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ سۆزلەشتى. ئاندىن ياڭبۇچىڭنى 36 - دىۋىزىيىگە ۋەكىل قىلىپ ئۈرۈمچى ۋەكىللىرى بىلەن سوھبەتلەشتۈردى. بۇ جەرياندا ماجۇڭيىڭ بىر قېتىم زىياپەت بەردى. بىر نۆۋەت ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈپ ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى. ۋەكىللەردە قارار قىلىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، ماجۇڭيىڭدىن ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ شۇ يەردە سوھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئىككى نەپەر ئاخۇن تېچلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئەمما ھەربىي باشلىقلار قو-



راللىق كۈچ بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ھەربىر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن ئولجا غەنىمەتلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قىلچە قىزىقمايتتى. ئۆلكە تەرەپ ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇپ ھەربىي قوماندان بولۇش، 36 - دىۋىزىيە پۈتۈنلەي جەنۇبتا تۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ بولسا ئۆلكىنىڭ پۈتۈن ھەربىي ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ھەمدە شىڭشىسەينى مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسى بەك يىراق بولغاچقا، يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى.

## ۋەنچۇەنزىدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرپان - پىچانغا چېكىنىش

ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ياڭبۇچىڭ ۋە ئۆلكە تەرەپ 2 - قېتىم تەيىنلىگەن ۋەكىللەر 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى فۇكاڭغا كەلگەندە، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى زىمچۇەنزىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. 12 - چېسلا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش باشلىدى. ياڭبۇچىڭ ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇلدى. ماجۇڭيىڭ ئاتلىق - پىيادە بولۇپ 5 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. قورال - ياراق تولۇق ئىدى. بىراق ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يالاڭ كىيىم بىلەن ئىدى. شىڭشىسەي جىلىندىن كەلگەن يېڭى قىسىملار ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ 2 مىڭدەك ئادەم بىلەن بىر نەچچە سائەت قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدا شەرقىي شىمال يېڭى قوشۇنلىرى ياردەمگە كەلدى. ئۇرۇش ئىنتا-

يىن قاتتىق بولدى. دەل شۇ چاغدا ھاۋا رايى ئۆزگۈرۈپ قات-
تىق جۇدۇن بولدى. قار- يامغۇر ئارىلاش يېغىپ ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرى قۇماندانلىقتىن مەھرۇم قالدى. ئەسكەرلەر سوغۇقتا
توڭلاپ، قوللىرى ئەكىلىشىپ مىلتىقنى باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە
كېلىپ قالدى. ئۆلكە تەرەپ گەرچە ياز بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىگە
قىشلىق كىيىم - كېچەك تەييارلاپ قويغانلىقتىن سوغۇق- جۇدۇن
ئىچىدە جەڭ قىلسىمۇ ھېچقانداق قىيىنچىلىق كۆرمىدى. بۇ ئاچ-
قۇچلۇق جەڭدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.
سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەنلەرمۇ خېلى كۆپ، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇ-
لار چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ بىر مىڭدەك ئاتلىق ئەسكەر 2
مىڭدەك پىيادە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا چېكىندى. يەنە
كۈچۈكدا غەنىمەت ئالغان ئولجىلارنى 3 مىڭدەك تۆگىگە يۈكلەپ
تۇرپان - پىچان تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.

## ئىككىنچى قېتىملىق سوھبەت بۇزۇلۇپ داۋانچىڭدا ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تار- مار كەلتۈرۈش

ماجۇڭيىڭ تۇرپان - پىچانغا چېكىنگەندىن كېيىن بىر تە-
رەپتىن يېڭى ئەسكەر ئېلىپ تەربىيىلەش ئىشىنى يۈرگۈزۈپ ئۈ-
رۈمچى نەنسەندە تۇرۇۋاتقان ماشىمىڭ قالدۇقلىرى بىلەن ئالاقە
باغلاپ ئۈرۈمچىگە داۋاملىق تەھدىت سالغان بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن جاڭپياشاۋ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ۋەكىل تەيىنلەپ ئۈ-
رۈمچىگە ئىۋەتتى. ئۆلكە ھۆكۈمەت تەرەپمۇ ۋۇجاۋشۈن، لەن



تىڭشۇلارنى تەيىنلەپ ماجۇڭيىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سوھبەت ئۆت-
كۈزدى. بۇ قېتىمقى سوھبەتتە ئۆلكە تەرەپ ماجۇڭيىڭنى قۇمۇل،
بارىكۆل تەرەپكە چېكىنىشنى شەرت قىلدى. بۇ شەرتكە ماجۇڭ-
يىڭ ماقۇل كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشى-
نى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىمقى سوھبەتتە توختاملاشقان كونكرېت
مەسىلە: ① بىرلىشىپ باندىتلارنى تازىلاش. ② ماجۇڭيىڭ قى-
سىملىرى شەرقىي يولنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش. ③ ھۆكۈ-
مەت تەرەپ ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شۇ چاغلاردا خوجانىياز ھاجى كۈچۈكتە قولغا چۈشكەن
قورال- ياراقلارنى ماجۇڭيىڭ يالغۇز ئىگىلىۋالدى دەپ نارازى
بولۇپ ماجۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرىدى. شۇ سەۋەپتىن توقسۇندا ما-
شىمىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن قاراشەھەر
تەرەپكە كەتتى. بۇ چاغدا ئۆلكە تەرەپ ۋۇجاۋشۈن، لەن تىڭشۇ-
لار ئارقىلىق تۇرپاندىكى ماجۇڭيىڭغا 200 مىڭ سەر پۇل ئې-
ۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا ماشىمىڭ بىلەن خوجانىيازھاجىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى ۋەزىپە قىلدى. ئەمما
ماشىمىڭ غەلبىسىرى ئىلگىرىلەپ، خوجانىياز ھاجى قاراشەھەر-
دىن كۇچارغا كېتىپ ئارىلىق يىراقلاشقانلىقتىن ياراشتۇرۇش ئىشى-
لىرى بىر تەرەپكە قايرىلىپ قالدى. ئۆلكە تەرەپ مەمۇرى خا-
دىملار تىنچلىقنى ئىزدەپ ۋەكىل ئىۋەتىپ كېلىشىم ھاسىل قىلىش
يولىنى ئىزدەۋاتسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي باشلىقلىرىدا باش-
قىچە غەرەز بار ئىدى. شېڭشىسەي زېچۈەنزىدە غەلىبە قىلىپ،
ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا
يالغۇز ھۆكۈمران بولۇشتەك ياۋۇز نىيەتكە كېلىپ ئامىنىڭ ئېچ-

لىق ئارزۇلىرىغا قارىماستىن، شەرقىي- شىمال ئارمىيىسى، ئاق
ئورۇس ئەسكەرلىرى ۋە ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈ-
رۈپ، شۇ ۋاقىتتىكى 2 - يول قوماندانى لى زۇشياڭ بىلەن بىر-
لىكتە داۋانچىڭغا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇ-
جۇم قوزغاپ 2 - قېتىملىق سوھبەتنى بۇزدى. بۇ ئۇرۇش 8 -
ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلاندى. نەتىجىدە شىڭشىسەي تەرەپ مەغ-
لۇپ بولۇپ قاچتى. بۇ ئۇرۇشتا شىڭشىسەي ئۆز ئەسكەرلىرىد-
نىڭ 3 تىن 2 قىسمىدىن ئايرىلدى. بىر دانە تۆمۈر كوڭكا، 4
زەمبىرەك، ئون نەچچە پىلىموت ۋە 300 تالدىن ئارتۇق مىلتىق
چىقىم تارتتى.

## ماخۇيىڭنىڭ چوچەككە قىلغان ھۇجۇمىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى

ماجۇڭيىڭ كۈچۈكدىكى ۋاقىتىدا، خەلقارا بىر يول تېپىش
ئۈچۈن ماخۇيىڭنى چوچەك تەرەپكە ئېۋەتكەن ئىدى. ماخۇيىڭ
يول ئۈستىدە بىر مۇنچە ئۇيغۇرلارنى ۋە ئالتۇن كان ئىشچى-
لىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ چوچەككە قاراپ ئىلگىرىلىدى. دوربىل-
جىن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ ئاندىن ئالتاي تەرەپتىن كەلگەن
مىڭدەك ئادەم بىلەن بىرلىكتە چوچەككە ھۇجۇم قىلدى. چوچەك
ۋالىيسى چىن جىشەن بىر تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرۈپ، يەنە بىر تە-
رەپتىن ئۆلكە تەرەپكە تېلېگىراممىا يوللىدى. شىڭشىسەي چو-
چەكنىڭ خەلقارا قاتناشتا مۇھىم يول ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇ-
تۇپ چوچەكنى قولدىن بەرگىلى بولمايدۇ دەپ ماناستا تۇرۇش-



لۇق قىسىملارنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ياردەمگە بارغانلار بىلەن
چوچەكنى قوغداۋاتقان قىسىملار ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ
ماخۇيىڭنى تار- مار كەلتۈردى. ماخۇيىڭ قېچىپ فۇكاڭ ئەتى-
راپىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان بىر ئۇ-
رۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تارقاپ كەتتى.
بەزەنلىرى قېچىپ تۇرپانغا كېلىپ بولغان ئەھۋاللارنى ماجۇڭ-
يىڭغا دوكلات قىلدى. دېمەك ماجۇڭيىڭنىڭ خەلقارا يول ئېچىش
پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

## ئىلىدىكى جاڭپېيۈەن بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش

ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن
ئىلىدىكى جاڭپېيۈەن بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىرلىشىپ ئۈرۈم-
چىگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېيىنكى ئىشلاردىن
قارىغاندا كېلىشىم ئۇزۇل- كېسىل ئەمەس ئىدى. شىڭ شىسەي،
ماجۇڭيىڭ، جاڭپېيۈەن ئۈچىسى شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئۈچ
چوڭ كۈچ بولۇپ بىر- بىرىدىن قېلىشمايدىغان، ھەممىسىدىلا ئۆز
ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلسام دەيدىغان ياۋۇز نىيەت
بار ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ جاڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۇنىڭ كۈ-
چىدىن پايدىلىنىش ئىدى. جاڭپېيۈەن بولسا، ماجۇڭيىڭ بىلەن
شىڭشىسەينىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ھەر ئىككىسى ھالسىزلانغاندا
ئوتتۇرىدىن چىقىپ پايدا ئالماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ كېلىشىمگە
ماقۇل بولسىمۇ ئەمەلدە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى يوق

ئىدى. شىڭشىسەي چەتئەلنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھەربىر سەپلەر بويىچە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. جاڭپېيۇەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا، شىڭشىسەيگە كەلگەن چەتئەلنىڭ ياردىمى ئاساسىي ئامىل ئىدى.

ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن جاڭپېيۇەن ياڭجىڭجۇڭنى قوماندان قىلىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇردى. ماجۇڭيىڭ 2 - بىرىگادا پىيادە ئەسكەر ئىككى پولك، ئاتلىق ئەسكەر، جەمئى 3 مىڭدەك ئادەم بىلەن تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى. چىغ دەڭگە كەلگەندە ئۆلكە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلكە ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىندى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۈرۈمچى تەرەپ شەرقىي شىمال ئارمىيىسى بىلەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى ئىلىدىن كېلىۋاتقان 8 - دىۋىزىيە (جاڭ پېيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى) گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ماناس تەرەپكە ئېۋەتكەنلىكتىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئانچە كۆپ ئەسكەر يوق ئىدى. ئۈرۈمچىدە بار بولغان شەرقىي شىمال پىدائىي قوشۇنلار شىمىگودىكى ھەربىي زاۋۇتنى قوغدىدى. قالغان پىدائىي قوشۇنلار بىلەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىرلىكتە شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى. دوبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى بىرىگادىسى مىڭ لۇيجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈرۈمچى نەنلياڭ، فەنگۇەن (سوۋېت كونسۇلخانىسى ئورۇنلاشقان جايلار) نى قوغدىدى. بۇ يەرلەردە ئاكوپ جەڭلىرى ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. ماجۇڭ-



يىڭ قىسىملىرى شەرقىي دەرۋازىدىن بېسىپ كىرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. ئۆلكە ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چېكىندۈرۈش جېڭى قىلغاندا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېغىر چىقىم تارتتى. نەنلياڭدىكى ئۇرۇشمۇ قاتتىق بولدى.

ھەر ئىككى تەرەپ بىر ئاي تىركىشىپ ئۇرۇشقاندىن كېيىن شىڭشىسەي چەتئەلنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. چەتتىن كەلگەن مېخانىكىلاشقان ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن ئىلىدىكى 8 - دىۋىزىيىنى يېڭىشتۈرۈۋەتتى. گېنېرال جاڭپېيۇەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. چەتتىن ياردەمگە كەلگەنلەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلدى ۋە ئوق ياغدۇردى. ئالدىنقى سەپ قوماندانى ماخۇسەنگە ئوق تەگدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇرالماستىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى. ئۆلكە تەرەپ ئەسكەرلىرى ئايروپىلان بىلەن ماسلىشىپ قوغلاشقا باشلىدى.

## ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشى ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ يىمىرىلىشى

1934 - يىلى ئىلىدىكى جاڭپېيۇەن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى- ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغاندىن كېيىن، قالدۇق قىسىملارغا ياڭجىڭجۇڭ مۇۋەققەت سىجاڭ بولۇپ، مۇزات ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈپ، كۇچار-شايار ناھىيىلىرىگە ئورۇنلاشتى. دەل

شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭمۇ قېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ياڭجىڭجۇڭ شايارادا تۇرۇپ دۆڭزىيىدىكى ئادىيوتانتلار باشلىغى (فۇگوەنجاڭ) شۈيۋىنفاڭ باشلىق ئۈچ ۋەكىل ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىتتىپاق قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى. بۇ ۋەكىللەر كۇچارغا كېلىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قىسمەن مۇجمەل سۆزلەرنى قىلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولغاندا، ماجۇڭيىڭ سېزىپ دەرھال ئۇلارنى ئېتىپلاپ، «خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ ئىتتىپاق بولالماسلىغىمىزغا مۇشۇنداق ئادەملەر سەۋەپ بولماقتا. شۇڭا قاتتىق جازالاش كېرەك» دەپ بۇ ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ماجۇڭيىڭ بىلەن ياڭجىڭجۇڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۇچاردا نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن قەشقەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇلار قەشقەرگە بېرىپ نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئۆزى مارالبېشىغا كېلىپ قوشۇنلارنى رەتلەشكە كىرىشتى. 8 - دىۋىزىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ياڭجىڭجۇڭ بىلەن ماشۇلۇ ئىككىسىنى 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئورۇنباسار سىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. قوشۇنلارنى 9 بىرىگادا (لۈي) قىلىپ 1 - بىرىگادىغا ماپېڭلياڭ، 2 - بىرىگادىغا مارۇلۇڭ، 3 - بىرىگادىغا شەنفۇخەي، 4 - بىرىگادىغا مافۇيۈەن، 5 - بىرىگادىغا ماسىڭگۇي، 6 - بىرىگادىغا ××× (خەنزۇ)، 7 - بىرىگادىغا ماپۇسەي، 8 - بىرىگادىغا ××× (ئۇيغۇر)، 9 - بىرىگادىغا ماخوجىيە. بۇنىڭدىن باشقا زەمبىرەكچى قىسىم، سايىۋەر قىسىم، ئالاھىدە قىسىم ۋە خەۋەرلىشىش قىسىملىرى تۈزۈلدى. ھەر بىر بىرىگا-



دىغا 1300 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ ئومۇمى ئەسكىرى كۈچى 15 مىڭدىن ئاشاتتى. بۇ چاغدا زەمبىرەك ۋە ئېغىر- يېنىك پىلىموتلار، پىيادە ئەسكەرلەر مىلتىغى ۋە تاپانچىلارمۇ تولۇق ھەمخەل ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقۇتۇش

1933 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە ساۋۇت داموللا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرغان ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ماشىمىڭ قىسىملىرىنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن مافۇيۈەن، مالىيۈەن، شەنفۇخەي قىسىملىرىنى يارىمىغا ئەۋەتىپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقاتتى. ماجۇڭيىڭ مارالبېشىدا قوشۇن رەتلەۋاتقاندا خوتەندە ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پىلانلىشى بويىچە ئۇيغۇرلاردىن شامەنسۇر باشچىلىغىدا خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شامەنسۇر ئۆزىنى خوتەن پادىشاسى دەپ جاكالىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان سۇيىقەست دەپ مارۇلۇڭ بىرىگادىسىنى ئەۋەتىپ يوق قىلدۇرۋەتتى.

## ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشى

ماجۇڭيىڭ چېكىنىپ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن داۋاملىق مۇ-

ناسىۋەتلەشتى. شۇ سەۋەپتىن ئۆلكە تەرەپ بىلەنمۇ ۋاقىتلىق ياراشقانلىقتىن ئۆلكە ئەسكەرلىرىمۇ ئىزچىل قوغلاشمىدى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىمۇ قاتمۇ - قات مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ئىستىقبال تېپىش ئۈچۈن ئۆگۈنۈش زورۇرلىكىنى ھېس قىلدى. يەنى سوۋېت كونسۇلىغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلىپ دۆلەتتىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ 1934 - يىلى خەيرلىشىپ 280 ئادەم بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. سوۋېت يېرىگە بارغاندىلا قۇراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئەنجاندا پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا ماڭدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇلارغا بىر نەپەر چېگرا مۇداپىئە گېنېراللىنى ھەمرا قىلغان ئىدى. شۇ كىشى موسكۋادىن 7-8 كىلومېتىر چەتتىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بىرىپلاسانائەت قۇرۇلۇشلىرىنى، مەكتەپلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. كېيىن ھۆكۈمەت 4 نەپەر ھەربى تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگۈنۈشىگە ياردەم قىلدى. ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى قورۇغلۇق، ھاۋا ئارمىيە مەكتەپلىرىگە تەقسىم قىلىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ماجۇڭيىڭ كەتكەندىن كېيىن مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقى ماخۇن يەركەنگە خىزمەت تاپشۇرۇۋالغىلى بارغاندا، ماخۇسەن باشلىق بىر مۇنچە ئەمەلدارلار ماخۇننىڭ مۇۋەققەت سىجاڭ بولۇشىغا قوشۇلماي ماخۇسەننى باشلىق قىلىمىز دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ماخۇن سىجاڭلىقنى ئالالماي 5 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭلىق ئورنىدا قالدۇردى. دىمەك ماجۇڭيىڭ كېتىش ۋاقتىدا قىلىنغان



ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئەمەلگە ئاشماي ئاچكوز خىيانەتچى ماخۇسەن ئۆز ئالدىغا ئىش كورۇدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك تار- مار بولدى.

## ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن ئۆز قىسىملىرى بىلەن قىلغان ئالاقىلىرى

1934 - يىلى ماخۇسەن ئۆزىنىڭ ھەربى تەمنات باشلىقى جاڭمىڭجيۇ باشلىق ئىككى كىشىنى ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتتى. ئۇلار تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلىدىن پاسپورت ھەل قىلىپ موسكۋاغا بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن كورۇشۇپ 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماخۇسەن يەنە ماسىڭگۇينى قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ موسكۋادا ماجۇڭيىڭ بىلەن كورۇشتۇردى. بىرىم يىلدىن كېيىن ماسىڭگۇي قاتارلىقلار جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. بۇلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋابا كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كورۇدىغان 8-9 كىشىلىك سەھىيە خادىملىرى بىللە كەلدى. ھەمدە كىنو فىلىمى ۋە ئۈن ئالغۇ (پاتىفون تەخسىسى) قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۈن ئالغۇدا ماجۇڭيىڭنىڭ سوزلىگەن سوزى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«جاپا - مۇشەققەتتە ھايات - ماماتتا بىللە بولغان سويۇملۈك قۇراللىق يولداشلار، سىلەرنىڭ جەۋرى - جاپا چېكىۋاتقانلىقىڭلاردىن سەممى ھال سورايمەن. مەن سىلەر بىلەن خەير-

لىشىپ ئايرىلغىنىمىزغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدىم. مەن سىلەرنى كۆپ سېغىندىم. بىراق ھازىرقى مۇرەككەپ، مەسئۇلىيىتىم ئېغىر بولغاچقا، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشۈم ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا مەن ئۈن ئالغۇ ئارقىلىق كۆپچىلىككە قىسقىچە سۆزلىمەكچىمەن.

1- مەن قەشقەردىن ئاجراپ چىققىنىمغا بىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا مەن 36 - دىۋىزىيىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن. خەلقىمىزنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. ھەمدە كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار ئىنقىلاۋى پارلاق ئىستىقبالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىمەن. 36 - دىۋىزىيىمىز ئىشلىرى كاپالەتلىك نەتىجىلەرگە ئۇلۇغ ئىستىقباللىق خىزمەتلەرگە ئىگە بولدى. شۇنداقلا پارلاق داغدام سىياسى لۇشيەنگە ئىگە بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ شانلىق ھايات يولىغا قاراپ ماڭدى. ۋە خوتەن رايونىدىن ئىبارات زېمىنغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ بىلەن مەن ئومۇم بويى ئامىمىزغا رەھبەرلىك قىلىپ قۇربان بېرىشلەردىن قورقماي كۈرەش قىلىش مەقسىتىمگە يەتتىم.

2- ھازىر مەن غەربىي شىمال خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋانگارتى 36 - دىۋىزىيىدىكى ئەزىمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق - سائادەتلىك يولىغا باشلاپ ئىلگىرىلەيمەن، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۆزۈڭغا قالماي 36 - دىۋىزىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلار كونا جەمئىيەتنىڭ يۈيۈنتۇرۇقلىرىدىن ۋە كونا كۈچلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشىغا چوقۇم ئىگە بولىدۇ. يولداشلار! بۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس، شۇڭا سىلەر ئامىمىزنىڭ ئىرادى-



سىغا خىلاپ يولغا ماڭماسلىقىڭلار كېرەك. ئاخىرغىچە خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن كونا جەمئىيەت ۋە كونا كۈچلەرنى تار - مار قىلىشىڭلار كېرەك. بيۇروكرات مىلىتارىستلارنى ئوڭايلا تۈگەتكىلى بولىدۇ. تارىخى تەجرىبىلەر بىزگە بۇنى ئوچۇق كۆرسەتتى، يولداشلار! سىلەر مېنىڭ تەشەببۇسلىرىمنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنىسىلەر. مەن بۇرۇن ئەكسىل ئىنقىلاۋى يولغا ماڭدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇ ھەقتە مەن بىر نەچچە مىسال كۆرسەتتىم. كۆپچىلىك ئويلاپ كۆرەرسىلەر.

3- مەن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۈچ ئۆلكىدىكى ئىزىلگەن ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ ياۋۇز مىلىتارىستلار بىلەن بەرقانچە يىل ئۇرۇش قىلغانلىقىم خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسىغا خىلاپ ئىش قىلغانلىقىم بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئەھۋال سىلەرگە ئايان. تەپسىلى سۆزلەپ تۇرمايمەن.

4- يولداشلار! سىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلار لازىمكى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە تاشقى ئاپەتكۈنساناپ ئەۋج ئېلىپ ئىچكى سىياسەت تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا قالماقتا، ۋەتەن ساتقۇچى خائىنلار نومۇسسىزلارچە ۋەتەن ساتماقتا، ۋەھشىلەشكەن ياپون جاھانگىرلىكى دۆلىتىمىز زېمىنىغا تەجاۋۇز قىلىپ كىرمەكتە، بۇ يېقىندىن بېيپىڭ، تيەنجىن ساخارە، سۈيۈەن، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغانلىقىغا قانائەت قىلماي سەندۇڭ، سەنشى، خېبەي قاتارلىق ئۆلكىلەرنى بېسىۋالدى. ھەرقەيى شىمالنى يۇتىۋالغاندىن كېيىن خۇاپى ۋە غەربىي شىمالغا كۆز سالماقتا. ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر، بىز ئەلۋەتتە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز كېرەك. پاسسىپلىق قىلىش ۋەتەنىنى

مۇنقەرىز قىلىپ قۇللۇقنى خالىغانلىقتىن ئىبارەت. يولداشلار، مەن خېلى بۇرۇنلا مۇۋەققەت سىجاڭغا بۇيرۇق قىلغان ئىدىم. سىلەر شۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىڭلار. مەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېتىپ بېرىپ سىلەرنى پارلاق ئىستىقبالغا يېتەكلەپ ئىلگىرىلەيمەن.

1935 - يىلى ماسىڭگۇي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتەنگە قايتىپ كەلدى. 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئىلگىرىكى سەنمۇجاڭى ۋۇيىڭچى، مەسلىھەتچى لىيۇجېنپۇ، مۇشاۋىرگى جېيۇن قاتارلىقلار ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرمۇنچە قورال ئالغاچ كېلىپ 36 - دىۋىزىيىنى ئوتكۈزۈۋالماقچى، ماخۇسەننى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگۈنۈشكە ئېۋەتمەكچى بولدى. ماخۇسەن ھەرقايسى ھەربىي باشلىقلارنى توپلاپ لوپتا يىغىن ئېچىپ بۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ماخۇسەندە ئىنقىلاۋى ئىدىيە يوق ئىدى. ئۇنىڭدا پەقەتلا ھوقوق - ئورۇن تالىشىدىغان ئىدىيە بولغاچقا ئوز پىلانى بويىچە داۋاملىق دىۋىزىيە كوماندىرى (سىجاڭ) بولىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە بارمايدىغان بولدى. ئەمما مايەنلىياڭ باشلىق 19 نەپەر تۇەنجاڭ، لۈيجاڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ئېۋەتىدىغان بولدى. بۇلار قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى تەيىنلىگەن ئاپتوموبىلدا ئەنجانغا يەتكۈزۈلدى، ئۇيەردىن پويىز بىلەن موسكۋاغا كەتتى. ئۇلار ئەنجانغا كەلگەندە ماجۇڭيىڭ ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا مۇشاۋىر مىسىلوۋ بىلەن مەسلىھەتچىسى ياڭشىخۇنى ئېۋەتتى، ئۇلار بىرلىكتە موسكۋاغا بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىر ئورۇندا تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە گېنېرالى، مايەنلىياڭ قاتارلىقلارغا بىر



قېتىم زىياپەت بېرىپ مۇنداق دېدى: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى سىلەرنىڭ كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىڭلارنى ئۆگىنىشىڭلارنى قارشى ئالىدۇ. جاھانگىرلار بۇنىڭغا رازى ئەمەس، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقى ماجۇڭيىڭنى موسكۋاغا ئېلىپ كېلىۋېلىشتىكى مەخسىدى نىمە دەپ تەشۋىقات يۇرگۈزىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ماجۇڭيىڭنى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان ياش، بىر دەستە گۇل دەپ ھىساپلايمىز. شۇڭا بىز ئۇنى ئەڭ ياخشى باققا ئورنۇتۇپ ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كوكلەتمەكچىمىز.» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. بۇ يىغىندا سوزلىگۈچى گېنېرال، ماجۇڭيىڭنى گېنېرال دەپ ئاتىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغانلار ئالدى بىلەن زاۋۇت - فابرىكا، مەكتەپلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئاندىن ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلدى. 1935 - يىلى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئۆزۈن سەپەرگە چىقىپ بىر قىسمى خېشى كارىدورىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئون نەچچە مۇتەخەسسىسلەرنى تەيىنلەپ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى قۇرۇپ، ئۈچ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. ① جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ يەرشەكلى؛ ② گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى؛ ③ قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش يولى. بۇ خىزمەتنى ئۈچ ئايدا ئاخىرلاشتۇردى.

1936 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە گېنېرالى 36 - دىۋىزىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە كەلگەن مايەنلىياڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كورۇشۇپ

تۇۋۇلدىكى ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ① شىڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىدىن مەھمۇت سىجاڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن؛ ② جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پارتلىشى مۇمكىن. جۇڭگو ئارمىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قانداق قارشى تۇرۇش كېرەك دەپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا مايەنلىياڭ، لاشۇلى، ماشىجى، ياڭ فۇشىڭلارنى 36 - دىۋىزىيىگە قايتىپ بېرىپ شىڭشىسەيگە يارەملىشىپ مەھمۇت سىجاڭنى يوقۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە 36 - دىۋىزىيىنى رەتكە سېلىپ تولۇقلاشنى، قورال جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە بىرەر پولك ياكى بىرەر باتالىيون (يىڭ) ئەسكەر قالدۇرۇپ قالغان قىسىملارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىگە قايتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. ئارقا سەپنىڭ بىخەتەرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى كاپالەتلىك قىلىدۇ، دېدى. بۇ سۆزلەرگە بىنائەن مايەنلىياڭ قاتارلىق تۆرت كىشى شىنجاڭغا قايتتى. ئۇلارنى مەسسىلوۋ ئەركەشتامغىچە ئۇزۇتۇپ كېلىپ ئىلگىرى ماجۇڭيىڭدىن تاپشۇرۇۋالغان قوراللارنى بېرىپ قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويدى.

## ماخۇسەن ۋە مەھمۇتلارنىڭ بىرلىشىپ ئىسيان قىلغانلىقى

مايەنلىياڭ قاتارلىقلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ليۇبىڭ سىلىڭغا ۋەكالەت بېرىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى رەتكە سېلىپ



بىرىنچى قەدەمدە مەھمۇت سىجاڭنى يوقۇتۇپ ئاندىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرگىلى كەلدۇق دېگەندە ليۇبىڭ ئىنتايىن خوش بولدى. ۋە مەجلىس ئېچىپ مايەنلىياڭ قاتارلىقلارنى قارشى ئالدى. ۋە مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ قاغىلىققا يەتكۈزۈپ قويدى. خوتەن تەرەپتىمۇ مەخسۇس ماشىنا كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. ماخۇسەن ئۇلارنى ھەققى قارشى ئالغىنى يوق بەلكى گۇمانلىنىپ خوتەندە بىر ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ نازارەت ئاستىغا ئالدى. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ئۇلار ماخۇسەنگە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان 36 - دىۋىزىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى ۋە ماجۇڭيىڭ ئېيتقان ئالاقىلارنى تاپشۇرغان بولسىمۇ ماخۇسەن يەنىلا ئىشەنمىدى. مايەنلىياڭ قاتارلىقلار كېلىشتىن ئىلگىرى ماخۇسەن لوپتا يىغىن ئېچىپ قوتۇراتقۇلۇق خاراكتېردە مايەنلىياڭ 36 - دىۋىزىيە سىجاڭلىقىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا كېلىۋاتىدۇ، بىزنى سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى، قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەندە كۆپچىلىك مۇزاكىرىلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتمەسلىك كېرەك، ماخۇسەن داۋاملىق باشلىق بولۇپ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭشىسەيگە قارشى تۇرۇش كېرەك، دېيىشتى.

ماخۇسەن بۇچاغدا شەنفۇخەي، مافويەن، بىرىگادىلىرىنى ۋە زەمبىرەكچى باتالىيونىنى قەشقەرگە ماڭدۇرۇپ ئۆزى قاغىلىقتا تۇردى. ياڭ فۇشىڭ، لاشۇلىلارنى چەرچەنگە يۆتكىدى. مايەنلىياڭ، ماشىجىلەرنى قاغىلىققا يۆتكەپ كېلىپ ئۇلارغا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مايەنلىياڭ ئۇنىڭ-

غا: «مەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئېيتقان ئالاقىلىرىنى سىزگە تاپشۇردۇم. سىجاڭ خەتتە پىرىنسىپ بىلەن ئىش قىلىڭلار دېگەن. شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا شىڭشىسەي بىلەن 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. ئاندىن قىسىملارنى رەتلەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىش كېرەك. بۈگۈن نىمە ئۈچۈن شىڭشىسەيگە قارشى تۇرماقچى بولىسىز! دېدى.

ماخۇسەن بۇگەپكە قۇلاق سالمىدى. ۋە پەسكىر ئالمىدى. مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان قىلدى. شىڭ شىسەي ھاۋادىن نەچچە قېتىم خەت ئېيتىپ بىرلىشىپ مەھمۇت سىجاڭنى يوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ماخۇسەن قۇلاق سالماي توز ئالدىغا ئىش كورۇپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. كېچلەپ قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن ئايرودرومنى ئىشغال قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئىشغال قىلالمىدى. ماخۇسەن چىددىي يىغىن ئوتكۈزۈپ قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدى. مايەنلياڭ قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ ماجۇڭيىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلالايلى دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماخۇسەن بىلەن بەي زىلى ئىككىسى مەخپىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن مايەنلياڭنى قەشقەر كونا شەھەرگە سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋە ماجۇڭيىڭغا تېلېگىرام بېرىشكە ئېيتتى. بۇ چاغدا ئولكە تەرەپنىڭ ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

بىرەر ئايدىن كېيىن ماخۇسەن بىلەن بەي زىلىلار قاغىلىقتىن يېڭىسارغا كېلىپ شۇ يەردىكى قىسىملارنىڭ باشلىقلىرى



بىلەن يىغىن ئېچىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قىسىم ئەسكەرنى قەشقەردە قالدۇرۇپ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئاخىرغىچە بىرلەشمەكچى بولدى. كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ ① قەشقەر تېخى ئىشغال قىلىنمىدى. دىۋىزىيىمىزگە خېيىم-خەتەرلىك بار ② ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا يول يىراق، زېمىن كەڭ، ئەسكىرىي كۈچىمىز يېتىشمەيدۇ. ③ ماجۇڭيىڭ ھازىر چەت دۆلەتتە، ئېھتىمال ئۇنىڭغا پايدىسىز بولارمىكىن دەيدىغان سەۋەبلەرنى كورسەتتى. ماسىڭگۇي تېچلىق سوھبىتى ئوتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ماخۇسەن قاتتىق ئەيىپلىدى.

ماجۇڭيىڭدىن نەچچە قېتىم تېلېگىرام كېلىپ توقۇنۇشنى توختۇتۇڭلار دېگەن بولسىمۇ ماخۇسەن كاژلىق قىلىپ ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلدى. ئەمەلىيەتتە ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن ماخۇسەن 2 - بىر يول تېپىپ ھەربىي تەمىنات باشلىقى ماجۇڭنى ھىندىستانغا ئېيتىپ سودا مۇئامىلىسى قىلغان ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ قالدى. شۇڭا ماخۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ 3 - 4 - بىرىگادىلارنى ئاقسۇ كۇچارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇردى. 1 - 5 - بىرىگادا بىلەن قەشقەرنى كونترول قىلدى، ئۇرۇش باشلىنىپ بىرەر ئايدىن كېيىن ئوزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ قان - تەرلىرىدىن پايدىلىنىپ توپلىغان دۇنيا دەپىنلىرىنى ئېلىپ ئاز ساندىكى ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چەتئەلگە قاچتى. يولدا سەنمۇجاڭى بەي زىلىنىڭ

بىر قىسىم ئالتۇننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. دېمەك ماخۇسەن ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن تۈزۈپ بەرگەن ئىنقىلاۋىلۇشىيەنىگە ئەنە شۇنداق ئاسىيلىق قىلدى. شەخسەن ئۆزى باي بولۇش ئۈچۈن دولەت ۋە 36 - دىۋىزىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىماستىن ئۆز ئالدىغا تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ نەتىجىدە 36 - دىۋىزىيىنى پۈتۈنلەي خاراپ قىلدى. شۇنىڭدەك ماجۇڭيىڭمۇ چەتئەلدە ئۆزئۆمرىدە ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان غايىسىنى دىرەكسىز ئاخىرلاشتۇردى.

ماخۇسەن ھىندىستان تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا) ھىندىستان ھۆكۈمىتى ماخۇسەن بىللە ئېلىپ چىققان نەچچە مىڭ سەر ئالتۇننى مۇسادىر قىلىۋالغان. ماخۇسەن جۇڭگوغا قايتماقچى بولغاندا پەقەتلا ماجۇڭ ساتقان ماللارنىڭ پۇلىنى يول خىراجىتى قىلغان ماسىڭگۈي ييڭسارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلكە تەرەپنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن چەت دولەتتىن ياردەمگە كەلگەن بىر پولك ئاتلىق ئەسكەر ماسىڭگۈينى مەغلۇپ قىلدى. مافۇيۈەن، لاگۇلى قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ بېرىۋالدى. قالغان سىجاڭ لۈيجاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆلكە تەرەپ ياكى ماشىنىغا بېسىپ، ياكى ئايرۇپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈن - تۈنسىز يوق قىلىندى. ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىسى ئەنە شۇنداق بىت - چىت بولۇپ تۈگىدى.

گەنسۇ نىڭشيا سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ماقالىسى.

رەتلىگۈچى: ۋاڭ مىڭيالڭ

خ. ت. تەرجىمىسى



# گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

چىن شاۋشەن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - مەسلىھەت كېڭىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاۋاتقاندا، مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلىنى مەندىن تەپسىلىي بايان قىلىشنى ئۆتۈندى. مەن شىنجاڭ خەلقىگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمغا ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بۇنى بىر سىياسىي ۋەزىپە بىلىپ، بىلگەنلىرىمنى ئايىماي ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. ئارىلىقتا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ئېسىمغا ئالالىغان ئەھۋاللارنى ئەينەن يازدىم. مەزمۇنىنىڭ توغرى بولۇپ چىقىشى ناتايىن؛ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزەم ئاڭلىغان بولسامۇ لېكىن كۆز ئالدىمدىن ئۆتمىگەن تارىخى پاكىتلارنىمۇ يېزىشقا توغرى كەلدى. شۇڭا خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش تېخىمۇ تەس. باشقىلارنىڭ تولۇقلىشى ۋە تۈزىتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1 - جىياڭ جېيشىنىڭ شىنجاڭغا كوز تىكىشى ۋە كىرىشى خىۋاڭمۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا ئىنتىلىشى

جىياڭ جېيشى فاشىستىك ھوكۇمرانلىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئۇزۇندىن كوز تاشلاتتى. 1933 - يىلى باھاردا، چېن جۇڭ، لى شياۋ تيەن، تاۋ مىڭيۇې قاتارلىقلار چېن شۇرېنغا قارشى سىياسى ئوزگۇرۇش قوزغىدى. شىڭ شىسەي شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسى بىلەن ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە تايىنىپ، چېن شۇرېندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جىياڭ جېيشى شىنجاڭغا بولغان سەركەتىنى تېخىمۇ چىڭدىلەشتۇردى.

چېن جۇڭ، گومىنداڭ مەركىزىي سىياسى مەكتىۋىنىڭ (پىرقە مەكتىۋى) ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. ئەسلىدە چېن شۇرېننىڭ سەنمۇچۇسىدا باشلىق ئىدى. سىياسى ئوزگۇرۇشتىن كېيىن، ئۇ شىڭ شىسەينىڭ تەييارغا ئېگە بولۇۋېلىشىغا رازى بولماي، نەنجىڭگە بېرىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ، جىياڭ جېيشىنى ھىمايە قىلدى. شىڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيە داشۆبىسىدە ئوقۇغان. جىياڭ جېيشى، جۇ شياۋلياڭ، خۇاڭمۇسۇڭ قاتارلىقلار بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى گوسۇڭلىن قوشۇنىدا جۇڭشياۋ سەنمۇ قوشۇمچە ياپون تىلى تەرجىمانى بولدى. چيۇ يۇفاڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندا، گوسۇڭلىن ئاتا بولۇپ ئالاھىدە غەمخورلۇق كورسەتتى. گوسۇڭلىن



جاڭزا يۇرۇشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي بىر مەھەل جىياڭ جېيشىنىڭ قول ئاستىدا سەنمۇ (مەسلىھەتچى) بولدى. ئۇ چاغدا خۇاڭمۇسۇڭنىڭ ئەمەلى شىڭ شىسەيدىن يۇقىرى ئىدى. 1929 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىن، چېن شۇرېننىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، شىڭ شىسەي پۇتۇن ئائىلىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلدى. 1933 - يىللىرى خۇاڭمۇسۇڭ جىياڭ جېيشىنىڭ سەنمۇ جۇسىدا مۇئاۋىن باشلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇنى شىنجاڭغا تەسەللى بېرىش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. شىڭ شىسەيمۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارغا ئوخشاش قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەيدىغان گومىنداڭ مەركىزىنى مەنسىتمەيدى. شۇڭا خۇاڭمۇسۇڭ بۇ قېتىمقى سەپەردىن ھىچ نەتىجە چىقىرالماي قايتىپ كەتتى.

1935 - يىلى جىياڭ جېيشى خۇاڭمۇسۇڭنى موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەندە ئۇنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، سەنمۇ بۇدا ئەمەلىيەتتە جۇنتۇڭ (ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيونلار) كونتروللىقىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگان - چېگرا ئىشلىرى گورۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ھەمدە چېگرا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى قۇرۇلدى. پان نۇركىست مەسئۇت كېيىن يەنە CC تەشكىلاتىغا بېقىنغان ئەيسالار ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئوتتى. شۇ يىلى، مەن موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇپ، تاۋمىڭ رۇڭ، ياڭ بىڭلىلەر بىلەن بىللە ئىشلىدىم. خۇاڭمۇسۇڭ تاۋمىڭ رۇڭ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ، جىياڭ جېيشى كۈچلىرى بىلەن ھەر تەرەپلەپ تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوزىنى شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا قويۇشقا ئۇرۇنۇشى تەبىئى ئىدى. ئۇلار ئىلىدىكى جاڭ

پەيۋەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماجۇڭيىڭلاردىن پايدىلىنىپ، شىڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىش خىيالىدا بولدى. ھەمدە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. (مەسىلەن، جاڭ پېيۈەننى دىۋىزىيە قوماندانى قىلدى). يولۋاسنىڭ جياڭ جيېشىگە تەسلىم بولۇشىمۇ خۇاڭمۇسۇڭ دەۋرىدە باشلانغان ئىشى ئىدى. ماجۇڭيىڭنى 36 - دىۋىزىيىگە باشلىق قىلىپ ئۆزىگە تارتتى.

## جۇشياۋلياڭنىڭ شىنجاڭغا ئىنتىلىشى

شىڭ شىسەي ساختا ئىلغار بولۇۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردەملىرىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى تەدرىجىي مۇستەھكەملىۋالدى. گومىنداڭ شىنجاڭغا قارىتا ئىلاجسىز قالدى. جياڭ جيېشى مىللىتارىستلىق بىلەن ئىدارە قىلاتتى. پارچىلاش بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى تەڭ ئىشقا سالاتتى. خۇاڭمۇسۇڭنىڭ، شىڭ شىسەيگە قارىتا ئىشلەتكەن ھۈنىرى ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن جۇشياۋلياڭنى ئىشلەتمەكچى بولدى. جۇشياۋلياڭ ئىلگىرى جياڭ جيېشىنىڭ دۆلەت ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى باش سىلىڭبۇسىدا سەنمۇجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن چاغدا شىڭ شىسەي ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى. كېيىن شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ماڭغاندا جۇشياۋلياڭ ئۇنىڭغا يول راسخودى بەرگەن ئىدى. جۇشياۋلياڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا



قارشى «13 ئاۋغۇست» شاڭخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن غەربىي - شىمالنى تىنچلاندۇرۇش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سورىدى. جياڭ جيېشى كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئىستىپا سوراشقا بولمايدىلا ئەمەس، ئۆزۈڭنى ئويلاش كېرەك. سەن شىڭ شىسەينى قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭ. يەنە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ مەسىلىسى بىر كۈن ھەل بولمايدىكەن، غەربىي شىمالدىن بىر كۈن ئايرىلالمايسەن» دېدى. بۇ جۇشياۋلياڭنىڭ غەربىي - شىمالدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا جياڭ جيېشى كومپارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئامالسىز قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمىگە ئىگە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان ئايروپىلان، توپ، زەمبىرەك، مىلتىقلاردىن ئىبارەت بارلىق ھەربىي ئەشيالار، شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلاتتى. شىڭ شىسەي چوڭچىڭدە بىر باشقارما قۇرۇپ، جاڭيۈەنخۇيىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى. جياڭ جيېشى جاڭيۈەنخۇيىنى سەنجىڭخۇيىنىڭ ئەزالىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە تارتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە بەرگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي يەنە جياڭ جيېشىنىڭ ئۈرۈمچى - غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇشىغا ماقۇل بولدى. شىڭ شىسەي لەنجۇدا شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ لەنجۇ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇردى. جياڭ جيېشىمۇ لەنجۇدا خارجى

ئىشلار ئەمەلدارى قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلاشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشىنىڭ بىرىنچى پونكىتى قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ شىڭ شىسەي بىلەن جياڭجېشى جۇشياۋلياڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەدرىجىي يېقىنلاشتى.

1941 - يىلى، گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان، موسكۋا جىددىي ھالەتكە چۈشكەن شۇنداقلا جىنجۇگاڭ پورتىدىكى ۋەقە پارتلاپ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىدىن چوڭ ئۈمىد بولۇۋاتقان چاغلاردا، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭجېشىگە يېقىنلىشىشتەك رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى تەدرىجىي ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جياڭجېشىنىڭ شىڭ شىسەينى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى، كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى. 1942 - يىل ئەتىيازدا شىڭ شىسەي تېلېگرام ئارقىلىق جۇشياۋلياڭنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ يۈزمۇ - يۈز سۆزلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شىڭ شىسەي جۇشياۋلياڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلدۈرگەن. ھەر كۈنى بىللە تاماق يېگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇشياۋلياڭ چۇڭچىڭغا قايتىپ، جياڭجېشىگە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينى 8 - جەڭ رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دەپ ئېلان قىلغان. جۇشياۋلياڭ بۇيرۇق بويىچە 2 - قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە شىڭ شىسەي جياڭجېشىنىڭ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ لېكىن سىياسىي جەھەتتە جياڭجېشىنى شىنجاڭغا يەنىلا ئارىلاشتۇرمىدى.



## ئۇجۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا ئىنتىلىشى

چېگرا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنى دەپ ئاتىلىدىغان موڭغۇل، زاڭزۇ ھەيئىتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش تەييارلىقلىرىنى ئىشلىدى. ئالدى بىلەن موڭغۇل، زاڭزۇ سىياسىي كۇرسىدا مۇسۇلمان سىنىپىنى قۇرۇلدى. چېگرا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن شىلەنجاڭنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتتى. مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىقلار ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان سىياسىي بىدىكلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى مەخسۇس تەتقىق قىلمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەپ تىلى گىراممانكىسى بولۇپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن خېلىلا پەرقلىنەتتى. مۇسۇلمانلار سىنىپىدا «ياخشىراق ئوقۇغانلاردىن ئاۋياگشەنىڭ، ئۇلۇغچات (؟) ناھىيىسىدە شەنجاڭ بولۇپ تۇرغاندا، يەرلىك خەلق بىر مەھەل ئۇنى تۈركىيەلىك «شەرقىي تۈركىستان» چى دەپ خاتا چۈشۈنۈپ قالغان، خېشى كاردۇرى ئەسلىدە مابۇفاڭنىڭ تەسىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى جيۇچۇەن بىلەن جاڭيې ئەتراپلىرىدا، مابۇچىڭ قىسىملىرى ئۈۋى ئەتراپىدا تۇراتتى. ئۇلار يەرلەرنى ئايرىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا بولمۇالغىنىغا ئون نەچچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن «سۇر-كەلسە ئوت كېتىدىغان يۇرچاق پاخىلىدەك» بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى. جياڭجېشى ئۇزۇندىن بۇيان بۇلارنى قولغا

چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ يولىنى ئېچىۋېتىشكە ئالدىرايتتى. موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ جۇڭچۇەندىكى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى نىڭشيادىكى ئېچىنا موڭغۇللىرى بىلەن شىنجاڭنى خىزمەت نىشانىسى قىلغاندىن تاشقىرى مۇھەممەد مابۇفاڭغا قارىتا خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى. غەربىي - شىمالدىكى 4 ما (چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ، مابۇچىڭ، نىڭشيادىكى ماخۇڭكۇي، ماخۇڭبىن)نى يېنىغا تارتىشنى ئۈستىگە ئالغان جۇشياۋلياڭ، ئۆزىنىڭچە ما ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى خېشى كارىدورىدىن يوتكىۋېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. 1941 - يىلى ۋۇجۇڭشىن غەربىي - شىمال پىرقە - مەمۇرىي ئورگانلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، چىڭخەيگە كەلگەن پۇرسەتتە، مابۇفاڭغا خېشىنى «مەركەز» گە ئوتكۈزۈپ بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشى، مابۇچىڭنى يوقۇتۇش مەقسىتىدىكە يېتىشتىن ئىبارەت مەسلىھەتنى كورسەتتى. مابۇفاڭ بۇ پىلاننى ماقۇل كورۈپ، ۋۇجۇڭشىن بىلەن بىللە چۇڭچىڭگە بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىدا ساداقەت بىلدۈردى. جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننىڭ بۇ خىزمىتىگە بەكمۇ خۇشال بولدى. ئارقىدىنلا مابۇچىڭنى سەيدام رايونىنىڭ بوز يەر ئوزلەشتۈرۈش سىلىڭى (قوماندانى) دەپ ئېلان قىلدى. قوشۇن چىڭخەيگە كىرىشى بىلەنلا ئاتلىق 5 - جۈن (كورپۇس) قىلىپ ئوزگەرتىلدى. ھەر خىل نەيرەڭلەرنى ئىشلەتكەن مابۇفاڭ ئاتلىق 5 - جۈننى ئەملىي تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى. مانا بۇلار كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭدا ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان ئاتلىق 5 - جۈننىڭ ئوزگۈرۈش جەر-



يانى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى بىلەن بىر جەمەت خۇزۇڭنەن قوشۇنلىرى خېشىغا كىرىپ، جۇچۇەنگە ماكانلاشتى. لى تېجۇن خېشىغا گارنىزون سىلىڭى بولدى. شۇنداق قىلىپ، جياڭ جيېشى شىنجاڭغا كىرىشنىڭ ئىچكى تەييارلىقلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولدى. مانا بۇ 1942 - يىلى ۋۇجۇڭشىننىڭ سۇڭمىلىڭغا ھەمرا بولۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىش توغرىسىدا شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم قىلغان. ھەمدە 1944 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا رەئىس بولغانلىقىدىكى سەۋەپلەر ئىدى.

## سۇڭ مىلىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى

جۇشياۋلياڭ ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ شىسەي 8 - جەڭ رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىش سۈيقەستلىرى ئاشكارا باسقۇچقا كىردى. بۇ يەردە جياڭ جيېشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ بىۋاستە يۈز كورۈشۈشلا قالغان ئىدى. جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، 1942 - يىلى كۈزدە ۋۇجۇڭشىننىڭ ھەمرالىقىدا سۇڭمىلىڭنى ئەۋەتتى. ھەمدە ئۇنى شىڭ شىسەي بىلەن ئاخىرقى كېلىشىم تۈزۈشكە ۋەكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قانداق سۈيقەستلىك تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەيمەن، پەقەتلا شۇ چاغدىكى ياكى شۇنىڭدىن كېيىنكى جياڭ جيېشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ قوللانغان تەدبىرلىرىنى تۆۋەندىكىچە

تونۇشتۇرىمەن.

شىڭ شىسەي تەرەپتە: شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىپ، 1940 - يىلدىن كېيىن، ئالدى بىلەن شىنجاڭغا يارەمگە كەلگەن سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرىنى (كوپ قىسمى مەسلىھەتچى ئىدى) تىروتسكىچى دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇلارنى كېتىشكە مەجبۇر قىلدى؛ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق يولداشلارنى، جۇڭگو كومپارتىيەسى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن يولداشلارنى، ھەتتا پارتىيە سىرتىدىكى زات دۇ جۇڭيۈەنلەرنىمۇ ۋەتەن ساتقۇچ جاسۇس دەپ تۆھمەت چاپلاپ يوقاتتى. (1) شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئىنىسى، شىڭ شىچى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە داشوبىسىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، لۈيجاڭ (بىرىگادا كوماندىرى) بولغان ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇنى ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتىگە پايدىسىز دەپ ئۆلتۈرۋەتتى. ئۇنىڭ ئايالىغا باشقىلار بىلەن ناتوغرىلىق مۇناسىۋەتتە بولدى، ئۇ بىنىشى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىچىنى ئۆلتۈرۋەتتى دەپ قارا چاپلاپ، ئۆلتۈرۈپ پاكىتنى ياپماقچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن: «خائىنلار دۈبەنىگە قارشى تۇرۇپ، دۈبەننىڭ بىر تۇققان ئىنىسىنىمۇ ئۆلتۈرۋەتتى» دېگەن سۆزنى تارقىتىپ، كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇزۇنغا قالماي چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، دۇ جۇڭيۈەن



قاتارلىقلارنى مەخپىي ئۆلتۈردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇڭ مېيلىن شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى شىڭ شىسەي، يۇقۇرقى جاللاتلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ، جياڭ جيېشىگە قەلبىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىكەن. لېكىن سۇڭ مېيلىن، ۋۇ جۇڭشىنلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى جۇشياۋليائىڭنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق قاتراشلىرى شىڭ شىسەينىڭ ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇشتىكى قارا نىيىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەھشىلىكتە چېكىدىن ئېشىپ، ئىنقىلابقا ئاخىرغىچە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

جياڭ جيېشى تەرەپتە: سۇڭ مېيلىن بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىن قولغا كەلگەن ئاساسلىق نەتىجە، ھەربىي، پىرقە ئىشلىرى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇميۈزلۈك شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىبارەت بولدى. ھەربىي جەھەتتە، لى تيېجۈن، خېشى گارنىزون سىلىڭلىقىدىن 19 - جىتۇەنجۈن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ قومۇلغا بېسىپ كىردى. ھەمدە زاپاس 7 - دىۋىزىيەسىنى ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈپ، لوەنچەڭدا جايلاشتۇردى. شىڭ شىسەينىڭ ئەسلىدىكى شىنجاڭ ھەربىي مەكتىۋىنى قورچاق مەركىزىي 9 - شۆبە مەكتەپكە ئۆزگەرتتى. ئەنگلىيىدە ئوقۇغان، گۇڭ يۈنى مۇئاۋىن جۇرېن قىلدى. شىڭ شىسەي يەنىلا قوشۇمچە جۇرېن بولغاچقا ھەربىي مەكتەپنىڭ سىياسىي، ئىدىيە، تەشكىلىي جەھەتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلاتتى. شۇڭا گۇڭ يۈ ئەتىدىن - كەچكىچە بىكار يۈردى. شىڭ شىسەي، شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە سۇڭ شىلىيەن جۇرېن، تاڭ جىڭرېن مۇئاۋىن جۇرېن بولدى.

دىپلوماتىيە جەھەتتە: گومىنداڭ خېلى بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدە
خارجى ئالاقە باغلاش ئورنى (؟) قۇرغان ئىدى. شىڭ شىسەي
جياڭجيېشىگە قارشى تۇرۇۋاتقان چاغلاردا ئالاقە باغلىغۇچى
ۋۇ ئەيچىن رۇخسەت سوراپ، سىبىرىيە ئارقىلىق كېتىپ قالغان
ئىدى. سۆگەملىن بىلەن شىڭ شىسەي كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن
خارجى ئىشلار مەھكىمىسىگە ۋۇ زېشىياڭنى ئېۋەتتى. دىپلو-
ماتىيە مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامېرىكا، ئەنگلىيە-
لەر ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشقا باشلىدى. جاھانگىرلارنىڭ
شىنجاڭدىكى سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرىگە كەلسەك، 1944 - يىلى
3 - ئايدا، مەن شىڭ شىسەي بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە
ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق
توپىلاڭلارنىڭ ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىنىڭ
سۇيىقەستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆر-
سەتتى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستاننى بازا قىلىۋېلىپلا
ئەمەس، بەلكى تۈركىيە بىلەنمۇ ھەمنەپەس بولۇپ، «شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەركىتىنى قۇتراتقانلىقى، جەنۇبىي
شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا
ئەنگلىيىلىك بىر كىشى پادىشا بولغانلىقى، ئەنگلىيىنىڭ ھىن-
دىستاندىن بۇ ئىنگلىزنى تەبرىكلەپ ئېۋەتكەن تېلېگراممىلىرى
مېنىڭ قولۇمغا چۈشتى - دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى.
ئۇ يەنە: مەلۇم بىر كىشىنى قۇتۇرتۇپ، خوتەندە ئىسلام دۆ-
لىتى قۇرغانلىقى، ئۇ كىشى ئۆزىنى خوتەن پادىشاسى دەۋال-
غانلىقىنى، مەخمۇت مۇھىتى ۋە ماخۇسەنلەرنىڭ ۋەقەسىمۇ



ئەنگلىيىنىڭ قۇتۇرتىشى بىلەن بولغانلىقىنى شۇڭا ئۇلار مەغ-
لۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ، ئەنگلى-
يىنىڭ ئەتىۋالاپ، بېقىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ
بەردى. ئۇ يەنە، گېرمانىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرى ئىشپى-
يون ئېۋەتىپ، شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى ئېلىپ
بارغانلىقىنى ھەمدە بىر مەزگىل شىنجاڭنىڭ
ھەربىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ
بەردى؛ گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان قاتارلىق
دۆلەتلەرنىڭ مىسسىيونېرلىرىمۇ دىنى تونغا ئورۇنۇۋېلىپ جاسۇس-
لۇق ھەركىتى قىلغانلىقى، ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان-
لىقىنىڭ جەريانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يىغىپ ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنى قوغدىغان تۆھپىلىرىنى
تەكىتلەيتتى. ھازىرقى كۆز قاراش بىلەن قارىغاندا، بۇ سۆزلەرگە
ئاساسى جەھەتتىن ئىشىنىشكە بولىدىكەن. لېكىن جياڭجيېشىگە
تەسلىم بولۇپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا كونسۇللىرىنى باشلاپ كىر-
گەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى «قانۇنى»-
لاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى، يېڭى - كونا جاھانگىرلارنىڭ بىر - بىرى
بىلەن بۇت تېپىشىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شىنجاڭ
سىياسىي كېڭەش تەلەپ قىلغان تارىخى ماتېرىياللار توغرىسىدا
كۆرسىتىلگەن تېمىلاردا: «ئامېرىكا كونسۇلى ماكىناننىڭ ئىش-
پىيونلۇق پائالىيەتلىرى» دېگەن بىر مەزمۇنمۇ بار ئىدى. مەن
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمنى ئەسلىسەم،
ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ كونسۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ

تۇرۇش پۇرسىتى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە كونسۇللىرى - دىپلوماتىيە مەھكىمىسىنىڭ كاتتىۋى شۈيجەننىڭ ئارقىلىق ئادەتتىكى مۇناسىۋەتتە بولغان ئىدۇق، ھازىرچە مېنىڭدە قالغان تەسىرى، ئەنگلىيە كونسۇلى چىمغۇر ئادەم بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. خىيانەتچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش دەپ ئاڭلىدىم. ئامېرىكا كونسۇلى چاندىغراق بولۇپ، مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاتلىق 5 - جۇن پەيدا قىلغان «بەيتىنك ۋەقەسى» توغرۇلۇق (بۇ ھەقتە مۇشۇ ماقالەمنىڭ 3 - قىسمىدا توختۇلۇمەن) ئاڭلىشىمچە، قولغا چۈشكەن قۇرال - ياراقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان ئىكەن دەپ تۆھمەت چاپلاپ، نەنجىڭگە ئاپىرىپ، ئالا - توپىلاڭ كوتۇرۇپ خەلقئارا شامال پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، ماكىنانىڭ يىلانلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئەلۋەتتە ئېھتىمالغا قاھايىتى يېقىن، بىراق بۇ خەۋەرنى نەدىن بىلگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. شۇڭا تەپسىلى بىر نىمە دېيەلمەيمەن.

سىياسى جەھەتتە، شىنجاڭ تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۇمەت ھەيئەت ئەزاسى، ئىلگىرى چىڭخۇا داشۆيىسىگە مۇدىر بولغان لوجالۇن، ئالىم ئۇنۋانى بىلەن كېلىپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى، بيۇروكرات كاپىتالىستلار ئۈچۈن خىزمەت كورسەتكەن لىن جىيىۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە تەمرات نازىرى بولدى. ئۇ يەنە ۋاڭخېتىڭ، داڭلىق ئايال دوختۇر چىن زىيىڭ گېرمانىيىدە قىزىقا تەتقىق قىلغان شۇيجۋاڭبىن، چەنخۇيبۇە، دوبەن



مەھكىمىسى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، چاڭ ماشەيەن قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كىشىلەر شۇ چاغدا، جياڭجېيىشىنىڭ شىنجاڭغا تەلەي سىناش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلىرى ئىدى.

ئىقتىسادى جەھەتتە: مالىيە پۇل مۇئامىلە سېستىمىسىدىكىلەرمۇ شىنجاڭغا كىردى. مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شوبە بانكىسىنىڭ جىڭلىسى مايەنجاڭ، شىنجاڭ تاموژنا باج مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دىڭگۇيتاڭ، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىن ياڭيى، بانكا نازارەتچىسى جاڭشۋەنزە قاتارلىقلار كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى.

## 2 - شىڭشىسەي دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ پىرقىسى.

### شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ كۆلىمى

سۈڭمىلىن چۈڭچىڭگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنى قۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە رەسمى قۇرۇلدى. پىرقىنىڭ شۇجىجاڭلىقىغا پىروفېسسور خۇاڭرۇجىن (ئامېرىكىدا ئوقۇغان) تەيىنلەندى. ھەيئەت ئەزالىقىغا دىڭۋىخەن. C C تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان يۇجىنىڭ سىياسى فاكولتېتقا يېقىنلىشىدىغان لىن بويا (ئامېرىكىدا ئوقۇغان)

شۈيگۈەنيو (ئامېرىكىدا ئوقۇغان) قاتارلىق جۇجياخۇا گورۇھىدىكىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. CC غا تەۋە بولغانلاردىن مەركىزىي سىياسىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، فۇجيەن گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان چاڭجىچىڭ بىرلا كىشى ئىدى، گېرمانىيىدە فىداگوگىكا ئوقۇغان CC نىڭ ئاياغ ئاستىغا ئۆزىنى ئاتىغان تولڭشىچۈەن قاتارلىق بىر يۈرۈش بەنزە، سەنمىنجۇيى نەزىرىيىچىلىرى دەپ ئاتالغان ليالخەنساۋنىڭ باشلامچىلىقىدا شىنجاڭغا كەلدى.

يەنە بىر قىسىم ھەيئەت ئەزالىرىنى، شىڭشىسەي ئۆزى كۆرسەتتى. ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى، ئىنىسى شىڭشىجى، «شىنجاڭ گېزىتخانىسى» نىڭ باشلىقى سۇڭنيەنسى، مائارىپ نازىرى ليۇيۇگشياڭ، ئىلگىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا مۇھىم خىزمەتتە بولغان خېگىچىگۇاڭ قاتارلىقلار. جياڭجيېشىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن شىڭشىسەي ھەيئەت مۇدىرى بولدى.

ليالخەنساۋ بىلەن خۇاڭرۇجىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنى، شىڭشىسەي ئۆزى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپ قارشى ئالدى. ئۆلكىلىك پىرقە قۇرۇلغان كۈنى، شىڭشىسەي ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ قەسەم بېرىپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى ۋە گومىنداڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىزھار قىلدى. قەسەم بېرىشكە ليالخەنساۋ نازارەتچىلىك قىلدى. ئۆلكە بويىچە بىر كۈن دەم ئېلىش بولدى. ئۆلكە مەركىزىدە رەڭگا - رەڭ



زىننەتلەندى. «شىنجاڭ گېزىتى» مەخسۇس سان چىقىرىپ تەبرىكلىدى. ئىككى گورۇپپا تەپتىش ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ تەپتىش ئۆمىكىگە ليالخەنساۋ، شىمالىي شىنجاڭ تەپتىش ئۆمىكىگە خۇاڭرۇجىن باشلىق بولۇپ پۈتۈن شىنجاڭنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. بارغانلا يېرىدە كاتتا كۈتۈۋېلىندى. ماركسىزىم - لېنىنىزىم تونىنى كىيىۋېلىپ، كومپارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپلىرىنى پۇختا بىلىمەن دەپ ئاتىۋالغان، فاشىستىك دىكتاتورىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن شىڭشىسەي ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر سىياسىي پۇرسەت ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، جياڭجيېشىنى ھىمايە قىلىدىغان ساداقىتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلدى. مەن 1944 - يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدىم. چۆچەكتىن ئايرىلىپ، شىنجاڭغا كېلىش ۋاقتىمدا، جۇجياخۇا ماڭا «ھەممىلا ئىشتا شىڭشىسەيگە ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئىش قىلىش كېرەك» دېدى. ئۇ چۈگشىنمۇ: «شىڭشىسەي بىلەن ئىناق ئۆتۈش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشنى ئىزلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك» دېگەن ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ سۆزلەر، شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە قاراتقان فاڭجېنىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، جياڭجيېشى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ شىنجاڭغا كېڭەيگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسىلا بولۇپ قالدى. شىڭشىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ

ئادەملىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان بولۇپ، ئىنتايىن يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە ئىدى. چوڭچىڭ شىڭشىسەيىنىڭ، ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئىشپىيون ئەۋەتمەسلىككە ئۆلكىلىك پىرقىمۇ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قۇرماسلىققا ماقۇل بولغانلىقتىن، پىرقىدە مەخسۇس ئىشلىتىدىغان دېيەنتەيمۇ قۇرمىدى. (بۇ بەلكىم سۇڭ مىلىن بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك)، ئەلۋەتتە ھېچقانداق لازىمى يوق ئىدى.

## ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ۋەزىپىسى

ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى: ① سەنمىنجۇيىنى تەشۋىق قىلىش، ② پىرقە ئەزالىرىنى تىزىملاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، ③ ئۇنىڭدا تەشكىلىي تەربىيە، تەشۋىقات، كاتىۋات قاتارلىق 3 باشقارما قۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇجىجاڭ ئومۇمىي رەھبەر بولغاندىن تاشقىرى كاتىۋات باشقارمىسىنى قوشۇمچە باشقۇردى. تەشكىلىي تەربىيە باشقارمىسىغا يوجىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىغا تولىڭشىچۈەن باشلىق بولدى. تەشۋىقات باشقارمىسى ئۆز ئالدىغا «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتخانىسى» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدە بولغانلىقتىن، سۇڭ نىيەنسى ۋە گومىن-



داڭ مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن مۇئاۋىن باشلىق ۋە تەھرىر، مۇخبىرلار ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەشكە بولاتتى. يېڭىدىن قۇرۇلغان مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مۇدىرى شىن زۇڭلىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر پۈتۈنلەي چوڭچىڭدىن كەلگەنلەر ئىدى.

تەشكىلىي تەربىيە باشقارمىسى مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبە ئۆمىكىنى بازا قىلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي تەلىم-تەربىيە ھەيئىتى ئەۋەتكەن بىر تۈركۈم باشقارما دەرىجىلىك-تىن تۆۋەن كادىرلار ئارقىلىق، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئەكسىيەتچى ئايانچىلارنى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلاردىن تاللاپ ئۇستۇردى. شۆبە ئۆمەككە شىڭشىجى ئىلمىي مۇدىر، شۈيگۈەنيۇ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر بولدى. شىنجاڭدا 100 دىن ئارتۇق ناھىيە بولۇپ، ناھىيىلىك داڭبۇنىڭ شۇجىجاڭلىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا بولغان ئېھتىياج بەك كوپ ئىدى. شۇڭا گومىنداڭ مەركىزىي «شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ تەمىنات چارىسى» دېگەن نىزامنى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خادىملارغا ئىچكىي ئۆلكىلەردە ئىشلىگەن ۋاقتىدىكى مائاشىنى داۋاملىق بېرىش، شۇنداقلا شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپە دەرىجىسىگە قاراپ، يەرلىك تەمىنات بېرىش بەلگىلەندى. بۇ - ئەينى ۋاقىتلاردا ئاچ زارلىقتا قالغان چوڭچىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۈچۈن بىر رىغبەتلەندۈرۈش بولدى. شۇڭا، لياڭ-خەنساۋ بىلەن خۇاڭرۇجىنلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خادىملار ئارقىمۇ - ئارقا ئۇزۇلمەي (ناھىيىلىك پىرقە شۇجى-جاڭلىرىغا تەڭ) كوپلەپ كەلدى.

# چۇڭچىڭدىن كەلگەن خادىملار بىلەن شىڭشىسەي ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ئېقىم

ئولكىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي، ھەر ھەپتىلىك يىغىنغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. چۇڭچىڭدىن كەلگەن خادىملار بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ زىددىيەت بارا - بارا بىر يوشۇرۇن ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى.

مەن كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي غەربىي زالدا بىر قېتىملىق كاتتا زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلدى. چۇڭچىڭ ئەۋەتكەن خادىملارنى قارشى ئالدى. مەنمۇ قارشى ئېلىنغانلارنىڭ بىرسى ئىدىم. يىغىن زالىغا قاتمۇ - قات پوست قويۇلغان، كەيپىيات جىددىي ئىدى. باشلىنىشتا ۋە ئاخىرلاشقاندا ئوركېستىر مۇزىكا چېلىپلا قالماي، زىياپەت داۋامىدا ھەر بىر قېتىملىق سەي تارتىلغاندىمۇ مۇزىكا چېلىنىپ تۇردى. بۇ خۇددى بىر مۇستەقىل پادىشالىقنىڭ ئۆتكۈزگەن «دۆلەت زىياپىتى» گە ئوخشايتتى. شىڭ شىسەي قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، قارشى ئېلىنغانلارمۇ بىر - بىرلەپ جاۋابەن نۇتۇق سۆزلىدى. مېنىڭ سۆزلىگەن سۆزۈم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەدھىيىلەش، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا ئۆز كۈچۈمنى تۆھپە قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىمنى



بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. مەن ئەسلىدە سۆزلىگەن سۆزۈمنى ئادەتتىكىچە سۆز دەپ تونۇغان بولساممۇ، جاڭ جىجۇڭ مېنى سېنىڭ سۆزۈڭ «شىڭ شىسەي لۇشيەنى» بىلەن مېڭىشقا باشلىغانلىقىڭنى كۆرسەتتى دەپ مازاق قىلدى. گومىنداڭنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان زىددىيىتى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا جۇجياخۇا بىلەن CC ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىچكى ئولكىدىكى ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شىڭ شىسەيگە بولغان پوزىتسىيىدە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەنلىكىنى سېزىپ قالدىم. لىن بۇيا بىلەن شۈيگۇەنيۈلەر شىڭ شىسەيگە يېقىنراق تۇراتتى. بولۇپمۇ لىن بۇيا ئەر - خوتۇن شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ھەمىشەم خۇسۇسىي مۇناسىۋەتلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا شىڭشىسەي لىن بۇيانى تەشكىلىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەسلىدە يۈي جىنيېنىڭ قوشۇمچە ئىشلىمى مۇدىر ئىدى. نەتىجىدە شىڭ شىسەي شىڭ شىجىنى قىستۇرۇۋالدى، ھەتتا مۇئاۋىن ئىشلىمى مۇدىرلىقىمۇ ئىككىنچى قېتىمدا كەلگەن شۈي گۇەنيۈنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا، ئۇلارنى «شىڭ شىسەي لۇشيەنىدىكىلەر» دەپ ئەيىپلەشتى. خۇاڭ روجېن، يۈي جىنيېنىڭ، تۇڭ شىچۈەن، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ گومىنداڭ بىلەن مۇناسىۋىتى خېلىلا قويۇق، شەخسىي قەھرىمانلىقىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بولۇپمۇ جاڭ جىجۇڭ ئەسلىدە CC نىڭ چاپارمەنلىرىدىن بولۇپ،

شىڭ شىسەينىڭ ھەممىلا ئىشقا چات كىرىۋالغانلىقىدىن بەكمۇ نارازى ئىدى . ئۇلار ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇشقا تىرىشاتتى ، بۇنىڭ ئەكسىچە شىڭ شىسەي « ئال- دىرمايلى » دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى ؛ ئۇلار ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پىرقىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغۇچى خادىملارنى بالدۇر ئىبەرتىپ پىرقىغا كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا ، شىڭ شىسەي ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ساقچى ئىدار- ىلىرى نامزاتنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ، ئۆلكىلىك پىرقە تەكشۈرۈپ قوبۇل قىلىشنى بەلگىلىك سانغا يەتكەندىن كېيىن ، ئاندىن ئادەم ئىبەرتىپ ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى . جاڭ جىجۇڭ بىر قېتىملىق يىغىندا مۇنداق قىلىش « ساقچىلار دۆلەتنىڭ قىلمىشى » بولىدىغانلىقىنى ، « بۇ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئەمەس ، ساقچى قوبۇل قىلىش بولىدىغانلىقى »نى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، شىڭ شىسەينىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى . بۇنى : « سىياسى خاراكتېرلىق خاتالىق » دېدى .

بۇي جىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بىللە ئىشلەشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ كەتتى ؛ جاڭ جىجۇڭ پىرقە ئىشلىرى ، ئاخباراتچىلىق ، تەلىم - تەربىيە سېستىمىلىرىدىكى سىياسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا « ئېسىل ئەنئەنە »نى ساقلاپ قېلىشنى ئۈز- ئارا ئارزۇ قىلىشىپ ، شىڭ شىسەيگە قارشى ئىدىيىنى تەرغىب قىلغانلىقتىن CC نىڭ شىنجاڭدىكى سەلتەنەتلىك كاتتىۋېشى



بولۇپ قالدى .

## شىددەتلىك بوران ئالدىدىكى تۇمان .

شۇ ۋاقىتلاردا ياپون - باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىدە ، ياپونىيە خېنەن ، خۇنەن ، گۇاڭشىلەردە يەللىمۇ - يەللە ئىلگىرىلەپ ، گۇيجۇغا تەھدىت سېلىۋاتقان ، جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتى كۈنساناپ قىستىلىپ قېلىۋاتقان ئىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى گېتلېر تەجاۋۇزچىلىرىنى چېكىندۈرىۋاتاتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىلى - تارباغاتاي ، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاۋى كۈچلىرى ئارقىمۇ - ئارقا قوزغۇلۇپ ، شىڭ شىسەي تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى . دەل شۇ ۋاقىتتا ( 1944 - يىلى ئەتىياز ) جۇشياۋلياڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەينىڭ ئىنقىلاپنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىش نامى بى- لەن جۇڭياڭ ئارمىيىلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرىشكە ئۇرۇنغان- دا ، شىڭ شىسەينىڭ سوغاق مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلدى . مەن ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى ، شىڭ شىسەي تەتۈرسىگە ئورۇلۇپلا ئۆلكىلىك پىرقە ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ھوكۇمەت ئو- رۇنلىرىنىڭ مەجلىسلىرىگە ، ئادەتتىكى ئاممىۋى يىغىلىشلارغىمۇ قاتناشمايدىغان بولىۋالدى . خۇاڭ روجىن قاتارلىقلار بۇ ئەھۋال- غا قاراپ شىڭ شىسەي يەنە ئۆزگۈرۈدىغان بولدى دەپ ، دائىم ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ ، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتىنىڭ ئۆزگۈ-

رۇپ قالدۇرغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇلارنىڭ ئىگەللىشىگە قارى-
غاندا ، شىڭ شىسەي ھەر قېتىم قولغا ئېلىشنى باشلاش ۋاقتىدا
مېھمان قوبۇل قىلمايدىكەن ، ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ئۆزىنى كۆر-
سەتمەيدىكەن ، بۇ جەرياندا ئۇ ، پىلان ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە
ئەنزە پەيدا قىلىدىكەنمىش . شىڭ شىسەي بىر كۈنى خۇاڭ روجىن
بىلەن مېنى ئۆيىگە ئاددى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغاندا ، يۇقۇرىدا
يازغىنىمىدەك جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركىتى ئۈستىدە
توختالغاندىن تاشقىرى ، ئالتايدا بولىۋاتقان ھەربى جەھەتتىكى
جىددىلىكنى سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ يىغىنلارغا قاتناشمىغانلىقىنى
ئىزاھلىغاندەك بولدى . ئۇ يەنە 3 ۋىلايەتتىكى « توپىلاڭ »نىڭ
« لاۋماۋزىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى » ( لاۋماۋزى دېگىنى رۇس-
لارنى كەمسىتىپ ئېيتقان سۆز )دىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدى-
غانلىقىدىن سۆزلىدى ، بۇ قېتىمقى بولۇنغان سۆزلەردە ، بىز
شىڭ شىسەينىڭ ئىزاھلىشى بىلەنلا خاتىرجەم بولالمىدۇق .

بەلكى بىزنىڭ ئالدىن ھېس قىلغان چۈشەنچىلىرىمىز تې-
خىمۇ ئىسپاتلاندى . شىڭ شىسەي ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومپار-
تىيىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدە ، شىنجاڭدا مەڭگۈ تېچ-
لىق بولمايدىغانلىقىنى ، تېچلىقنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىزاھ-
لايتتى . ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ، ئۇ چۆكچىلىك ئېيتە-
كەن پارتىيە - ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قول سېلىش بىلەن ئىش
باشلايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىز بۇ ئەھۋاللارنى چوڭ-
چىنگە خەت ئارقىلىق خەۋەر قىلغاندىن تاشقىرى ، « ھوشيار »



بولدۇق . بىزنىڭ قولىمىزدا تومۇرنىڭ سۇنۇغىدەك قورالمۇ يوق
ئىدى . ھەتتا خەت يازساق ، ئاغىنىلەرنى يوقلىساقمۇ مەخپى
نازارەت ئاستىدا قىلاتتۇق . خۇاڭ روجىن ھەر قېتىملىق ئايرۇ-
پىلان ئۇچقاندا چوڭچىنگە خەت ئېۋەتەتتى ، مېنىڭ بىلىشىمچە ،
چوڭچىنگنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ، شىنجاڭغا كوپلەپ ئەسكەر
ئېۋەتىشنى تەكلىپ قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە بىز ئۇ چاغدا قەپەز
ئىچىدىكى قۇشلاردەك ، مەيلى كەلگەندە بوغۇزلاۋېرىشكە بولىدى-
غان ئەھۋالدا قالغان ئىدۇق .

شۇ يىلى 5 6 - ئايلاردا شىڭ شىسەي يەرلىك خادىم-
لارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى . ئۆلكىلىك پەرقىدىكى سۇڭ
نيەنسى ، خې گىڭگۇاڭ ۋە شىڭ شىسەي ئۆزى تەكلىپ قىلىپ
شىنجاڭدا خىزمەتكە قويغان جاڭ ماشيەن قاتارلىقلار ئىلگىرى
كېيىن بولۇپ يوقاپ كەتتى . شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىڭ شىسەي
بىز بىلەن قەتئى ئۇچراشمايدىغان بولدى . پىرقە باشلىقى ئىلى-
فۇندا كۆرۈشۈشنى تەكلىپ قىلسىمۇ ، سەۋەپ كۆرسۈتۈپ رەت
قىلاتتى . بۇ ئىشلار بىزنىڭ ئالدىن قىلغان مۆلچەرلىرىمىزنى
قەدەممۇ - قەدەم ئىسپاتلايتتى . شۇ چاغلاردا چوڭچىڭدىن شىن-
جاڭغا ئېۋەتكەن يۇقۇرى دەرىجىلىك خادىملاردىن لىن جى يۈڭ
گۇڭ يۇ ، شۈي جۇاڭبىن قاتارلىقلار ئەر - ئايال بولۇپ ، ئەتىگەن
ئاخشاملىرى بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگە كېلىپ ، ئادەتتە قارتا ، شاخ-
مەت ئويناپ كۈن ئۆتكۈزەتتى . ئۆز - ئارا خەۋەر يەتكۈزۈش ،
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلۈشۈپ ، ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى
ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ، ھەممە كىشى خەۋپ ئىچىدە تۇرىۋاتقان-

لىغىنى، « خۇددى چىقتى بوران، چاقتى چاقماق، كەتتى را-
ۋاقنى قاپلاپ » دېگەندەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشاتتۇق.
يۇقۇردا ئېيتقانلىرىم ئاۋغۇست ئۆزگۈرۈشىدىن ئىلگىرىكى ئۆلكە-
لىك پەرقىدىكى چوڭچىڭدىن كەلگەن خادىملار بىلەن شىڭ شى-
سەي ئوتتۇرىسىدىكى بولۇۋاتقان زىددىيەت، گۇمانخورلۇق،
ئېھتىياتچانلىقلارنىڭ ئاساسى ئەھۋالى.

## ئاۋغۇست ئۆزگۈرۈشى

جۇدۇن - چاپقۇن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 8 - ئاينىڭ
11 - كۈنى تۈن نىسپىدە، شىڭ شىسەي ماشىنا ئەۋەتىپ، خۇاڭ
رۇجىن، تۇڭ شىچۈەن، جاڭ جىجۇ قاتارلىقلارنى مەجلىسكە
چاقىرىتتى. ئۆلكىلىك پەرقىنىڭ ئۆز ماشىنىسى يولۇپ، ئىلگىرى
مەجلىسكە چاقىرسا، تېلېفوندىلا ئۇقتۇرۇپ قوياتتى. بۇ قېتىم
توساتتىن باشقىچە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىمۇ چا-
قىرماپتۇ. تۇڭ شىچۈەن مېنى ئويغۇتۇپ، ۋاقىئەنى ئېيتقاندىن
كېيىن مەنمۇ ھويلىغا چىقتىم. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مەن
ئۆيدە قالغان ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن بۇ ئۆزگۈرۈشنى ئەپلەپ-
سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتۇق. ئەمەلى-
يەتتە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. مە-
جلىسكە كەتكەنلەر قايتىپ كەلمىدى. ئەزەلدىن « شىڭ شىسەي
لۇشىيەنى بىلەن ماڭىدۇ » دەپ قارىلىپ كەلگەن لىن بويامۇ
خۇتۇن - بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە « تەكلىپ » قىلىنىپ كېتىپ
قالدى. چوڭچىڭدىن كەلگەن خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى



جەمئىي 50 - 60 كىشى قولغا ئېلىندى. بۇ ئەنىزگە چېتىلغانلار
بىر نەچچە يۈز كىشىگە يەتتى، خاس ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا
100 دىن ئاشاتتى. ئەرتىسى چۈشتىن بۇرۇن، شىڭ شىسەينىڭ
سەنمۇجاڭى ۋاڭ خۇڭساۋ مېنى مەجلىسكە چاقىرىپ قالدى. مەن
ئاددىغىنا كىيىم - كېچەك، لوڭگە، چوتكالىرىمنى بىرگە ئېلىپ،
تۈرمىگە كىرىشكە تەييارلىنىپ بارغان ئىدىم. لېكىن ئىش
ئۇنداق چىقمىدى. مەجلىسكە بارسام چوڭچىڭدىن كەلگەن يۇ-
قۇرى دەرىجىلىكلەردىن قولغا ئېلىنماي قالغانلا جەم بولۇپ
ئولتۇرغان ئىكەن. مەجلىسنىڭ مەزمۇنى ئالدىنقى ئاخشامقى
بولغان قولغا ئېلىش ۋاقىئەسىنى چۈشەندۈرۈش ئىكەن. ئۇلار-
نى « توپىلاڭ كوتۇرۇش سۇيىقەستىدە بولدى. شىنجاڭ ھاكىمى-
يىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى » دېدى. بۇ ئادەتتە ئېيتىلىپ
كېلىۋاتقان « ئاۋغۇست ئۆزگۈرۈشى » بولۇپ شىڭ شىسەينىڭ
شىنجاڭدا ئاخىرقى قېتىملىق قىلغان تېررورلۇقى ئىدى.

## شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كېتىش
## ئالدىدىكى ئۆلۈم ئالدىدا
## جان تالىشىشى

كەڭ كولەمدە قولغا ئېلىشتىن كېيىن، شىڭ شىسەي مەن
ۋە شۈي گۇەنيۈ، ۋاڭ لىتىڭ قاتارلىق 3 كىشىنى بىر قېتىم
قوبۇل قىلدى. بىز 3 كىشىنى ئۆلكىلىك پەرقىنىڭ ئېچىنىشلىق
ئاقىۋىتىنى ئورتاق ساقلاپ تۇرۇشقا ھەمدە جۇڭگىياڭدىن بىر
تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

3 - كۈندىن باشلاپ شىڭ شىسەي ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەر-ئىلىك خادىملىرىنى يىغىنىغا ئادەتتىكىدەكلا قاتنىشاۋەردى.

شىڭ شىسەينىڭ ئۆزگىرىش مەقسىتى زادى نېمە؟ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇسۇلى قانداق بولدى؟ ئادەتتىكى كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ تونۇشىدا، ئۇ، ئۆزىنىڭ 1942 - يىلدىكى سوۋېت كومپارتىيىسىگە قارىتا قىلغان يۈزسىزلىكىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قىلغان يۈزسىزلىكتىن، ئاشۇرۇۋەتمىدىم دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، ئەمدى گومىنداڭچىلارنى كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتىم بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋە-تىمنى ئۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۆگىتىۋېلىشىم مۇمكىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى پەسەيتىپ، جاڭجيېشىگە قارشى تۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋە-تىمنى ئۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەنزە ئەھۋالىنى چۇڭچىڭغا دوكلات قىلىپ، توپۇلاڭنى ۋاقتىدا باستۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئەشتىن بۇرۇن يوليورۇق سورىيالمىغانلىقىنى، ھازىر قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقە ئىچى-گە يوشۇرۇنغان كوممۇنىستلار ئىكەنلىكى ياكى كومپارتىيە لۇشە-نىدە ماڭىدىغانلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ يەنىلا گومىنداڭ بىلەن بىر يولدا مېڭىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدا ماڭغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. چۇڭچىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ نەيرىڭىگە ئىشەنمەيتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن جياڭجيېشى جۇشياۋليياڭ بىلەن شۇي



ئىنزىڭلارنى ئېۋەتتى. قولغا ئېلىنغان ئۆلكە دەرىجىلىك خادىم-لارنى شىڭشىسەي، جۇشياۋليياڭ، شۇي ئىنزىڭلار كوللېكتىپ سوراق قىلدى. سوراقتا تاتىلغۇچىلار ئاللىقاچان تاياق ئاستىدا ئىقرار قىلىپ بولغاچقا ئىقراردىن تېنىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىز جۇشياۋليياڭ، شۇي ئىنزىڭلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئىشىك ئالدىغا پۇخراچە كىيىنگەن «مۇھاپىزەتچىلەر» قويۇلغان ئىدى. جۇشياۋليياڭ بىلەن شۇي ئىنزىڭ بىزگە گەپنى كۆپ قىلماڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى. كېيىن مەن جۇشياۋليياڭ، شۇي ئىنزىڭلار دىيەنتەي ئارقىلىق چۇڭچىڭغا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانىمىزنى ئۇقتۇردۇق. مەن ئاساسەن «مۇبادا قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلمىغاندا، بىز ئاخىرى شىنجاڭدا تۇرالمايمىز» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزەمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قەتئىي ساقلاپ قېلىش تەكلىۋى ئىدى.

9 - ئاينىڭ باشلىرىدا جۇشياۋليياڭ شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كەلدى. ئۇ چاغدا چۇڭچىڭ ۋۇجۇڭشىننى شىنجاڭنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئالدى بىلەن جۇشياۋليياڭ شىڭ شىسەينى چۇڭچىڭغا ئاپىرىپ، دىخان-چىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇجۇڭشىن ئاندىن شىنجاڭغا كېلىپ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالماقچى ئىدى. جۇشياۋليياڭ كېلىپ 3 - كۈنى شىڭشىسەي ئاخىرقى قارارغا كەلدى. ئۇ چاغدا خۇزۇڭنەننىڭ تۇرۇمچىدىكى ۋە شىڭشىڭشياغا قىستاپ كېلىۋاتقان قوشۇنلىرى، بەتلەپ قويۇل-غان ئوقتەك تۇراتتى. ئەگەر پەستاننى بېسىپلا قويسا،

شىڭشىسەينى ئامالسىز چۈشكۈچىگە تەسلىم بولاتتى. شۇڭا، ئۇ 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا پادىشالىق ئورنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىش ئالدىدا كېلىشتۈرۈپ چوڭ زىياپەت تەييارلىدى بۇنىڭغا جۇڭگىيادىن كەلگەن ۋە يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ جۇشياۋلياڭ بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. جۇشياۋلياڭنى شىنجاڭنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى دەپ جاكالىدى. بىر تەرەپتىن تۈرمىدىكىلەرنى قىرغىن قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئولتۈرۈلگەنلەر يۈزدىن ئاشىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ خەلقىدىن شوراپ قالغان قان - يىلىكلەرنى ئايروپىلان - ماشىنىلارغا قاچىلاپ قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىشكە تەرەددۇت قىلدى، كېيىن بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز قىسمى - 50 مىڭ سەر ئالتۇننى جياڭجيېشىگە سوغا قىلدى. مانا بۇلار دائىم ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان جاللاتنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىك قەبىھ ئەپتى - بەشىرىسى.

## 3 - ئۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرى

شىڭشىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، 30 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىش خاراكتېرىگە خاتىمە بېرىلدى دەپ قارىغان جياڭجيېشى، شىنجاڭغا بولغان فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، شىڭشىسەينىڭ ئورنىغا



ئادەم تاللاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولدى. ھەر قايسى جەھەتتىن ئەتراپلىق ئويلاشى نەتىجىسىدە ئاخىرى ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشى ۋە شەخسى ئىشلىرىدا بىللە بولغان مەخپى شېرىكى ۋە جاھىل مۇرىدى ئۇجۇڭشىننى تاللاپ، شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇجۇڭشىن 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كەلدى. 1946 - يىلى يازدا ۋەزىپىسىدىن قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

### ئۇجۇڭشىننىڭ بەنزىسى

ئۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭ رەئىسى بولغان ۋاقىتتىكى بەنزىسى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئەكسىيەتچىللىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەر قايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، نازارەت، ھەيئەتلەرنى ئادەتتە چىن گوفۇ ئىشخانىسىنىڭ 3 - باشقارمىسى نامزات كۆرسىتىپ، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا تەربىيە ئالغان بولۇشى ئۆلچەم قىلىناتتى. يەنى CC نىڭ فاشىستلىق ئىدىيە تازىلاش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك ئىدى. شىنجاڭغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇشتا، جياڭجيېشىنىڭ يالاقچىسى يۈيدانى ھەيئەت ئەزاسى ۋە قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش سىلىڭبۇسىنىڭ سىنمۇ - جاڭى قىلىپ تەيىنلەش ئىشى ئۇجۇڭشىننىڭ پىكرى بىلەن بولغاندىن تاشقىرى، جۇشياۋلياڭنىڭ يۈزىگە قاراپ جاڭ - شىۋەنزۇنى مالىيە نازىرى قىلىش ۋە شىڭشىسەينىڭ كونا

ئادەملىرىدىن بەزەنلىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىشىنىڭ ھەممىسى ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان . بۇنىڭدىن تاشقىرى خەلق ئىشلىرى نازىرى دىڭشاڭخەي ، تەمىرات نازىرى يولىنيۇن ، مائارىپ نازىرى شۈي لىيەنجىلەرنىڭ ھەممىسى CC ئونسۇرلىرى ھەتتا جۇڭگونىتىپەنمۇ ئالى سىنىپتىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈنلا ھەيئەت ئەزالىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئەسلى يىللاردا باشقا بىر كىشىنى باش كاتىپ قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى . ئۇجۇڭشىن ئاچچىغلىنىپ : « مەن رەئىس تۇرۇپ بىرەر كاتىپ-نىمۇ بىرگە ئېلىپ بارالمامدىمەن ؟ » دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن-لىكتىن ، ئەڭ ئاخىرى زىڭشاۋلۇنى باش كاتىپ قىلىپ بىللە ئېلىپ كەلدى . 1946 - يىلى باھاردا جۇجياخۇا بۇرھان شەھە-دىنى ( جۇجياخۇا بىلەن بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش ئىدى ) شۈي لىيەنجىنىڭ ئورنىغا مائارىپ نازىرى قىلماقچى بولدى . ئۇ چاغدا بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ئىدى . شىڭشىسەينىڭ قول ئاستىدا تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇمەن دەپ ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى .

## ئۇجۇڭشىننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىيلىرىن ئېلىپ بارغان سىياسى كۈرەشلىرى

ئۇجۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولۇپلا « ئىلاھى قانۇن ، دۆلەت قانۇنى ، ئادەمگەرچىلىك » نى تەڭ يولغا قويۇشتىن



ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى . يۇقىرىقى 3 نۇقتىنى ۋۇجۇڭشىننىڭ « 3 ئەنگۈشتەرى » دەپ ئاتىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تاقابىل تۇرۇش-تىكى بىر خىل سىياسى كۈرەش شەكلى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلماقچى بولدى :

بىرىنچى ، تۈرمىلارنى ئېچىۋېتىش . ئۇجۇڭشىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى « ئەمەلدارنىڭ پۇخرالارنى قارشى چىقىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى » دىن بولغان ، تۈرمىلارنى توشقۇزىۋەتكەنلىكى ، خەلققە زۇلۇم قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى دېدى . ئالدى بىلەن تۈرمىلەرنى ئېچىۋېتىپ ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن بۇرھان شەھىدى ، مالياڭجۇن ئاخۇن ۋە باشقا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەربابلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇۋېتىپ ۋە ئۇلارغا خىزمەت بېرىپ ، بۇرھان شەھىدى-نى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ، مالياڭجۇننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۇيغۇرلار ئار-قىلىق ئۇيغۇرلارنى ، خۇيزۇلار ئارقىلىق خۇيزۇلارنى بويسۇندۇ-رۇش خام خىيالىدا بولدى .

ئىككىنچى ، جايلارغا تەسەللى بېرىش . ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، تەسەللى بېرىش ھەيئىتى قۇرۇپ ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى يەنى ئالتاينىڭ ئايال كاتتىۋېشى ( ؟ ) خادىۋاڭ ، موڭغۇللارنىڭ چاۋچىنۋاڭ ، مەن-خەنىۋاڭ ( مەنخەنىۋاڭنىڭ ئورنىدا خوتۇنى ۋۇجىگبىنىڭ ئىش-لەيتتى ) قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى ھەيئەت ئەزاسى قىلدى . ھەمدە خەلق ئىشلار نازىرى دىڭشاڭخەي ھەيئەت باشلىقى

بولدى. ۋۇجۇڭشىن شەخسەن ئۆزى «شىنجاڭ گېزىتى» گە باشماقالا يېزىپ، بۇنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، تەسەللى بېرىش خىزمىتىنى ئاكتىپ يولغا قويۇشنى تاپشۇردى. بىر تەرەپتىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئەمەلىيەتتە موڭغۇل، زاڭزۇلار ھەيئىتىدىكى ۋاقىتىدا لاما، ۋاڭ، گۇڭ، ئاق سۆڭەكلەرگە ئىشلەتكەن كونا ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولدى. 7 مېھمانخانا قۇردى. مېھمان قىلىش راسخودى ئۈچۈن شىنجاڭ پۇلىغا 2 مىليون دوللار سەرپ قىلدى. ئۇ چاغلاردا ھېيت - بايراملاردا ئاز - پاز پۇل، بىر ئىككى كورپە، يۇڭ ئەديال، قاتارلىق سوغا قىلىش ئىشلىرىمۇ يۇقۇرقى راسخوتنىڭ ئىچىدە بولاتتى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى ئىلغار رايونلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋۇجۇڭشىنىڭ تەسەللى بېرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى ئوبيېكتى ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە غۇلجىدا ئىنقىلاپ بورانلىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ دىڭشاڭخەينى ئىلىغا ئېۋەتىپ، ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، نەتىجىدە دىڭشاڭخەي چاچقاندەك قېچىپ كەلدى. ئالتاي ۋالىسى گاۋبويۇي خادىۋاڭنى ئۈرۈمچىگە ئېۋەتىپ بەردى. ۋۇجۇڭشىن خادىۋاڭنى تەسەللى بېرىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگراسىدا قالايمىقان ھەركەتلىنىپ يۈرگەن باندىت ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىدىمۇ نەتىجە



قازىنالمىدى.

دىمەك تەسەللى بېرىش خىزمىتىدىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش چارىسىنى ئويلاپ، شىنجاڭنى 4 ئۆلكە قىلىپ، بولۇۋېتىش ھەققىدە جياڭجيېشىغا تەكلىپ بەردى. يەنى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەنبەي ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەننەن ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ، قەشقەرنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ كۇئېنلون تاغ تىزمىلىرى ئەتىراپىدىكى ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كۇئېنلون ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ خوتەننى ئۆلكە مەركىزى قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنى خېشى رايونلىرى بىلەن قوشۇۋېتىپ، ئەنشى ئۆلكىسى دەپ نام بېرىپ قۇمۇلنى ئۆلكە مەركىزى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەكلىپ تەستىقلىنىپ كەلگىچە چېندىماي، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسى قۇرۇپ، دىڭشاڭخەينى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ۋۇجۇڭشىن ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى شىنجاڭنى ئۇزۇن مۇددەت تىنچلاندۇرۇشنىڭ چارىسى دەپ مەس بولۇپ يۈردى. ئەمما ۋەزىيەت چىددىيلەشكەنلىكتىن ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئۈچىنچى، خوشىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە توردىكە بولۇش. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «ئىنقىلاپنى ئېكسپورت قىلغىلى بولمايدۇ» دىگەن داۋلىنى چۈشۈنىشكە ئامالى يوق. مەن

شىڭشىسەي بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھاقارەتلەپ، «ئالتايدىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ جىددىي بولۇشى، لاۋماۋزىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىق قىلىشىدىن ئايرىلمايدۇ» دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغلاردا ئالتاي تەرەپتە پەقەت ئوسماننىڭلا باندىتلىق ھەركىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىڭشىسەيگە قارشىلىق كۆرسىتىشى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىنى چوڭقايتىپ ئېيتقاندىمۇ تار مىللەتچىلىك دېيىشكىلا بولاتتى. خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. (بۇ ئىشنى مەن كېيىن چۈشەندىم) ۋۇجۇڭشىن ئوسماننىڭ ھەركىتىنى خەلق ئىنقىلاۋى ئىشلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى گەرچە بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق 3 ۋىلايەتنىڭ ئوتتەك قايناۋاتقان ۋەزىيىتىنىڭ ئاچقۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا دەپ تونىدى. بۇ ئۇنىڭ «خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى سەۋەۋى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى ئالماشتۇرۇش، مەتبۇئاتنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بولدى. دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى يۆتكەش جەھەتتە ۋۇزەيشاڭنىڭ ئورنىغا ليۇزې رۇڭنى يۆتكەپ كەلدى. جاڭجىجوڭ شىنجاڭغا كېلىپ، 3 ۋىلايەت بىلەن تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن مۇرەسسە قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كولىمى چوڭ، ئادىمى كۆپ بولغانلىقى سەۋەۋىدىن باش كون-



سۇل، مۇئاۋىن كونسۇللار بىلەن ئۇچرىشىش، مۇزاكىرىلىشىش ئىشلىرى كۆپ بولاتتى. بۇ ئۇچرىشىشلاردا چىقىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋۇجۇڭشىن شىڭشىسەيدىن قېپقالغان ئالىي دەرىجىلىك تاماكا، ھاراق، كەمپۈت، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يولدا سەرپ قىلدى. دېمەك ئۇنىڭ ئاتالمىش خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگىنى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

مەتبۇئات خەۋەرلىرىنى تىزگىنلەش، دېگىنىگە كەلسەك، مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنىنىڭ سوۋېتكە قارشى، كومپارتىيىگە قارشى يېزىلغان تېلېگرامما خەۋەرلىرىنى شىنجاڭ گېزىتىدە باستۇرماسلىق ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشتىكى بىر ئىش بولۇپ، چىن قەلبىدە ھەممە ئىشتا جياڭجيېشىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولاتتى. ناۋادا ماۋجۇشى بىلەن جياڭجيېشى ئوتتۇرىسىدىكى «10-ئوكتەبىر كېلىشىمى» بولمىغان بولسا، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇپ بەرمەيتتى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئېلىپ ئاشلانمىغان بولسا، ئومۇ ئوخشاشلا سوۋېتكە قارشى، موڭغۇلىيىگە قارشى بەيتىك ۋەقەسىنى ئويناپ چىققان بولاتتى. چۈنكى تۆۋەندىكى بابىمىزدا بايان قىلىنغاندەك، بەيتىك ۋەقەسى ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇڭشىننىڭ «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۈرۈش» سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئىدى. ئۇ گېزىتخانىغا ئېيۋەتكەن خادىملارمۇ سوۋېتكە قارشى، كومپار-

تىمىگە قارشى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىۋەتمەيتتى. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى مۇشۇ ماقالەمنىڭ 4 - قىسمى بولغان «ۋۇجۇگىشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ گېزىتى»دا تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## ۋۇجۇگىشىننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرماقچى بولغانلىقى

ۋۇجۇگىشىن بۇرۇن سۇنجۇڭسەن ئەپەندى دازۇڭتۇڭ بولۇپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا قەسەميات قىلغاندا، ئۇ جياڭجيېشى بىلەن بىرلىكتە گۇاڭدۇڭ ئارمىيىسى قىسىملىرىدا سىلىڭ، لۈيجاڭ بولغان. لېكىن جياڭجيېشى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىشتىن ئىلگىرى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ بيۇروكراتلىق تۇرمۇشنى كەچۈرگەن، جياڭجيېشى دەۋرىدە يىقىلمايدىغانلاردىن بىرسى ئىدى. ۋۇجۇگىشىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكە رەئىسلىكىنىلا ئۆتكۈزۋالدى، ئامانلىق ساقلاش سىلىڭلىقىنى چۇشياۋلياڭ داۋاملىق ئىشلەۋېرىشكە ئېلىپ قالدى. بۇ ئىش ھەربىي مەسئۇلىيەتتىن قورقىدىغان ۋۇجۇگىشىنگە خوشياقتى. لېكىن ۋۇجۇگىشىن ھەربىي باشقۇرۇشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. شۇڭا ئۇ چىڭخەيدىكى ما فامىلىلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ مەخسىتى چىڭخەينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن قازاقلارغا تاقابىل كې-



لىش ئىدى. ھەمدە خۇيزۇلار بىلەن قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. «بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن تەسەللى بېرىش»كە پايدىلىق بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. مانا بۇ ۋۇجۇگىشىننىڭ شىنجاڭ خەلقى ئىنقىلاۋىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىنتايىن زەھەرلىك ئەكسىيەتچى تەدبىرىدۇر.

ۋۇجۇگىشىن بىلەن مابۇفاڭنىڭ بىر-بىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشكەن جەريانلىرىنى ماقالىمىزنىڭ بەشىنچى قىسمىدا بايان قىلغان ئىدىم. چىڭخەيلىك ما فامىلىلىكلەر ماجۇڭيىڭدىن تارتىپ، شىنجاڭنى مارىلاپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغان ئىدى. ۋۇجۇگىشىننىڭ ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار ئىنتايىن خوشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭخەيدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۈن (كورپۇس) كورەڭلەپ شىنجاڭغا كىردى. دەسلەۋىدە بىر قىسمى تۇرپان، توقسۇن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ھەدەپ باج، غەللە، ئوتۇن - سامان ئېلىشقا باشلىدى. پۇخرالار ئىلگىرى ماجۇڭيىڭنىڭ ئاياق ئاستىدا يانچىلغان بولغاشقا، بۇ قېتىم يەنە ئالاقزادە بولۇپ بىر - بىرىگە: «ماجۇڭيىڭنىڭ دادىسى كەپتۇ» ئۇزۇنغا قالماي شىمالىي شىنجاڭدا ماكانلىشىدىكەن دېگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشتى. بۇ چاغدا 5 - كورپۇسنىڭ باش شتاۋى لۈمەنچىڭدا تۇراتتى. بۇ كورپۇسنىڭ جۈنجاڭى ماچىڭشياڭ مابۇفاڭنىڭ جيەنى بولۇپ، بۇ ئادەم ھەشەمەتخور ئىدى. ئۇ مېھمانخانىسىغا مابۇفاڭ تەقدىم قىلغان «ئاتلىنىپ ئۆتتۇق تيانشان چوققىسىدىن» دېگەن لەۋھەنى ئېسىپ قويغان ئىدى. نىيىتىنىڭ

كەپ سىغمايتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ۋۇ-
جۇگىشىننى سىناپ: «قاشقىرنى قوتانغا باشلاپ كىرىپ، قاراۋ-
چىغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش بولۇپ قالارمىكىن؟» دېسەم، ۋۇ-
جۇگىشىن بۇنىڭغا پىسەن قىلماي: «قورقماڭلار، مەندە چارە بار»
دېدى.

ۋۇجۇگىشىن تېخى شىنجاڭدىن كەتمىگەن ۋاقىتتىلا
ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۇنى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ،
بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۈرۈش» سىياسىتىنى باشلىۋەتتى. ماچىڭ-
شىياڭ ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگراسىدا
چىقارغان قالايمىقانچىلىقىنى قوللىغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ غەرىزى
ۋەقەنى كېڭەيتىپ: گويانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۆڭگەپ، خەل-
قارادا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، جاھانگىرلارنى بۇ ئىشقا
ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. (بۇ دەل مارشالىلىنىڭ گومىنداڭ بى-
لەن گۇڭچەنداڭنى كېلىشتۈرىۋاتقان ۋاقتى ئىدى). بۇنداق قى-
لىش 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.
ئوسمان شىرىكلىرىنى توپلاپ، موڭغۇلىيە چېگرىسىنى پاراكەندە
قىلسىمۇ، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى تەرىپىدىن چې-
كىندۈرۈلدى. ئاتلىق 5 - كورپۇس ئەسكەر ئېۋەتىپ، قۇرال-
ياراق بىلەن تەمىنلەپ، ئوسماننىڭ قالدۇقلىرىنى توپلاپ،
كۆچۈك ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئىچىدە مەشىق قىلدۇرۇپ،
چېگرانى يەنە قالايمىقان قىلىشقا ئېۋەتتى. ئۇلار بىر قانچە
قېتىم بېسىپ كىرسىمۇ يەنىلا چېكىندۈرۈلدى. مۇشۇ جەريانىدا



ئازدۇر - كوپتۇر غەنىمەت ئالدى. غەنىمەت ئالغان قۇرال-
ياراقلارنى ئايرۇپىلان بىلەن نەنجىڭگە ئېۋەتىپ، ھەدەپ چوقان
كۆتەردى. ئۇلار موڭغۇلىيە دولەت مۇداپىئە قوشۇنلىرى ئىشلەت-
كەن قۇراللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن دەپ جار سال-
دى. ئۇلار بەيتىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ
ئورۇنلاشقانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق
جۇمھۇرىيىتىنى كۈشكۈرتۈپ شىنجاڭغا تەجاۋۇز قىلىشقا قارشىلىق
كۆرسۈتۈش ئۈچۈن بولدى دەۋالدى. مانا بۇ ئەكسىيەتچىلەر-
نىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئاتالمىش «بەيتىك» ۋەقەسىنىڭ
ھەقىقى كۆرۈنۈشى. بۇ شۇنداقلا ۋۇجۇگىشىن شىنجاڭدىن كەتكەن-
دىن كېيىنكى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قولغا
كەلتۈرۈش» سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققى قىلىشى.

ۋۇجۇگىشىن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، تۇرپان، توخ-
سۇن، پىچان ناھىيىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئامىسى قۇ-
راللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماچىڭشياڭ
ئەسكەر ئېۋەتىپ باستۇردى، خالىغانچە بۇلىدى، قىردى، ھەتتا
«كارىزلارغا يۇشۇرنىۋالغان پوخرالارمۇ ئەمىن تاپالمىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئالەمدىكى مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە»
دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالدامچىلىق
بىلەن تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ سىنىپىي كۈرەشنى ياپتى. بۇ يەنىلا
«بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قولغا كەلتۈرۈش» سى-
ياسىتىنىڭ داۋامى. ياپون جاھانگىرلىكى گوڭجۇغا بېسىپ كى-
رىشى ئالدىدا، جىياڭجيېشىنىڭ تاشلىۋەتكەن خوتۇنى بىلەن ۋۇ-

جۇڭشىنىڭ چوڭ خوتۇنى پانا تىلەپ لەنجۇغا كەلگەندە مابۇفاڭ كارامەت ئازادە كۈتۈۋالغان ئىدى. غەربىي - شىمال ئازات بولۇش ئەرپىسىدە، مابۇفاڭ گوجىچاۋنىڭ ئورنىغا غەربىي - شىمالنىڭ ھەربىي مەمۇرى باشلىقى بولۇشىغا، يۇقۇرقى ئىشلارنىڭ شاراپىتى بىلەن ۋۇجۇڭشىن ئارىغا چۈشكەن ئىدى.

## ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى ئۆلكىلىك پىرقە شىڭشىسەينىڭ جىياڭجېيشىغا يېقىنلاشقان دەۋرىدىكى پىرقە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرۇق ھەم سۇغاق يامۇلغا شۇنداقلا ئىشپىيونلار ئوچۇق - ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ۋۇجۇڭشىن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قوشۇمچە مۇدىر ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئەلۋەتتە دىتىغا ياقىدىغان شۇجىجاڭ (سېكرېتار) قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۇزۇن ئىشلىگەن بولغۇنۇم ئۈچۈن مېنى قول - چوماق قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئۇزۇن ئوتمەي چېنلىفۇ، چېنشىخاۋنى شۇجىجاڭ دەپ ئېلان قىلدى. ۋۇجۇڭشىن جوكۇنتيەن، زىڭشاۋلۇ ھەمدە مىللى خادىملاردىن قاسىم ھاجى، مانجۇلاردىن گۇاڭلۇ قاتارلىقلارنى ئۆلكىلىك پىرقەنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ كىرگۈزدى. چېنلىفۇ ئېۋەتكەن شىيۇگسۇن (جوڭتۇڭ-



نىڭ شىنجاڭدىكى كاتتىۋېشى) تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سۇنفۇشىڭلار شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. چېنشىخاۋ ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كەلگەندە مەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا باشلىق بولدۇم.

سوراق قىلىش ئومىگىنىڭ ئاساسلىق تايانچىلىرى جوڭتۇڭ ئادەملىرى ئىدى. سوراق قىلىش ئومىگى ئىشلىتىدىغان مەخسۇس دىيەنتەي ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلار شىيۇگسۇنىڭ قوماندانلىقىدا، تۈرمىدىكى ئىلغارلىقتا مايىل كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، پارچىلاش ۋە كوممۇنىستلارنى قانۇنسىز سوراق قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئىشلىرىنى خېلى ئىشلىدى.

1945 - يىلى 5 - 6 - ئايلاردا گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى 6 - قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. خۇاڭرۇجېن، لىنجىيۇگلار گەرچە 6 - قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەسئۇت قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىغىن ئىچى ۋە سىرتىدا شىڭشىسەيگە قارشى ئومۇمى ھۇجۇم قوزغىدى. جىياڭجېيشى شىڭشىسەينى ھىمايە قىلىپ: «شىڭشىسەي شۇنچىۋالا خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پۈتۈن شىنجاڭنى دۆلەتكە ئوتكۈزۈپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى» دىدى. شىڭشىسەينىڭ تەختتىن ئاغدۇرۇلغانلىقى ئاساسەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن بولغان ئىدى. بۇ توھپىتى باشقا ھېچقانداق كىشى ئوزىنىڭ قىلىۋالالمايدۇ. شىنجاڭ جىياڭجېيشىگە ئوتكۈزۈپ بېرىلمىدى. ئەكسىنچە بىر نەچچە يىل ئوتكەندىن كېيىن خەلققە - ئەسلى ئىگىسىگە ئوتكۈزۈپ بېرىلدى.

«چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن» شىڭ شىسەي تارىخنىڭ ئەخلەت دۆ-ۋىسىگە تاشلىنىپ، خەلق تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلاندى.

تەشۋىقات جەھەتتە، ھەيتلىك خاتىرىلەش پائالىيىتىنى كېڭ-گەيتىپ ئوتكۈزۈش ئارقىلىق سەنمىنجۇيىنى تەشۋىق قىلىش - يەنىلا بىر مۇھىم شەكىل ئىدى. لېكىن ۋۇجۇڭشىن پەقەت سۈڭ-جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ۋە جياڭجيېشىنىڭ تە-ھەببۇس قىلغان يېڭى ھايات ھەركىتى، خەلقنىڭ روھىنى ئو-مۇمىيۈزلۈك قوزغۇتۇش ھەركىتى قاتارلىق خاتىرە يىغىنلىرىغىلا ئۆزى قاتنىشىپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەدەنىيەت، سەنئەت سېپىدە ھەر مىللەت خەلقىنى زەھەر-لەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1945 - يىلى ئۆلكىلىك پىر-قىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسى شىنجاڭ مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. قەمبەرخان قاتارلىق مەشھۇر ناخشا - ئۇسسۇلچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بۇ ئۆمەكنى ئويۇشتۇرۇشتا ئۇلارنىڭ مەقسىدى، ئاساسەن جياڭجيېشىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان ئەكسىيەتچى فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۆلكىلىك پىرقە بىلەن مائارىپ نازارىتى رۇسىيە مۇھا-جىرلىرىنى زەھەرلەش ۋە تالىشىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئاتال-مىش ئاق ئورۇسلار، ئوكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن رۇسلار بولۇپ، چىن شۇرېن ئۇلارنى «ئاق ئورۇس ئارمىيىسى» قىلىپ قۇراش-تۇردى. قوماندانى باپىنگوت ئىدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى



تارتىپ ئالغاندا ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ «سىياسىي قوغداش» ئورگان-لىرى باپىنگوتنىڭ گېرمانىيىلىك بولۇپ، گېرمانىيە جاھانگىرلىك-نىڭ خەلقارا جاسۇسلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان (كېيىنكى ئىش-لارغا قارىغاندا بۇ ئەيىب ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنمىغان) لىقىنى سېزىپ، قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. قېپقالغان ئاق ئورۇسلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا ۋە چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرغۇچىلار دېگەن نام بىلەن - جۇڭ-گو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن مىللەت دەپ قارىلىپ شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ بىرى ھېساپلانغان. ئۇ چاغدىكى خەنزۇ ھۆكۈم-رانلار گورۇھى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن رۇس مىللىتىگە يەك ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر رۇس قىزنى (ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىس-مى يۈيەنچى ئىدى) ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، بىز ئەر-خوتۇن ئىككىمىز رۇسچە تىل ۋە تانسا ئۆگەندۇق. ۋۇ جۇڭشۇن-نىڭ قەيىنى ئىنىسى، شىن ياۋلىنمۇ بىر نەپەر ئاق ئورۇس قىزى روبا دېگەننى رۇسچە تىل ئۆگۈتۈشكە تەكلىپ قىلدى. كېيىن بىر - بىرسىنى ياقتۇرۇپ توي قىلدى. 1946 - يىلى 6 - 7 - ئايلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، مۇشۇ ئاق ئورۇسلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ نوپۇس تەۋەلىكى خىزمىتىنى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى ئىشلىگەن ئىدى. ئاڭلىشىمچە ساق-چى ئىدارىسى بىلەن ئاق ئورۇسلار ئوتتۇرا مەكتىۋى ئايرىم

ھالدا تىگى-تەكتىنى ئىگەللەپ كورۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ ۋە ئاق ئورۇسلار سوۋېت تەۋەلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىمايدىكەن دەپ يەكۈن چىقاردى. قارىغاندا تەكتىنى ئىگەللەش نامى بىلەن ئۇلارنى پاسسىپ قارشىلىق كورسۈتۈشكە قۇترىتقان.

## ۋۇجۇگشىن بىلەن جۇشياۋلياڭنىڭ ۋىدالىشىشى

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭجيېشى بىلەن يېقىنلاشقاندىن بۇيان، 8-جەڭ رايوننىڭ قوماندانى جۇشياۋلياڭ جياڭجيېشىگە ۋاكالىتەن شىڭ شىسەي بىلەن ئالاقە قىلدى. بۇلۇپمۇ ئاۋغۇست ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇشياۋلياڭ ئوتتۇردا كولدۇرلۇتۇپ يۈرۈپ ئاخىرى شىڭ شىسەينى چۈگچىڭغا يولغا سالدى. 1944-8-ئاينىڭ ئاخىرىدا چۈگچىڭ ھوكۇمىتى ۋۇجۇگشىننى شىنجاڭنىڭ رەئىسى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە يۈرەك توختىتالماي، جۇشياۋلياڭنى ۋاكالىتەن شىڭ شىسەيدىن ئولكىلىك ھوكۇمەت بىلەن ئامانلىقنى قوغداش سىلىڭبۇسىنى ئوتكۇزۇپ ئېلىشنى ھاۋالە قىلدى. شۇڭا جۇشياۋلياڭ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە خىزمەت كورسەتتىم دەپ ئوزىگە تەمەننا قويۇپ، «تيانشاندىن و قېتىم ئوتتۇم» دىگەن مەزمۇندا شېئىر يېزىپ ماختانغان. ۋۇجۇگشىن جۇشياۋلياڭغا نىسبەتەن باشتىن-ئاخىرغىچە



پايدىلىنىش، ھورمەت قىلغان بولۇپ، ئوزىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيەسىنى قوللاندى. ئۇ شىنجاڭغا كىلىپلا يېڭى زالىنىڭ خوجايىنى سۈپىتى بىلەن يېڭى زالغا (شىندالۇ) ئورۇنلاشتى. جۇشياۋلياڭ ئۇزۇن مۇددەت دۇڭخۇايۇەن (شەرقى باغچا) دە قانائەت قىلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا خوجايىن بىلەن مېھمان دىگەن پەرق چىقىپلا تۇراتتى. يۇقۇرىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركۈلۈش-زىددىيەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

ئەمەلى كۈچ جەھەتتە: جۇشياۋلياڭ گەرچە سىلىڭگۇەن (قوماندان) بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قوماندانلىق قىلىغىنى خۇزۇڭنەن قىسىملىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئۇ قۇرۇق جازا ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋۇجۇگشىننىڭ چىڭخەيدىن كەلگەن ئاتلىق 5-كورپۇستىن ئىبارەت ئارقا تىرىگى بار ئىدى. ئادەملەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جۇشياۋلياڭ گەرچە جياڭجيېشىنىڭ جاھىل مۇرىدى بولسىمۇ، جياڭجيېشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگۈچى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋۇجۇگشىن بىلەن جياڭجيېشى بىر-بىرى بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىدىغان، ئاكا-ئۇكا بولىۋالغان. بىر-بىرىگە، خوتۇن-بالىلىرىنى ھاۋالە قىلىشىدىغان، خۇددى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئىدى. شۇڭا ۋۇجۇگشىن ھېچنەرسىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. بولۇپمۇ جۇشياۋلياڭنىڭ لەنجۇدا ئابرويى توكۇلۇپ كەتكەن ئىدى. خوتۇنى قىزى، ئەيشى-ئەشرەت، كەيپى-ساپاغا بېرىلىپ، باشقىلارنى ئالداپ يانچۇق تولدۇرۇش يولىدا قىلغان ئەسكىلىكى ئالەمگە

پۈر كەتكەنلىكتىن جياڭجيېشى بۇنىڭدىن بەك نارازى ئىدى. ۋۇجۇڭشىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، جۇشياۋلياڭدىن قىلچىمۇ تەپ تارتمايتتى.

ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلياڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى، زاڭ ماللارنى تالىشىشتىن باشلانغان دېيىشكەنمۇ بولىدۇ. ۋۇجۇڭشىن دەسلەپتە ھەربىي مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ شىنجاڭدىكى باۋئەن سىلىڭبۇ (ئامانلىقنى ساقلاش شتاۋى) خىزمىتىنى جۇشياۋلياڭنىڭ ۋاكالىتەن ئۆتەپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان ئىدى. كېيىن ئۆلكە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇق جازا ئىكەنلىكىنى، باۋئەن سىلىڭبۇنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى دۇبەن مەھكىمىسىدە نۇرغۇن سوغا - سالام بۇيۇملىرى بارلىقىنى (مەسىلەن يۇڭ ئەدىيال، كۆچار كىرپىسى. دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، كەمپىت - شوكولات ۋە ھاراقلار بار ئىدى) بىلىپ، باۋئەن سىلىڭلىق ۋەزىپىنى جۇشياۋلياڭدىن ئېلىۋالدى. شىڭشىسەينىڭ 10 نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭ خەلقىنى تالان - تاراج قىلىپ توپلىغان دۇبەن مەھكىمىسىدىكى بۇيۇملارنى ۋۇجۇڭشىن ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، قىسقىسى جۇشياۋلياڭدىن مەزكۇر زاڭ ماللارنى ئېلىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا كەڭتاشا ئىشلەتتى. دېمەك بۇ زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپى بولاتتى.

شۇنىڭدەك ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلياڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كادىرلار جەھەتتىمۇ بار ئىدى. 8 - جەڭ رايونى باشى نازارەتچىسى بەنيۇ، ئەسلىدە جۇشياۋلياڭنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ «مال - مۈلۈكلىرىگە قارىغۇچى بالا» ئىدى. شۇنداقلا جۇشياۋلياڭنىڭ تېپىك مالىيى ئىدى. جۇشياۋلياڭ بەنيۇنى شىنجاڭ مالىيە نازىرى قىلماقچى بولدى. ۋۇجۇڭشىن بۇنىڭغا ئېتىراز قىلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جۇشياۋلياڭنىڭ 1 - نومۇرلۇق ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى جاڭشۈەنزىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئۈزۈنچە ئارقىغا سۈرۈپ شەھەر تەسىس قىلمىدى. ۋۇجۇڭشىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ داغ - دۇغا بىلەن چۆچەكتە ئېچىلغان 6 - قۇرۇلتايغا ماڭغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكى بىلەن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مەسئۇل ۋەزىپىسىنى زىڭشياۋلۇ بىلەن جىيىڭشياۋشەنلەرنىڭ مۇۋەققەت باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، «شىنجاڭ گېزىتى» قىسقا ئوبزور شەكلى بىلەن «مۇشتەرىلەردىن كەلگەن خەت» نامىدا بەنيۇ بىلەن جاڭشۈەنزى قاتارلىقلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى؛ ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدە شەھەر تەسىس قىلىندى. جاڭشۈەنزىنى شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلىمىدى. دېمەك بۇ ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشياۋلياڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا جياڭجيېشى ۋۇجۇڭشىن بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار گوجىچياۋنى 8 - جەڭ رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا يۆتكەپ، جۇشياۋلياڭنىڭ ئورنىغا قويدى. جۇشياۋلياڭ شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىن كەتتى.

## 4 - ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ گېزىتى

ئۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىردىن - بىر چوڭ گېزىت ئىدى. ئۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، رۇس تىللىرىدا نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلاتتى. قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا شۆبىسى بار ئىدى. ئەسلەپ كۆرسەم مەن مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر 3 - 4 يۈزگە يېتەتتى. دىمەك ئىشچىلار سىنىپى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئورۇن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل خىزمەت ئىشلىگەن، شىڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان رەھبەرلىك رولىنىڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بار- يوقلىقىنى بىر نىمە دېيىش ناھايىتى قىيىن، مەن ئۇ چاغدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. ئاز بولمىغان ئەكسىيەتچىل سۆز- ماقالىلىرىم ۋە ھەرىكەتلىرىم بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئارىلىقتىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئىمكانىيىتىنىڭ بىرىچە ئەسلەپ كۆرگەن بولساممۇ، ئېسىمگە كەلگەنلىرى چەكلىك



بولدى. پەقەتلا شۇ چاغدىكى ئۆزەمچە خۇشاللىنىپ يۈرگەن ياكى ماجرا بولغان ۋەقەلەر بىلەن سۆزلەرنىلا ئەسلىيالىدىم. بۇ ئىشلارنىڭ كۆپۈنچىسى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ئىدى. قولۇمدىكى چەكلىك بولغان ماتېرىياللار بويىچە يېزىپ، ئازدۇراق بولسىمۇ يىپ - ئۇچى بىلەن تەمىنلەشنى مەخسەت قىلدىم. شىنجاڭلىق يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈپ تولۇقلىشىنى ۋە تۈزۈتۈپ قويۇشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

## «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەشكىلى ۋە كادىرلىرى

ۋۇجۇڭشىن 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ چاغدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ نىيەنسى بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى لى شياڭيۇلەر تۇرمىدە ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتى قوشۇمچە رەئىس ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جۇ كۇنتيەن گېزىتخانىغا قوشۇمچە باشلىق بولدى. ئۆلكىلىك پەقنىڭ شۇجىجاڭى، ھەيئەت ئەزالىرى تۇرمىدىن چىقىقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن مېنى داۋاملىق مۇۋەققەت شۇجىجاڭ بولىسەن دېدى. چېن لىفۇ يېڭىدىن تەيىنلىگەن شۇجىجاڭ چېن شىخاۋ شىنجاڭغا يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا، ئاندىن مېنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى.

« شىنجاڭ گېزىتى » ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلى-
قىنىڭ قول ئاستىدا تەھرىر بولۇمى ۋە جىڭلىبۇ تەسىس قىلىنغان
ئىدى. تەھرىر بولۇمىدە باش تەھرىر بولۇپ بۇنىڭغا خەنزۇ،
ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، رۇسچە تەھرىر ئىشخانىلىرى قا-
رايتتى. جىڭلىبۇ قارمىقىدا باش جىڭلى بار ئىدى. ئۇنىڭغا
خوجۇلۇق، بوغالتىرلىق، تارقىتىش، ئېلان بۆلۈملىرى قارايتتى.
ھەمدە باسما ۋە قەغەز زاۋۇتلىرى قارايتتى گېزىتخانىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە باش تەھرىر لاگداۋخەنىڭ، باش
جىڭلى تيەنشىڭجۇ ئىدى.

لاگداۋخەنىڭ بولسا، ۋۇجۇگىشىنىڭ كەيۋەنىلىك يۇرتى-
شى بولۇپ، شىڭشىسەي بىلەن بىللە ياپونىيىدە ئوقۇغان ھەم-
دە « ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى »
دىگەنگە ئوخشاش ياتائىيەتلەرگە بىرلا ۋاقىتتا قاتناشقان،
كېيىن شىڭشىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن.
10 يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆزىنىڭ 3 تىن
2 قىسىم ۋاقتىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەم
ھەم سەممى ھەم يۇۋاش ئىدى، ھەمدە سىياسى قارا نىيىتى
يوق ئادەم ئىدى. باش جىڭلىنى ئەسلىدە جۇكۇنتيەن ئاللاپ
ئورۇنلاشتۇرغان، يۇمۇلاق تاۋۇز ئادەم بولغۇنى ئۈچۈن ئىككى-
مىزنىڭ مىجەزىمىز راسا كېلىشىپ كېتەلمەيتتۇق. ئۇچاغلاردا قەغەز
ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. ھەرقايسى ئىدارە باشلىقلىرىغا « مەر-
كەز » دىكى ئورگانلارغا ئىچكى ئۇلكىلەردىكى مۇشتىرىلارغىلا ئاق قە-
غەزگە بېسىپ تارقىلاتتى جەمئيەتكە تارقىتىلىدىغىنى ئۆزىمىزدە ئىش-



لەنگەن سامان قەغەزگە بېسىلاتتى « شىنجاڭ گېزىتى » باسماخانىسى -
ئۇچاغلاردا شىنجاڭدىكى بىردىن - بىر كولەمى چوڭراق باسما زاۋۇتى
بولۇپ گېزىت باسقاندىن تاشقىرى، ئىجتىمائى نەشرىياتچىلىق
كەسپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سىرتقا قارىتا ئاشكارا تىجارەت قىلاتتى.

## « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش بولمىغان ۋاقتى

ۋۇجۇگىشىن، جۇشىياۋلىياڭلار ئىككى يۈزلىمىلىك « خۇشىن-
دارچىلىق » سىياسىتىنى ئىزچىل لاشتۇرۇش ئۈچۈن، « شىنجاڭ
گېزىتى » نى قاتتىق كونتىرول قىلاتتى. گېزىتخانا جۇگياڭشې
(مەركىزى ئاگېنتلىق) نىڭ ھەر خىل قىسقا خەۋەر تېلېگىرا-
ممىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، كۆن ئارىلاپ ۋۇجۇگىشىن بىلەن
جۇشىياۋلىياڭنىڭ كورۇشىگە ئاپىرىپ بېرەتتۇق، ئۇ چاغلاردا
جىياڭجېيشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا
پاسسىپلىق قىلىپ، گوڭچەنداڭغا ئاكتىپ قارشى تۇراتتى،
شوڭا جۇڭگو گوڭچەنداڭىغا ھوجۇم قىلىدىغان
ماقالىلار ئىنتايىن كوپ ئىدى. ئۇلار بۇ خىل
ماقالىلارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلمايتتى.

گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرمىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى تۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن ئۇلار « ئوي
ئىچىدىكى سەتچىلىكنى سىرتقا ياياسلىق » دىگەن كوز قاراشتا
بولغانلىقى ئۈچۈن ئاكا - ئۇكا يول تالاشقاندەك گومىنداڭ

بىلەن گۇگچەنداڭنىڭ تالىشىشىنى « ئويدىكى سەتچىلىك » دەپ تونۇيتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى « يات ئادەملەر » دەپ قارايتتى. ئوز ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى تېچ يول بىلەن ھەل قىلالمىساق « يات مىللەت » لەرگە قانداق قىلالايمىز دەپ قارايتتى. مەن شىنجاڭ گېزىتىگە مەسئۇل بولغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ بۇ سىياسىتىنى ئەتايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇم. ۋۇجۇڭشىن گومىنداڭنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ باش كاتىۋى جاشىجى « مۇشتىرىلاردىن خەت » شەكلى بىلەن « شىنجاڭ گېزىتى » دە جۇشياۋلياڭنىڭ سەنمۇجاڭى شاڭ چاۋجۇڭنىڭ كىچىك ماشىنا بىلەن بېشى قايغان يەرگە قاتراپ پاھىشە ئويناپ يۇرگەنلىكىنى، بەن جېن بىلەن جاڭ شۆەنزىلەرنىڭ ئورۇمچى مەركىزىي بانكىنىڭ جەمگىلىسى مايەنجاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەربىي ئايرۇپىلان ۋە ئاپتوموبىللاردىن پايدىلىنىپ قوشۇمچە سودىگەرچىلىك قىلىپ، ئالتۇن ئېلىپ ساتقانلىقى، بازارلارنى تىزگىنلىۋالغانلىق پاكىتلىرىنى پاش قىلدى. مەنمۇ بۇنى قىسقا ئوبزور شەكلى بىلەن قوللىدىم. مەن بۇ ماقالام بىلەن جۇشياۋلياڭنىڭ چىشىغا راسا تەگدىم. ئۇ بىر قېتىملىق پىرقە، ھوكۇمەت، ئارمىيە بىرلەشمە يىغىنىدا گېزىتچىلىك ئۇستىدە توختىلىپ « ئوي ئىچىدىكى سەتچىلىكنى سىرتقا يايماسلىق » نى سەۋەپ قىلىپ بۇ قىسقا ئوبزور ۋەقەسىنى سۈرۈشتە قىلدى. ھەم ئەيىپلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى غەربىي زالدا ئوتكۈزۈلگەن چوڭ زىياپەتتە



جۇشياۋلياڭنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى تاڭ ۋىدۇڭ مېنى سەھنە ئارقىسىغا چاقىردى. قولىدا تاپانچا، ئاغزىنى بۇزۇپ ماڭا قاتتىق تەھدىت سالدى. بىر كۈنى بىر ئايال مۇخبىر ( ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم ) بىر پارچە ماقالە يازدى. ماقالىسىدا جۇنتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى كاتىۋىشى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خوگۇجېن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلاردىن 4، 5 قىزنىڭ نومۇسىغا تەككەنلىكىنى پاش قىلغان ئىكەن. بۇ ماقالە توغرىسىدا مەن ۋۇجۇڭشىندىن « يوليورۇق » سورىغانىدا ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى، گېزىتكە بېرىش كېرەكمۇ — يوق، تاشلاپ قويسا قانداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە گەپ قىلدى. مەنىسى « بۇنى سوراپ نىمە قىلاتتىڭ » دېگەندەك ئىدى. خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەن مەندەك سىياسەتۋاز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ماقالىنى باستۇرۇپ قويۇشۇم تەبىئى ئىدى. شۇ چاغنىڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ھەربىي ئەمەلدار جۇشياۋلياڭنىڭ ئالدىدا ئەيىپكار بولۇشتىن قورقمايتتۇق، ئەكسىنچە جۇنتۇڭ خوگۇجېندىن قورقاتتۇق.

## شىنجاڭ گېزىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ « بەيتىك ۋەقەسى » نى پەيدا قىلغان ۋە پىلانلىغانلىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى

تۇغرىسىدا، ماقالەمنىڭ 3 - قىسمىدا بايان قىلغان ئىدىم. 1946 - يىلى باھار تۈگەپ ياز كېلىۋاتقان ۋاقتى، دەل ئوسمانىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، نەچچە قېتىم بېسىپ كىرىپ، نەچچە قېتىم چېكىنىپ چىققان ۋاقتى ئىدى. شۇ چاغدا، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى ۋە ۋۇجۇڭشىنىڭ سەركاتىۋى جاڭ جىنپىيىلەر ئاتلىق 5 - كورپۇس ئۈچۈن كۆيپاكچىلىق قىلاتتى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ پۈتۈن بېتىگە 5 - كورپۇس جۇنجاڭى ماچېڭشاڭنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش تۇغرىسىدىكى ئېلانىنى باستى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى ئىچىدە پەقەت جياڭجېيشى بىلەن سولشىلىن توي قىلغاندا ئادەمنىڭ غىدىغىنى كەلتۈرىدىغان ئېلان شەكلىنى قوللانغان ئىكەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەكسىيەتچىلەر ھەدەپ شەرقىي - شىمال مەسىلىسىنى داۋراڭ قىلىشقا باشلىغانلىقتىن، بولۇپمۇ يالتا كېلىشىمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى زىيالىيلار سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت 3 دۆلەت ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ماقۇل بولدى ۋە شەرقىي شىمالدىكى ئىككى يول (ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي مانجۇرىيە) ئىككى پورت لويشۈن (پورت ئارتۇر) دالىيەن (دايرەن) نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋەتتى دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، گۇڭچەنداڭغا قارشى تەتۈر قۇيۇن چىقاردى. «شىنجاڭ گېزىتى» مۇ ئەلۋەتتە ئارقىدا قېلىشنى خالىمايتتى. لېكىن ئۇلار ئىچكى



ئۆلكىلەرنىڭ گېزىتلىرىدىكىگە ئوخشاش يۈرەكلىك ئىش قىلالمايتتى. پەقەتلا ئەسىرگە چۈشكەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خادىملىرى بىلەن قۇراللىرىدىن ئىبارەت پاكىتنىلا تۇتۇۋېلىپ، «كىم - كىملەر ئۈچۈن كەتمەن چېپىۋاتىدۇ - بۇ ئوچۇق گەپ ئەمەسمۇ» دېگەن تېمىدا بۇرمىلانغان خەۋەرلەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قورال بىلەن تەمىنلەپ تەجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە قوزغاتقان دەپ ھاقارەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتىن، جاڭ جىرجۇڭ، جاڭ جىنپىينى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇردى. (بۇ چاغدا جاڭ جىرجۇڭ رەئىس بولغان ئىدى)

## 5 - ئۈرۈمچىدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە شەھەرلىك مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى سايلىمىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى

مېنىڭ بىلىشىمچە شەھەرلىك سەن يىغىنى «سايلام» ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۆلكىلىك سەنيىغىنى بولسا ئۆلكە رەئىسى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرىنىڭ ئادەم كۆرسىتىپ بەلگىلەپ بېرىشى بويىچە سايلانغان. مەن ئۆلكىلىك سەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان بولسام، لېكىن ئۇ چاغدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىمدىن

بۇ ئىشلار بىلەن كارىم بولمىغان ئىدى. بۇ يەردە مەن پەقەت شەھەرلىك سەنىيەخۇينىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىلا توختۇلۇمەن. شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى سۆزلەيدىغان بولساق گەپنى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇشتىن باشلاشقا توغرى كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدە شىڭشىسەي دەۋرىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش ھەيئىتى بار ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، جۇشياۋلياڭنىڭ كېيوغلى جاڭشىۋەنزى شەھەرلىك ھوكۇمەتكە تەييارلىق كورۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

1945 - يىلىنىڭ 7 - 8 - ئايلىرىدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قۇراللىق كۈچلىرى ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كەلگەندە ئولكە مەركىزى تەۋرىنىپ، خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ھەدەپ ئىچكى ئولكىلەرگە قاچقىلى باشلىدى. 9 - 10 - ئايلاردا، چۇڭچىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا تېچلىق سوھبىتى ئوتكۈزۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ھەققى بىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، جاڭجىجۇڭنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئېلىپ بارىدىغان ۋەكىللەر ئومىكى تېخى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. لېكىن جىددى ۋەزىيەت پەسەيمىگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىگى تېخى جايىغا چۈشمىگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئولكىلىك ھوكۇمەت ئۈشتۈمتۇتلا ئۈرۈمچىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1945 - يىلى 5 - 6 ئايلاردا گومىنداڭ 6 - قۇرۇلتاي



ئېچىۋاتقان مەزگىلدە جياڭجيېشى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا جۇڭگو گوڭچەندانىڭ تەرەپ، سىياسىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، مەملىكەت بويىچە ئومۇمى سايلامنى يولغا قويۇش، ھاكىمىيەتنى ئۇچۇق يولغا قويۇشنى تەكىتلەۋاتاتتى. ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى خاۋلېيس يىراق يوللارنى بېسىپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلدى. خېرلى قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ بىلەن گوڭچەندانىڭ مۇناسىۋىتىنى كېلىشتۈرگىلى كېلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇنداقلا جياڭجيېشى ساختا دېموكراتىيە ئويۇنلىرىنى ئويناپ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش، گوڭچەنداڭنى ئالداشنى ئاپشۇراتتى. 1944 - يىلىدىكى ئاۋغۇست ئوزگۈرۈش مەزگىلدە، خاۋلېيس مۇسكۇۋادىن چۇڭچىڭغا بېرىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە ئىككى كۈن تۇردى. شىڭشىسەي داغدۇغلۇق كۈتۈۋالدى. خاۋلېيس بۇ چاغدا بىر زىياپەت سۆزىدە بىر نەچچە جۈملە سۆز قىلىپ، شىڭشىسەينىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىغا نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خاۋلېيس جياڭجيېشىغا شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رايون ئىكەنلىكىنى، دېموكراتىيەنى يولغا قويۇپ ھەر مىللەت خەلقىنى يىنىغا تارتىشنى تەكىتلىگەن، ۋۇجوڭشىنغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭنىڭ ئولكە مەركىزىدە شەھەرلىك ھوكۇمەت قۇرۇش، سايلام ئوتكۈزۈش، يىل

ئاخىرىسىدىن بۇرۇن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشىنى قۇرۇپ بولۇش كېرەك دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى. مىنى شەھەر باشلىقىغا كورسەتتى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ پەقەت خەۋىرىم يوق ئىدى. بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يۇقۇرىدىكى جەريانلاردىن خەۋەر تاپتىم. مەن ئەسلىدە «يېڭى مەستانىسى» ئىدىم. بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختا «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» دىگەنلىرىدە چىڭ تۇراتتىم. دەل مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزەمنى بىر كورسۇتۇپ قويماقچى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ئىجرا قىلىشقا كىرىشتىم.

گومىنداڭنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، شەھەرلىك مەسلىھەت كېڭەشى «سايلام» ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىشى لازىم ئىدى. ئومۇمى سايلامنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رايونلۇق هوكۇمەت قۇرۇپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشكە توغرى كەلدى. سايلامغا نازارەت قىلغۇچى دىڭ شاڭخەي بىلەن ئىككىمىز ھەر قانداق كىشىنى سايلاشقا بولىدۇ، دەپ كەپ سېتىپ يۈرگەن بولساقمۇ، شۇنىڭدەك ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئېتىۋار بېرىمىز دىگەننى نىقاپ قىلغان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە كورسۇتۇلگەن نامزاتلار ئىچىدىن، شەخسەن ئۆزىمىز ياخشى كورىدىغان ئادەملەردىن خوخەنچى بىلەن ۋالىلوشىڭلەرگە بېرىلگەن ئاۋاز كوپ بولمىسىمۇ، لېكىن بولارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بوش قالغان كاتەكچىلەرگە تولدۇرۇپ قويۇش چارىسى



ئارقىلىق سايلاشقا ئىگە قىلدۇق. بۇ بىر چوڭ ئالدامچىلىق بولۇپ، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسىنىڭ قارا كورۇنۇشلىرى ئىدى.

مەن شەھەرلىك سەنيىخۇينىڭ 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ قارارىدىن پايدىلىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنى تالاشتىم. ھەممىدە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ 3 يىللىق پىلانى ئارقىلىق، ئوزەمنىڭ هوقۇقۇمنى ئىرىشىپ كۆچەيتىشكە ئورۇندۇم. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇخەندۇڭ جۇنتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتىۋىشى بولۇپ، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خوگۇجىننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. خوگوجىن بولسا خورىگى ئۈستۈن، ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان، ئائىلىسىدە داڭلىق ئاشپىزى بار، مېھماندارچىلىقى جىق، ھالى رەئىستىنمۇ چوڭ ئادەم ئىدى. مەن شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە تەگىش قىلدىم. ۋۇجۇگىشىن ماڭا: «ھازىر ۋەيرانلىق ھالەتنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى، سىزنى شەھەرگە باشلىق قىلىشتىن مەقسەت مۇھىمى سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى يېتىشتۈرۈش، ئىچكىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ياخشىراق چىقىش يولى تېپىۋېلىشقا يارىدەم بېرىش. ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىش، ھازىر پەيتى ئەمەس» دىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ چاغدا مېنىڭ يېشىم كىچىك تارىخىم قىسقا بولغاچقا، ليۇخەندۇڭ ماڭا تېز پۈكۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم، شۇڭا ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىگى مەسىلىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدۇم.

شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ 3 يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى، گەرچە شەھەر قۇرۇلۇشى پىلان ھەيئىتى سەنيىخۇيدا ئوتتۇرىغا قوي-

غان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۆزەم تۈزەپ چىققان نەرسەم ئىدى. ئەسلى پىلاندا پۈتۈن شەھەرنى سىياسى، مەدەنىيەت، سودا، سانائەت، ئولتۇراق جاي، مەنزىرىلىك جاي دەپ بىر قانچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش رايونى قىلىپ قۇرماقچى ئىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىدى. يوللارنى كۆپەيتىپ ياساش، ئۈرۈمچى دەرياسىنى رېمونت قىلىش، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش شىركىتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولغان ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بۇ ئويلىغىنىمىز بىر خىل ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خام خىيال بولۇپ، ئاساسەن خەلقنى ئالداش ئىدى.

تۇرسۇننىياز تۇردىيوۋ تەرجىمىسى

新疆文史资料选辑（5）（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆工学院印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　11印张
1982年1月第1版　1982年2月第1次印刷
印数：1—10,000

统一书号：M 11098·90　定价：0.62元
（内部发行）